# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学

2

1983

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كارل ماركس — ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىسى ........ ئۇيغۇر سايرانى 1
مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
راۋاجلىنىشى ........................................ گۇباۋ
........................................ (ئىمىن يۈسۈپ تەرجىمىسى) 13
قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە — «قۇتادغۇ
بىلىگ» توغرىسىدا ........................................ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 30
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى قانۇن، بىلىم،
ئەخلاق پەلسەپىسى توغرىسىدا ........................ ھەمتىمىن يۈسۈپ 61
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ..............
........................................ ئابدۇشۈكۈر تۇردى 85
قازاق كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ....................
........................................ بولانتاي دوسجانىن 111
شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات توغرىسىدا دەسلەپكى
مۇلاھىزە ........................................ لىيۇبىنىڭ
........................................ (يۈسۈپ ھۈسەيىن تەرجىمىسى) 135
تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش (1 - قىسىم)
........................................ شۆي زۇڭجېڭ
........................................ (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى) 164

1983/VII-20

# كارل ماركس — ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىسىدۇر

## (ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئۇيغۇر سايرانى

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇستازى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كارل ماركسنىڭ ۋاپاتىغا توپ - توغرى 100 يىل بولدى.

ماركسىزم — ماركسنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىدۇر. ماركسىزم تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنلىرى توغرىسىدىكى، ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى، بارلىق ئەللەردە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى توغرىسىدىكى، كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى پەن - ئىلىمدۇر.

لېنىن: «ماركس تەلىماتىدىكى بىر ئاساسىي نۇقتا — سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان پرولېتارىياتنىڭ دۇنياۋى تارىخىي رولىنى شەرھلەپ بەرگەنلىكى». («ماركس تەلىماتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى» «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (پەلسەپە قىسمى) ئۇيغۇرچە نەشرى، 12 - بەت) دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ماركسىزم 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە كاپىتالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلىپ، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەندە ھەمدە پرولېتارىيات مۇستەقىل ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققاندا مەيدانغا كەلدى. ماركسىزم پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئېزىلگۈچى ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماركسىزم سىنىپىيلىكى، ئىنقىلاۋىيلىقى، پارتىيىۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان پەندۇر. كونا دۇنيانى تەنقىت قىلىدىغان ۋە يېڭى دۇنيانى يارىتىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالدۇر. شۇڭلاشقا لېنىن: «سىنىپتىن خالىي سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ۋە سىنىپتىن خالىي سىياسى توغرىسىدىكى تەلىماتلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىۋېدى» (يۇقۇرقى كىتاب 14 - بەت) دېگەن.

ماركسىزمنىڭ تارىخى — ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخدۇر.

# كارل ماركس — ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ ئاساسچىسى

ماركسىزىم ئەسىرى ماركس ياشىغان دەۋر ۋە تېرىتورىيە دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ ئۆتۈپ كەتتى. پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تارقالدى. كوممۇنىزىم ھەركىتىمۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك ھەركەت بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ماركسىزىمنىڭ ئىدېولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇلۇغ غەلىبىسىدۇر. ماركسىزىم ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن قوشۇلغاندا چوڭ بىر ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى ئارقىمۇ — ئارقا بوسۇپ ئۆتۈپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەردە غەلىبە قىلدى. لېنىنىزىم چېتەكچىلىكىدە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشى؛ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە باشقا كۆپلىگەن مەملىكەتلەردىكى ئىنقىلاپلارنىڭ غەلىبە قىلىشى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزىمنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ھەر بىر دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت ئىنقىلاۋى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ماركسىزىم تەلىماتى 19 — ئەسىردىكى ئىجتىمائى پەن ۋە ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىللىرى تەلىماتىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. لېنىن: «ماركس تەلىماتى — ئىنسانىيەتنىڭ 19 — ئەسىردە ياراتقان ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يەنى نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسى، ئىنگلىز كلاسسىك سىياسى ئىقتىسادى، فرانسۇز خىيالىي سوتسىيالىزىمنىڭ مۇقەررەر ۋارىسى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ماركس ئۆزىدىن ئاۋالقى ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەنقىدىي كۆز بىلەن قايتا ئىشلەپ، ئىجتىمائى پەن ساھەسىدە چوڭ بىر ئىنقىلاپنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ماركس ئۆز تەلىماتىنىڭ ھەيئىيەسى ۋە تەركىۋىي قىسمى بولغان نېمىس پەلسەپىسىنىمۇ، ئىنگلىز سىياسى ئىقتىسادىنىمۇ ۋە فرانسۇزلارنىڭ سوتسىيالىستىك تەلىماتىنىمۇ قايتا ئىشلىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى.

مەن ماركس تەلىماتىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى بولغان ئىلمىي سوتسىيالىزىم ئۈستىدە ئۆز پىكىرلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئېنگېلس 1877 — يىلى: «بىز ماركسنىڭ ئىككى چوڭ كەشپىياتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارمىز. بۇ كەشپىياتلارنىڭ بىرىنچىسى — تارىخنى ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەردىن چۈشەندۈرگەنلىگى؛ ئىككىنچىسى — قوشۇمچە قىممەت ۋاستىسى ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىغانلىغى. مانا بۇ كەشپىياتلار تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزىم خىيالدىن پەنگە ئايلاندى. ھازىرقى ۋەزىپە مانا مۇشۇ پەننى ھەممە تەرەپتىن ئاۋال، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ بارلىق تەپسىلاتلىرىغىچە، ھەممە باغلىنىشلىرىغىچە تەتقىق قىلىپ چىقىشتۇر» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ماركسقا قەدەر كىشىلەر تارىخنى ئىدىيالىستىك ئاساستا چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرۈپ

كەلگەن ئىدى ، يەنى تارىختىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئىزدەش كېرەك ، تارىختىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى سىياسى ئۆزگىرىش بولۇپ ، بۇخىل سىياسى ئۆزگىرىش تارىخنى بەلگىلەيدۇ ، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى .

ئېنگېلس يەنە : « مۇشۇ ئىككى كەشپىيات بىر ئادەمنىڭ هاياتى ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى . مۇبادا ، بىرەر ئادەم مۇشۇ كەشپىياتلارنىڭ بىرىنى باشقا ئېلىپ چىققان بولسىمۇ ، ئۇ ئادەم بەك بەختلىك هېساپلانغان بولاتتى ، ئەمما ماركس ئۆزى تەتقىقات ئېلىپ بارغان هەممە ساهەلەردە ، هەتتا ماتېماتىكا ساهەسىدىمۇ مۇستەقىل كەشپىياتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى . ماركس تەتقىقات ئېلىپ بارغان ساهەلەر ئاز ئەمەس ئىدى . بۇ ساهەلەرنىڭ هېچقايسىدا ئۇ يۈزەكى ئىشلىگەن ئەمەس ...... پەننىڭ بۇ ئەربابى مانا شۇنداق ئىشلىگەن ئىدى ...... ماركس ئىلىم – پەننى تارىختىي جەھەتتىن هەرىكەتلەندۈرگۈچى ۋە ئىنقىلاۋىي كۈچ دەپ هېساپلايتتى » دەپ كۆرسەتكەن ئىدى ( « ماركس . ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » رۇسچە نەشرى ، 2 – توم ، 119 – ۋە 128 – بەتلەر ) . ماركس دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىنى جەمئىيەتتىكى هادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا قوللىنىپ ، تارىختىي ماتېرىيالىزمنى، يەنى تارىخنى ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشىنىشنى ياراتتى ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ماركسنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە تەتبىق قىلىش جەريانىدا ياراتقان نەزەرىيىسى « تارىختىي ماتېرىيالىزم » دەپ ئاتىلىدۇ . دېمەك ، تارىختىي ماتېرىيالىزم ــ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەندۇر .

« ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشى تۆۋەندىكى قائىدىلەرنى ئاساس قىلىدۇ : ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئەگىشىپ كېلىدىغان مەهسۇلاتلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ــ بارلىق ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ ئاساسى ؛ تارىختىي يوسۇندا كېلىپ چىقىدىغان هەر بىر جەمئىيەتتە مەهسۇلاتلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدىغان جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا ياكى تەبىقىلەرگە ئايرىلىشى نېمە ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى بىلەن، قانداق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى ۋە مەهسۇلاتلارنىڭ قانداق ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ » ① .

« بىز جەمئىيەت تارىخىنىڭ هەل قىلغۇچ ئاساسى دەپ هېساپلاپ كەلگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر مەلۇم جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆز ئارا مەهسۇلات ئالماشتۇرۇش ( ئىش تەقسىماتى بولغان ئەھۋالدا ) ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ترانسپورتنىڭ هەممە تېخنىكىسىنى ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنداق تېخنىكا ، بىزنىڭ نۇقتىئىنەزىرىمىزدىن قارىغاندا ، ئىينى ۋاقىتتا مەهسۇلات ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى شۇنداقلا تەقسىمات ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ كەلدى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇرۇقداشلىق

① ف . ئېنگېلس « دىيۇرىنگغا قارشى » ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 511 – بەت .

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتنى يىمىرىلگەندىن كېيىن سىنىپلارغا بۆلۈنۈشىنىمۇ بەلگىلەپ كەلدى. ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە قۇل قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ كەلدى، دۆلەتنى، سىياسىنى، قانۇننى ۋاھاكازالارنىمۇ بەلگىلەپ كەلدى.»① 

ئىنسانىيەت تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولغۇسى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەپلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرى ۋە ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىن ئىزدىمەستىن، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن، جەمئىيەتتە مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇشتا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئىزدەش لازىم. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تۈپلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەپلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ ئىدىيە، پەلسەپە قاتارلىق ئۈستقۇرۇلمىسىدىن ئىزدىمەستىن، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ئىزدەش لازىم. ماركس: «كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئۇلارنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ.» «بىز بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىنى ئاساس قىلالمايمىز، شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇنداق بىر ئۆزگىرىش دەۋرىگە باھا بېرىشتىمۇ ئۇنىڭدىكى ئاڭنى ئاساس قىلالمايمىز، ئەكسىچە، بۇ ئاڭنى ماددىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەتتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت توقۇنۇشتىن چۈشەندۈرۈش كېرەك»② دەپ كۆرسەتتى.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى، راۋاجلىنىشى — جەمئىيەتنى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى — جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەمدۇر.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، دېگەن تۈپ قائىدىسى بار. ئەمما بۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇيغۇن بولماي قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ، شۇنداق پەيت تۇغۇلۇپ قالغاندا، بۇلارنى ئۆز - ئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، بۇ، ئىنقىلاپ ئارقىلىق بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆز - ئارا ئۇيغۇن بولماسلىقى بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز - ئارا زىددىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا مۇشۇ زىددىيەت پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچتۇر. لېنىن: «پۈتكۈل تەرەققىياتنىڭ ئاساسى

① «ئېنگېلىسنىڭ ۋ. بورگىئۇسقا يازغان خېتى» «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (پەلسەپە قىسمى)، ئۇيغۇرچە نەشرى، 212 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم (I)، 18 - ، 19-بەتلەر.

ۋە ئۇنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى سىنىپلارنىڭ كۈرىشىدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ («ماركسىزىمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىبىي قىسمى» دىن).

تارىخىي ماتېرىيالىزىمدا بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما دېگەن ئۇقۇملار بار. بازىس ئۆز ئىچىگە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئورنىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىنى ئالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك، جەمئىيەتتىكى سىنىپلار ۋە گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، ماددىي بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىمات قاتارلىقلار بازىسقا كىرىدۇ. بازىس ئوبيېكتىپ مەۋجۇت نەرسە بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس.

ئۈستقۇرۇلما جەمئىيەتتىكى ئىدىيىلەر ۋە شۇ ئىدىيىلەرگە مۇناسىپ مۇئەسسەسەلەردۇر؛ مەسىلەن، دۆلەت، سىياسىي پارتىيىلەر، سىياسىي ئىدىيىلەر، پەلسەپە، سەنئەت، ئەخلاق، دىن قاتارلىقلار ئۈستقۇرۇلمىغا كىرىدۇ. بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا يېقىن - زىچ مۇناسىۋەت بار. بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، ئۈستقۇرۇلمىمۇ بازىسقا ئەكس تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزىم ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي فورماتسىيىدىكى دائىم راۋاجلىنىپ تۇرىدىغان جانلىق ئورگانىزىم دەپ قارايدۇ. بۇ جانلىق ئورگانىزىم ئۆز ئىچىگە ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى - روھىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز - ئارا ئىچكى جەھەتتە باغلىنىشلىق بولغان بىر پۈتۈن شەيئى سۈپىتىدە ئالىدۇ.

ئادەملەر ئىلىم - پەن، سەنئەت، دىن، پەلسەپە، سىياسەت قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئاۋال، تاماق يېيىشى، چاي ئىچىشى، كىيىم - كېچەك كىيىشى، ئۆي ئىمارەتتە تۇرۇشى لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ لازىم بولىدىغان ماددىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش كېرەك. تۇرىدىغان ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش كېرەك. ماددىي بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىلمىسا جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شۇڭلاشقا، ماددىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ماددىي ھايات جەمئىيەتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاساسىدۇر. روھىي ھايات يەنى ئىدىيىگە ئىنائىت نەرسىلەر ماددىي ھاياتنىڭ ئىنكاسىدۇر.

ماركسنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزىم توغرىسىدىكى تەلىماتىنى يىغىنچاقلىغاندا، مانا شۇلاردىن ئىبارەت. ماركسنىڭ بۇ تەلىماتى بويىچە تارىخنى قەھرىمانلار، ئايرىم شەخسلەر ياراتمىستىن، بەلكى خەلق ئاممىسى يارىتىدۇ، دېگەن خۇلاسە ئۆز - ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ماركسنىڭ ئىككىنچى چوڭ كەشپىياتى — كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كاپىتالىستلار ئىشچىلارنى قانداق قىلىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئېچىپ بېرىش بولدى . ماركسقا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، بەزىلەر سىياسى ئىقتىساتتا، جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق بايلىق ۋە قىممەتنىڭ مەنبەسى ئەمگەك، دىگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ياللانما ئىشچىنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياراتقان قىممەتنىڭ قانداق قىلىپ كاپىتالىست قولىغا ئۆتۈپ قالىدىغانلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن ئىدى . بۇنى ماركس ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرەلىدى .

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىككى ئىجتىمائى سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ . بىرىنچىسى — بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولۇپ تۇرغان كاپىتالىست بولۇشى كېرەك . ئىككىنچىسى — ئۆزىنىڭ ئىشچى كۈچىدىن باشقا، قولىدا ھېچنىمىسىمۇ يوق پرولېتارىيات بولۇشى كېرەك . بۇ ئىشچى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەمىن قىلىشى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئىشچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىستېمال قىلىدىغان يېمەك - ئىچمىكىگە كېتىدىغان راسخوتى 6 سائەتلىك ئەمگىكى بىلەن يارىتىلغان قىممەتكە باراۋەر دىسەك، ياللانما ئىشچى بىر كاپىتالىست ئۈچۈن 8 ، 10 ياكى 12 سائەت ئىشلەيدۇ . باشقا ئارتۇق ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى ياراتقان قىممىتى كاپىتالىستىنىڭ يانچۇقىغا كىرىدۇ . مانا شۇ پۇل تۆلەنمىگەن ۋاقىتتا يارىتىلغان قىممەتنى قوشۇمچە قىممەت دەيمىز . بۇ قوشۇمچە قىممەت كاپىتالىست تەرەپتىن ئۆزلەشتۇرۇۋېلىنىدۇ . كېيىن ئىقتىسادىي قانۇنلار بويىچە بارلىق ئەمگەك قىلماي كېيىن كورىدىغان سىنىپلار تەرىپىدىن بولۇپ ئېلىنىدۇ . كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ سىرىنى ماركس ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بەردى. ماركسنىڭ بۇ ئىككى كەشپىياتى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسى بولماقتا .

كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئىللەتلىرى — ئادەمنى ئادەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، ھەممىلا ئىشتا پۇلنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورۇندا تۇرۇشىدا . مانا بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى فرانسىيە ئىنقىلاۋى ۋاقتىدىكى « ئەركىنلىك » ، « باراۋەرلىك » ، « مېھرىبانلىق » دىگەن جارافلىق شوئارلارغا زىت كېلىشى ئوز ۋاقتىدىكى ئىلغار ئادەملەرنى مەزكۇر مەۋجۇت جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى . فرانسىيەدىكى سېن سىمون ( 1825 — 1760 ) ، شارل فۇرىيې ( 1837 — 1772 ) ، ئەنگلىيەدىكى روبېرت ئوۋېن ( 1883 — 1771 ) قاتارلىق مەشھۇر زاتلار كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تەنقىت قىلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش كويىدا يۈرگەن ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ . ئەمما، بۇ ئادەملەر جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىنى چۈشەنمىگەچكە، جەمئىيەتتىكى بۇ ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە سۇبيېكتىۋىزم ۋە ئىدىيالىزم مەيدانىدا تۇردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدىكى ئوي - پىكرى، تەشەببۇسلىرى رىيال ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئايرىلغان، ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن

بولمايدىغان قۇرۇق خىيال، فانتازىيە ـ ئۇتوپىيىلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئادەملەر تارىختا سوتسىيال ئۇتوپىستلار (خىيالىي سوتسىيالىستلار) دىگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماركسىزم مەيدانغا چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئۇتوپىك سوتسىيالىستلارنىڭ تەلىماتلىرى ئىلمىي ئەمەس ئىدى.

ئۇتوپىك سوتسىيالىزم كاپىتالىزم ئەندىلا تەرەققى قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا مەيدانغا چىقتى. كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ ئانچە تەرەققى قىلىپ يېتىلمىگەن ئىدى. مانا مۇشۇ تارىخىي ۋەزىيەت سوتسىيال ئۇتوپىستلارنىڭ كوز قاراشلىرىنى بەلگىلىدى. ئېنگېلس بۇ ئەھۋالنى توۋەندىكى سوزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ: „كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن ئەھۋالىغا، پىشىپ يېتىلمىگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئوز لايىغىدا پىشىپ يېتىلمىگەن نەزەرىيىلەر ئۇيغۇن كەلدى.„ ئېنگېلس „پىشىپ يېتىلمىگەن نەزەرىيە„ دىگەندە، ئۇتوپىك سوتسىيالىستلارنىڭ خىيالىي تەلىماتلىرىنى كوزدە تۇتقان ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دا ۋە باشقا كوپلىگەن ئەسەرلىرىدە، ئۇزلىرىدىن ئاۋالقى سوتسىيالىستلارنىڭ تەلىماتلىرىنى قاتتىق تەنقىت قىلدى.

سوتسىيال ئۇتوپىستلار كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرىنى ئېچىپ كورسىتىپ بېرەلمىدى؛ پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي رولىنىمۇ كورسىتىپ بېرەلمىدى. لېنىن «ماركسىزمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىبىي قىسمى» دىگەن ئەسىرىدە، 19 ـ ئەسىردىكى سوتسىيال ئۇتوپىستلارنى توۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ: „ئۇلار كاپىتالىستىك جەمىيەتنى تەنقىت قىلاتتى، ئەيىپلەيتتى، قاغايتتى، يوقىتىش خىيالىدا بولاتتى، ياخشىراق تۈزۈمنىڭ چىقىشى توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، دەپ بايلارغا نەسىھەت قىلاتتى. بىراق خىيالىي سوتسىيالىزم ھەقىقى نىجات يولىنى كورسىتىپ بېرەلمىدى، ئۇ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكى ياللانما قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى، يېڭى جەمىيەتنىڭ ئىجاتچىسى بولالايدىغان ئىجتىمائى كۈچنىمۇ تاپالمىدى.„ ماركس ياراتقان ئىلمىي سوتسىيالىزم جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىغا ئاساسلانغان بولغاچقا، ئۇ بىر پۈتۈن سىستېمىلىق پەنگە ئايلىنالىدى.

ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى بار بولۇپ، بۇلار تولۇق، مۇكەممەل، ئۆز ـ ئارا ئايرىلمايدىغان بىر ئىدىيىۋى سىستېما. بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە رولى بار. ماركسىزمنىڭ پەلسەپىسى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم، پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسى بولۇپ، ماركسنىڭ پۈتۈن تەلىماتىنىڭ نەزەرىيىۋى

www.uyghurkitap.com



ئاساسىدۇر. ماركسىزمنىڭ سىياسىي ئىقتىسادى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر تارىخىي دەۋرىنىڭ، بولۇپمۇ كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى. پۇرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى. پۇرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە ئىلمىي ئاساس كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنداق بولسا، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ماركسىزم ئىدىيە سىستېمىسىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟

ئىلمىي سوتسىيالىزم ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماركس ياراتقان تارىخىي ماتېرىيالىزم پۇرولېتارىياتقا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى يەنى كونا دۇنيانى ئۆزگەرتىپ كوممۇنىستىك يېڭى دۇنيا قۇرۇشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى پۇرولېتارىيات ئالدىغا قويدى. ئىلمىي سوتسىيالىزم پۇرولېتارىياتقا كاپىتالىزم دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ كونكرېت شەرت ـ شارائىتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ماركسىزملىق پەلسەپىنى، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساتنى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز لازىم.

ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ ھەممىسىلا پۇرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىق ھەركىتىلىرىگە خىزمەت قىلىشىدا ھېچقانداق گەپ يوق. ئەمما، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىلمىي سوتسىيالىزم پۇرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىق كۈرىشى بىلەن زىچ ۋە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىلمىي سوتسىيالىزم پۇرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە بىۋاستە يول كۆرسىتىدىغان نەزەرىيىۋى قورالدۇر. پۇرولېتارىياتنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى پەندۇر. پۇرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئۆز پۇروگراممىسى، لۇشيەن، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشتىكى توغرا نەزەرىيىۋى پىرىنسىپتۇر.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى دېگىنىمىز ئىككىسى بىر ئۇقۇم ئەمەس، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى بىر جەمئىيەت تۈزۈمى دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇ، كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلمىي سوتسىيالىزمنى بىر تەلىمات سۈپىتىدە قارىغىنىمىزدا، ئۇ كوممۇنىزم تەلىماتىدۇر. كەڭ مەنىدىن ئېيتقىنىمىزدا، „ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى ماركسىزمنىڭ ئۆزىدۇر„. ئىلمىي سوتسىيالىزم، ماركسىزملىق پەلسەپە، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساتنىڭ ھەممىسى ماركسىزمنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساتتىن پەرقلىق بولغان تەتقىق قىلىدىغان نەرسىسى بار. ئۇ تەتقىق قىلىنىدىغان نەرسە پۇرولېتارىيات كۈرىشىنىڭ مەقسىدى، بۇ كۈرەشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ماھىيىتىدىن ئىبارەت.

خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارمۇ كاپىتالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇردى. بىر خىلى، غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش كويىدا بولدى. بۇ نۇقتىدا ئۇلار ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن ئاساسەن پەرقلەنمەيتتى. ئەمما، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى كوممۇنىزمنى پرولېتارىياتنىڭ ھەركىتى دەپ ھېسابلىدى. ئۇ ئابستراكت غايىنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلماستىن، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلدى، ئىلمىي سوتسىيالىزم تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى. ئىلمىي سوتسىيالىزم قۇرۇق خىيالىي جەمئىيەتنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت يوللىرىنى، كونكرېت شەرت ـ شارائىتلىرىنى ئېنىقلاپ كۆرسىتىپ بەردى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دەريادىن ئۆتۈش، لېكىن كۆۋرۈك بولمىسا، ياكى كېمە بولمىسا بۇنىڭدىن ئۆتەلمەيمىز. كۆۋرۈك ياكى كېمە مەسىلىسى ھەل بولمىسا، دەريادىن ئۆتىمىز دېيىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى. خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار دەل مۇشۇنداق قىلدى. ئۇلار «كۆۋرۈك»، «كېمە» مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. ئۇلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى تاپالمىدى ياكى ئۇنى يارىتالمىدى. ئىلمىي سوتسىيالىزم ـــ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت يوللىرىنى ۋە شەرت ـ شارائىتلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىر ئىلىم ـ پەن بولالماقتا: كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەنلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش دېمەكتۇر، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئازات قىلىنىشى دېمەكتۇر. پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئازات قىلىنىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتلار ھازىر بولۇشى كېرەك. ماددىي ۋە مەنىۋى شەرت ـ شارائىتلار بولۇشى كېرەك، دۆلەت ئىچىدىكى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى شەرت ـ شارائىتلار ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە مىللەتلەردە بىر ـ بىرسىگە ئوخشىمىغان شارائىتلار مەۋجۇت بولىدۇ. ئوبيېكتىپ ماددىي شەرت ـ شارائىتلار پرولېتارىيات ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساستۇر. سۇبيېكتىپ ۋە مەنىۋى شەرت ـ شارائىتلار ئوبيېكتىپ ماددىي شەرت ـ شارائىتنىڭ پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ كاللىسىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، پرولېتارىيات ئازاتلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كاپالەتتۇر. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، پرولېتارىياتنى ئازات قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ئىلمىي سوتسىيالىزم تەتقىق قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاساسىي تەركىبىدۇر.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىمۇ راۋاجلىنىدۇ. ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى ھەربىر دۆلەت كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى ئۆز

www.uyghurkitap.com



دولەتلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ ئىلمىي سوتسىيالىزمنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنى ئېچىش نۇتقىدا: «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ــ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز ئەنە شۇ» دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە: «ئىلمىي سوتسىيالىزم ئەمەلىي كۈرەش ئىچىدە ئالغا باسىدۇ، ماركسىزم - لېنىنىزممۇ ئەمەلىي كۈرەش جەريانىدا راۋاجلىنىدۇ. بىز ئەلۋەتتە ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن خىيالىي سوتسىيالىزمغا قاراپ چېكىنمەيمىز، شۇنىڭدەك ماركسىزمنى يۈزلىگەن ياكى 10 يىللار ئالدىدىكى سەۋىيىدە توختىتىپ قويالمايمىز. شۇڭلاشقا بىز تەكرار - تەكرار، ئىدىيىنى ئازات قىلايلى، دەيمىز. بۇنداق دېمەك، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى قوللىنىپ تۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلايلى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلايلى دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. يولداش خۇياۋباڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «جۇڭگو تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئاۋال سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە كىردى. بۇ بولسا، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا تۇرغانلىقى، پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭدەك ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىدۇر.

ئىلمىي سوتسىيالىزم تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۆتۈشنىڭ مۇقەررەرلىكى مەسىلىسى.

2 - سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماددىي ئاساسى مەسىلىسى.

3 - پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مەسىلىسى.

4 - پرولېتارىيات سىنىپى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قىلىنىدىغان خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەسىلىسى.

5 - كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن كوممۇنىزم تۈزۈمىگە ئۆتۈش مەسىلىسى.

6 - ئىنتېرناتسىونالىزم بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسىلىسى.

7 - پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى مەسىلىسى.

ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىلىرى يۇقۇرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش-

نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭىدىن پەيدا بولغان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى تولۇقلىنىپ باردى. بۇ يەردە دىققەت قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ھەربىر مەملىكەتنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش مەسىلىسىدۇر. لېنىن ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەن. لېنىن: «سوتسىيالىزمچىلار ئەگەر ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمىسا، بۇ پەننى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئالغا ئىلگىرىلىتىشى كېرەك، بىزنىڭچە، روسىيە سوتسىيالىزمچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماركسنىڭ نەزەرىيىلىرىنى مۇستەقىل تەتقىق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى ئۇ پەقەت ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيە بىلەنلا تەمىن ئېتىدۇ، ھالبۇكى، بۇ قائىدىلەرنىڭ تەتبىقلىنىشىنى كونكرېت ئېيتقاندا، ئەنگلىيىدە فرانسىيىگە ئوخشىمايدۇ، فرانسىيىدە گېرمانىيىگە ئوخشىمايدۇ، گېرمانىيىدە بولسا، يەنە روسىيىگە ئوخشىمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 203 - بەت). ئۇ يەنە: «بارلىق مىللەتلەر سوتسىيالىزمغا قەدەم قويىدۇ، بۇنىسى مۇقەررەر، لېكىن ھەممە مىللەتنىڭ سوتسىيالىزمغا قەدەم قويۇش ئۇسۇلى ئانچە ئوخشاش بولمايدۇ، دېموكراتىيىنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق شەكلى جەھەتتە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق تىپى جەھەتتە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ سۈرئىتى جەھەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 23 - توم، 64 — 65 بەتلەر).

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ، ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئىزدەپ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگونى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ چوڭ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈردۇق.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى لۇشيەنلىرىمىز بىردىن - بىر توغرا ماركسىزملىق لۇشيەندۇر. ئۇ بىزگە يېڭى تارىخىي دەۋر ئېچىپ بەردى، يەنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش دەۋرىنى ئېچىپ بەردى. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدى، مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئالقىش سادىسىغا ئىگە بولدى. پارتىيە 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com



تارىخي قارارى دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخي تەجرىبىلەرنى ئومۇمى يۈزلۈك يەكۈنلىدى. بۇ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن مولچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى بارلىق غەلىبىلىرىمىز ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى غەلىبىسىدۇر، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ماركسىزىمنىڭ غەلىبىسىدۇر.

ماركس تەلىماتى توغرا بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باپ كېلىدۇ. ماركسىزىم پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە غەلىبىسىرى ئالغا باسماقتا. بۈگۈنكى كۈندە 95 مەملىكەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 75 مىليون ئەزاسى بار. ئالدىمىزدىكى تارىخي دەۋر ماركسىزىمغا يەنىمۇ كوپرەك غەلىبىلەرنى ئېلىپ كەلگۈسى.

بىز ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىغىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ماركسنىڭ ئۇلۇغ تەلىماتىنى سىستىمىلىق ھالدا تەشۋىق قىلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ماركسىزىمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى ئوز دولىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلايلى!

# مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى

## ماركسىزمچە مىللەت قارىشىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۇلۇغ غەلىبىسى

گۇ باۋ

### (1)

1949-يىلى 10-ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جۇڭگو تارىخىنىڭ يېپ-يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولدى. شۇندىن ئېتىۋارەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە تارىخنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشنىڭ ئورنىنى مىللىي باراۋەرلىك ئالدى؛ مىللىي ماجرا ۋە ئارازلىقنىڭ ئورنىنى مىللىي ئىتتىپاقلىق ئالدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە مىللەتلەرنى پەرق ئېتىش ئېتنىك جەھەتتىن بېكىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، دەسلەپتە 54 ئاز سانلىق مىللەت بېكىتىپ چىقىلغان ئىدى، كېيىن يەنە جىنوزۇ مىللىتى بېكىتىپ چىقىلدى، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە 55 ئاز سانلىق مىللەت بار دېيىشىدىكى ئاساس مانا شۇ. بۇ 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە سىياسىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىق — ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور ئىش بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلدى ۋە بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى يارىتىلدى.

دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشى، بولۇپمۇ كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى، قول سانائىتىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشى بىلەن، پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە يوقىتىلدى، سىنىپ يوقىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلىپ،

www.uyghurkitap.com



سوتسىيالىستىك مۇلۇكچىلىك يەنى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ۋە ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىگى ئورنىتىلدى. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرى پارتىيىنىڭ ئېھتىياتلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش فاڭجېنى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ جۇملىدىن يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى؛ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە 1956 - يىلدىن ئىلگىرى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى، پەقەت شىزاڭدىلا 1960 - يىلدىن كېيىن ئورۇنلاندى.

لېنىن «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى مۇنازىرىدىن خۇلاسە» دىگەن ئەسىرىدە: «كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، مىللىي (ۋە ئومۇمەن سىياسى جەھەتتىكى) زۇلۇمنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپنى يوقىتىش شەرت، يەنى سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇش كېرەك.» دىگەن ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 22 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 319 - بەت) مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزم يولغا قويۇلۇپ، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم يوقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىلدى. سوتسىيالىزم دەۋرى — مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان، ئورتاق راۋاجلىنىدىغان دەۋر.

دۇنيا ئەللىرىنىڭ تارىخى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، خاراكتىرى ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت خاراكتىرى ئوخشاش بولمىغان مىللىي مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مىللىي مۇناسىۋەت بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى مىللىي مۇناسىۋەت تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران مىللەت مەلۇم بىر مىللەتتىن ئىككىنچى بىر مىللەتكە يەڭگۈشلىنىشى مۇمكىن، لېكىن سىنىپىي زۇلۇم بىلەن مىللىي زۇلۇم ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىلا سىنىپىي زۇلۇم بىلەن مىللىي زۇلۇمنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دا: «كىشىنىڭ كىشىنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغان ھامان، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق يوقالغان ھامان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ» دىگەن توغرا ھۆكۈم ئاللىقاچان چىقىرىلغان.

## ( 2 )

5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا

قىلغان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەت داۋاملىق كۈچەيگۈسى» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي يەكۈندۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈچ ئاساسىي بەلگىسى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق دىگەن بۇ ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاپ بېرىلگەن.

ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەتنىڭ بىرىنچى ئاساسىي بەلگىسى — مىللى باراۋەرلىك. مىللى باراۋەرلىك سىياسىتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللى باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئىزچىل تۈردە قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مىللى كەمسىتىش ۋە مىللى زۇلۇمغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە پارتىيىمىز ئازات رايونلاردا مىللى باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسى ۋە قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە 1947 - يىلى ئىچكى موڭغۇلدا ئاپتونوم رايونى قۇرۇپ، ئازاتلىقتىن كېيىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە ھاسىل قىلدى. مەملىكىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ مىللى باراۋەرلىك سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن غايەت زور راۋاجلاندى. مىللى باراۋەرلىك سىاسىتى سىياسى ۋە قانۇن جەھەتتىن داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئىقتىسات، مەدەنىي - مائارىپ، ئىلىم - پەن، مىللى تىل قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پارتىيىنىڭ مىللى باراۋەرلىك سىياسىتى راۋاجلاندۇرۇلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 34 يىل مابەينىدە، پارتىيىنىڭ مىللى باراۋەرلىك سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ مىللى خىزمىتىدە ئۇلۇغ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىنتايىن قالاقلىق قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيلىشىگە ئېرىشىلدى. بۇ ھەممىگە ئايان ئوبيېكتىپ پاكىت. بۇ جەھەتتە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان پاكىتلار ھەقىقەتەن ساناپ تۈگەتكۈسىز. ئىلگىرى زامانىۋى سانائەت يوق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا، بۈگۈنكى كۈندە پولات - تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، خىمىيە قاتارلىق زامانىۋى سانائەت بارلىققا كەلدى؛ بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن بىرىنچى ئەۋلات ئىشچىلار، ئىنجىنېرلار ۋە تېخنىكلار يېتىشىپ چىقتى؛ بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كۆپلىگەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن بىرىنچى ئەۋلات ئالى مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلىرى، پروفېسسور، دوتسېنت ۋە لېكتورلار بارلىققا كەلدى؛ 5 ئاپتونوم رايوندا تۈنجى قېتىم تەبىئى پەن ۋە ئىجتىمائى پەن جەھەتتىكى تەتقىقات ئاپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان زور بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات خادىملىرى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى؛ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ناخشا-ئۇسۇلغا ماھىر بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كونا جەمئىيەتتە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى چەكلىنىپ، خاراپلىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا-ئۇسۇلغا ماھىر بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى جارى بولۇش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۆتمۈشتە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ناخشا-ئۇسۇللىرىنى ناھايىتى ناچار شارائىتتا، پەقەت ئۆز جايىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىلا ئوينىيالايتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا-ئۇسۇللىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دايىم ئوينىلىش، مەملىكىتىمىزنىڭ رادىيو، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا دايىم قويۇلۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى كوپ قېتىم چەتئەللەرگە ئەپچىقىپ قويۇلدى. بۇ يەردە ئالاھىدە كورسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى — ئېلىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسەت. ھازىر مەملىكىتىمىزدە 5 ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 72 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) قۇرۇلدى. نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە. يېقىندا 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنى ماقۇللىغان ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىشەنچلىك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى زور پەرق مەۋجۇت، ھەتتا ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا جايلاشقان ئەينى بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ ناھايىتى زور پەرق مەۋجۇت. ئازاتلىقتىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتى ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددى كۈچ جەھەتتىن غايەت زور ياردەملەرنى بەرگەنلىگى ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پەرق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر قەدەر كىچىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن، نۆۋەتتە

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەرق يەنىلا خېلى زور، بۇ، يېڭى تارىخىي دەۋردە ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى جەھەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان زور مەسىلە دېمەك، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمدە ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقنى ئىمكان قەدەر بالدۇرراق ئازايتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىمكان قەدەر تېزلىكتە ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇ، نۆۋەتتىكى ھەم بۇندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىدىكى بىر زور مەسىلە، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىكى زور مەسىلە، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ، ئورتاق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى زور مەسىلە. دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنى مانا بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كاپالەتلەندۈردى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ 122 ـ ماددىسىدا: «دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىدۇ. دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. بۇنىڭدىن كورىمىزكى، دۆلەتنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش غايەت زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي تەسىرگە ئىگە.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك يەنى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق — يېڭى جۇڭگو كونا جۇڭگودىن تاپشۇرۇۋالغان ئازاپلىق ھەم ئېغىر تارىخىي مىراس بولۇپ، ئۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى تارىخ داۋامىدا شەكىللەنگەن، بۇ پەرقنى ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەتلەر ئارقىلىق ئاندىن تەدرىجى ئازايتقىلى ۋە ئاخىرقى ھېساپتا تۈگەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ پەرقنى قىسقىغىنە مۇددەت ئىچىدە ئازايتىش ۋە تۈگىتىشنى ئارزۇ قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن رېئال ئەمەس، ئىگىز تاققا بىر سەكرەپلا چىققىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرى كېلىدۇ.

ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي بەلگىسى —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىللىي ئىتتىپاقلىق . مىللىي باراۋەرلىك — مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى. مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىككى تەرەپنى ، يەنى: ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىق دىگەندە، پەقەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىلا كوزدە تۇتۇپ، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىققا سەل قاراش، روشەنكى، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك نۇقتىنەزەردۇر.

سىنىپىي جەمىيەتتە مىللەت سىنىپلارغا بۆلۈنىدۇ. سىنىپىي جەمىيەتتىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرى ئوخشاش بولمىغان سىنىپ ۋە تەبىقىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى ۋە ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلىرى بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەر قايسىسىدا ئىككى ئاساسي قارىمۇ-قارشى سىنىپ بولىدۇ. قۇللۇق جەمىيەتتە، ئاساسەن، قۇلدارلار ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ-قارشى سىنىپ بولىدۇ: فېئوداللىق جەمىيەتتە، ئاساسەن، يانچىدارلار بىلەن يانچىلار ياكى پومىششىكلار بىلەن دىخانلاردىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ-قارشى سىنىپ بولىدۇ؛ كاپىتالىستىك جەمىيەتتە ، ئاساسەن، كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلاردىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ-قارشى سىنىپ بولىدۇ. سىنىپىي جەمىيەتتە سىنىپ ۋە سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق مەۋجۇت بولغانلىقتىن، مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىغى زىيانغا ئۇچرىماي قالمايدۇ، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە گۇرۇھۋازلىق كۈرەشلىرى ھامان يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مىللەتلەر تارىخىنىڭ بۇ جەھەتتە بىزگە قالدۇرغان تارىخىي مىساللىرى سان-ساناقسىز . ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، سىچۈەن ئولكىسى دائىرىسىدىكى لياڭشەن يىزۇ مىللىتى قۇللۇق جەمىيەتتە بولۇپ، يىزۇ مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «رەقىپلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۇرۇشى» («قوراللىق ئېلىشىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ، ئەسلى ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتىدىكى قانداشلار ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئادىتىنىڭ داۋاملىشىشى) مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ تاكى «مىنگو» غىچە بولغان 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ، يىزۇ خەلقىغە ئىنتايىن نۇرغۇن ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرۈپ، يىزۇ جەمىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە خاراپ قىلغان. «مەسىلەن، لېيبودىكى نوخا تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان ۋۇچى جەمەتى بىلەن بىبىو جەمەتى 18 يىل ئۆچ ئېلىش سوقۇشى قىلىپ، ئىككى تەرەپتىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1500 كىشى ئولگەن.»، «ئاخو جەمەتى بىلەن گوجى جەمەتى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە 300 دىن ئارتۇق كىشى ئولگەن ۋە يارىدار بولغان، 2000 گە يېقىن كىشى ئەسىرگە چۈشكەن.» «نوخا تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان مېيگۇئىنزا جەمەتى بىلەن ئاخو جەمەتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بۇنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك مىسالى، بۇ ۋەقە مۇنداق: بىر ئايال كوپچىلىك ئالدىدا ئوسۇرۇپ قويغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلگەن، ئۇ ئايال ئىزاغا چىدىماي ئۆزىنى ئولتۇرۇۋالغان، نەتىجىدە ئىككى

قەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، بۇ ئۆچمەنلىك 13 ئەۋلاتقىچە 300 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان، بۇ جەرياندا، سانسىز قېتىم ئوچ ئېلىش ئۇرۇشى يۈز بېرىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان.» «1951-يىلدىن 1954-يىلغىچە، خەلق ھۆكۈمىتى لياڭشەن ئاپتونوم ئوبلاستى دائىرىسىدە، چوڭ-كىچىك «ئوچ ئېلىش» ۋەقەلىرىدىن 12 مىڭدىن كۆپرەكىنى مۇرەسسە قىلغان.» (يۇقۇرقى نەقىللەر «لياڭشەن يىزۇ قۇللۇق جەمئىيىتى» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى، خەلق نەشرىياتى نەشرى، 147 — 149-بەتلەر) بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، لياڭشەندىكى يىزۇ مىللىتى ئىچىدە ئۇزاقتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئوچ ئېلىش ئۇرۇشى» قۇللۇق جەمئىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئازاتلىقتىن كېيىن قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن ئوچ ئېلىش ئۇرۇشىمۇ تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتتى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، شىزاڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان زاڭزۇلار فېئودال يانچىلىق جەمئىيىتىدە ياشايتتى. 1946-يىلى، مەن سىچۈەن، گەنسۇ چېگرىسىدىكى بەيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى جايلاردا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدىم، شۇ چاغدا «ئوچ ئېلىش ئۇرۇشى» دىن كېيىن يەنە داۋاملىق كۆيۈپ تۇرغان كەنتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بۇ ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 30 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى نەق مەيداندا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال كۆزۈمگە ھازىرقىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 1949-يىلدىن كېيىن، مەن شىنجاڭنىڭ موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدىم، چارۋىچىلارنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى يايلاق ماجراسى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم دېگۈدەك قوراللىق ئېلىشىش يۈز بېرىپ تۇرىدىكەنمىش. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن «ئادەم كاللىسىنى ئولجا ئېلىش» (ۋازۇ مىللىتى)، «رەقىپلەردىن ئوچ ئېلىش» (قەبىلىلەر ئارا قوراللىق ئېلىشىش) قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى تارىخنىڭ كونا ئىزى بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس.

يۇقۇردا ئېيتقانلاردىن بىز قانداق خۇلاسىگە كېلىمىز؟ خۇلاسە پەقەت بىرلا: يېڭى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن جېدەل-ماجرالارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خاتىمە بەردى. بۇ نۇقتا، ئاز سانلىق مىللەت جەمىيەتلىرىگىمۇ، خەنزۇلار جەمىيىتىگىمۇ ئوخشاش. چاشانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ: ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى شەھەرلەردە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، يېزىلاردا ئۇرۇق جەمەتلەر ئىبادەتخانىسى (سىتاڭ) قاھايىتى جىق ئىدى، بۇ، شۇ چاغدا يۇرتۋازلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق ئىدىيىلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق ئۇيۇشمىلار، ئۇرۇق-جەمەتلەر ئىبادەتخانىلىرى قاتارلىق فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ قالدۇق نەرسىلىرى تارىخنىڭ ئەخلەت ئازگىلىغا سۈپۈرۈپ تاشلاندى، مانا بۇلار خەنزۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پايدىلىق. ئەلۋەتتە.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دا: «مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق يوقالغان ھامان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. يېڭى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بۇ ھۆكۈمنىڭ چەكسىز توغرىلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە يوقىتىلغان بولغاچقا، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ۋەزىيىتى تۈگىتىلىپ، ھەر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىسلىسىز ئىتتىپاقلىق ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ مىسلىسىز ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىلدى.

ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە، مىللى ئىتتىپاقلىق تەرىپىمۇ بولغان، شۇنىڭدەك مىللى زۇلۇم، مىللى ماجرا تەرىپىمۇ بولغان. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، چاررۇسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلدى، بولۇپمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ مەركەزلىك ۋەكىلى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇردى.

ئەلۋەتتە، كونا جۇڭگودا مىللى ئىتتىپاقلىق بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ ئوتتۇش بىلەن بىللە، ئەينى زاماندا ھەقىقەتەن يەنە مىللى زۇلۇم ۋە مىللى ماجرا بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تەرەپنىمۇ يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق خاراكتېرى بەلگىلىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللى زۇلۇم ۋە مىللى ماجرانىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئىجتىمائى يىلتىز قومۇرۇپ تاشلى-

نىپ، يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت بارلىققا كەلدى. كىشىلەر ھەممىشە «سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە» دېگەن بۇ سۆز ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىمەكتە. تەبىئىكى، بۇ سۆز ناھايىتى توغرا. بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىنلىق، بۇ — دەل نۆۋەتتىكى ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئەڭ ئوبرازلىق تەسۋىرى.

ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىي بەلگىسى — مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقى. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقۇرى؛ ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن چىقىدىغان تۈرلۈك مىنېراللار، ياغاچ ماتېرىياللىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ..... پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەكتە؛ دۆلەتنىڭ ياردىمى ئاستىدا، خەنزۇلارنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى خادىملىرىنىڭ ياردەملىشىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلانماقتا. بۇ مەسىلىنى مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن.

«ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى ئىنتايىن قالاق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي 13 كىچىك زاۋۇتلا بار ئىدى ...... ھازىر پولات-تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، كۆمۈر، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، نېفىت، خىمىيە سانائىتى، سېمونت، رەڭلىك مېتال، توقۇمىچىلىق، قەغەز ياساش، شېكەرچىلىك قاتارلىق زامانىۋى سانائەتلەر قۇرۇلدى، بەزى مەھسۇلاتلار بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، يەنە قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارغا ياردەم بېرىۋاتىمىز. چەتئەللەردىمۇ سېتىلىۋاتىدۇ. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، 1980-يىللىق سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 1949-يىلدىكىگە قارىغاندا 41.74 ھەسسە ئاشقان، 1980-يىللىق دېخانچىلىق-چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 1949-يىلدىكىگە قارىغاندا 4.7 ھەسسە ئاشقان ...... خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا.» ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ئىشلىرىمۇ غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. «ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا پەقەت بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇۋېتىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 185 كىشىلا بار ئىدى، 1980-يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپلەر 12 گە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېتىپ، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 6443 كىشىگە يېتىپ، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 33.8 ھەسسە كۆپەيگەن. 1980 - يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا 95.2 ھەسسە كۆپەيدى. 1980 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا 54.8 ھەسسە كۆپەيدى.» «1949 - يىلى شىنجاڭدا دائىرىسى ناھايىتى كىچىك 48 لا دوختۇرخانا بار ئىدى ...... ھازىر شىنجاڭدا 884 دوختۇرخانا بولۇپ، 1949 - يىلدىكىنىڭ 18.42 ھەسسىسىگە توغرى كېلىدۇ.» (ئىسمايىل ئەمەت: «پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىكى تۈپ كاپالەت» — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن) ئازاتلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆز - ئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

سۆزىمىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپى روزىنتال بىلەن يۇدىن يازغان «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» دىكى مۇنداق بىر غەلىتى سۆز ئېسىمىزگە كەلمەكتە، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «رۇس مىللىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگەن بارلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان رەھبىرىي مىللىتى بولۇشقا مۇناسىپ.» (سانلىيەن كىتابخانىسى، 1973 - يىل نەشرى، 110 - بەت) بۇنداق ھوكۇم ماركسىزىم - لېنىنىزىمچە مىللەت قارىشىغا قانداقمۇ ئۇيغۇن بولسۇن؟ لېنىن «باشقا مىللەتلەرگە كۆرەڭلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھادىسىلىرى» گە قەتئىي قارشى تۇرغان ئىدى (لېنىن: «مىللى سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 218 - بەت). ستالىن «فىنلاندىيىنىڭ ھوكۇمەت ۋەكىللىرى ئۈمىگى شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتتە سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا: «سوۋېت كىشىلىرى: ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىماي ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتلەردە بولمىغان، ئۆزىگىلا خاس تۈپ خۇسۇسىيەتلەرگە، ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، دەپ قارايدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ھەر بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمى غەزنىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇ تۆھپە ئۇنى تولۇقلايدۇ، بېيىتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ھەممىسى باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەر قانداق مىللەت ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق مىللەت بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق بولىدۇ» دېگەن (ستالىن: «ماركسىزىم ۋە مىللى مۇستەملىكە مەسىلىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1958 -

يىل نەشرى، 613 - بەت). سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپى روزېنتال ۋە يۇدىنلارنىڭ رۇس مىللىتى — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە «ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت»، «رەھبىرىي مىللەت» دېگەن نۇقتىنەزەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەڭلىك، باراۋەرلىك ئورنىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىنكار قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت بىزنى شۇنداق مۇستەھكەم ئىشەنچىگە ئىگە قىلدىكى، كوپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دولەتتە، پەقەت ھەر قايسى مىللىي تەركىپنى ئوز ئىچىگە ئالغان رەھبىرىي سىنىپلا بولىدۇكى، ئاتالمىش رەھبىرىي مىللەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ. دولىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلىقىدىكى دولەت» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. دولىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 4 - ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەممە مىللەت باپ - باراۋەر» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئېلىمىزدە ھەممە مىللەت خەلقى دولەتنىڭ خوجايىنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەر مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بار، ئۇلار دولەت ئىشلىرىنى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ھەمدە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە. ئاتالمىش «رەھبىرىي مىللەت» نۇقتىنەزىرى ئېلىمىزنىڭ سىياسى رېياللىقى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ.

(3)

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىگى سەۋەبىدىن ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا تۇراتتى. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە، بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېقىن بولۇپ، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتە تۇرغاندىن باشقا، 10 نەچچە مىللەت، مەسىلەن: ئېلۇنچۇن، لىزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئىپتىدائىي ئورۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ قالدۇق باسقۇچىدا تۇراتتى؛ لياڭشەندىكى يىزۇ، جىڭبوزۇ قاتارلىق بىر نەچچە مىللەت قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇراتتى؛ يەنە بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسا، فېئوداللىق جەمئىيەت (جۇملىدىن فېئوداللار ئىگىلىگى ۋە پومېششىكلار ئىگىلىگى) باسقۇچىدا تۇراتتى. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ بۇنداق تەكشىسىزلىك ھادىسىسىنىڭ شۇنچە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدا مۇرەككەپ تارىخىي، ئىقتىسادىي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىۋى سەۋەپلەر بار. ئومۇمەن ئېيتقاندا، رايون قانچىكى ئارقىدا قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ، ئۇ رايون ئۇزاق مۇددەت تاشقى دۇنيادىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان ئوۋچىلىق، دېخانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كەم، ئالماشتۇرۇش تولىمۇ تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ، ئالماشتۇرۇش ئىشىدا نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. ماركس-ئېنگېلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن كىتاۋىدا: «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىش تەقسىماتى ۋە ئىچكى ئالاقىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق. بۇ قائىدىنى ھەممە ئېتىراپ قىلغان. ھالبۇكى، بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىچكى تۈزۈلۈشىمۇ ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىچكى تاشقى ئالاقىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ» دېگەن ئىدى (ماركس، ئېنگېلس «تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 42-بەت). بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىش تەقسىماتى ۋە ئىچكى ئالاقىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا تۇرۇۋاتقان ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ئىجتىمائىي ھايات تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ جەمئىيەت ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى گەرچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ ياكى كېچىكتۈرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەۋجۇت بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شۇ جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇزاق مۇددەت كېچىكتۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇزاق مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قۇلدارلار، فېئودال يانچىدارلار، فېئودال پومېششىكلار (چارۋىدارلار) ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنى، جۈملىدىن قۇللار، يانچىلار، دېخانلار، چارۋىچىلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى، قۇلدارلار بىلەن فېئودال يانچىدارلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى قۇللارنى، يانچىلارنى ھايۋان قاتارىدا خالىغانچە ساتاتتى، قىزلىرىنى ياتلىق قىلغاندا قىز مېلىسى سۈپىتىدە قوشۇپ بېرەتتى، باشقىلارغا سوغات قىلاتتى، مىراس سۈپىتىدە تەقسىم قىلاتتى، قۇلدارلار يەنە قۇللارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. قۇلدارلار ۋە فېئودال يانچىدارلار-

نىڭ قۇللار ۋە يانچىلارنى هايۋان ئورنىدا ئىشلىتىپ، تۇرمۇش جەھەتتە ھەددى - ھېساپسىز خورلايدىغانلىقلىرى ئۇلار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلار: ئادەمنىڭ يارىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەممە نەرسە تەقدىرگە باغلىق، دىگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل نەزىرىيىلەرنى تارقىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇملىرىنى ئاقلاش، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنى ئالداش ئۈچۈن پايدىلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە كورسىتىپ ئوتۇشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا باركى، ئۇلارنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئېزىشى تارىختىكى مەركىزىي خاندانلىقلارنىڭ ماقۇللىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. تارىختىكى خاندانلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ھوكۇمران سىنىپلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋاڭ - گۇڭ، تۇسى، يەرلىك بەگ قاتارلىق ئەمەل - ئۇنۋانلارنى بەرگەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ھوكۇمران سىنىپلار بۇ ئەمەل - ئۇنۋانلارغا تايىنىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنى ھېچ تەپ تارتماستىن بولۇشىچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ۋە ئەزگەن. ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ بۇنداق تىل بىرىكتۈرۈپ ئەسكىلىك قىلىشلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى يەنە بىر سىياسى سەۋەپدۇر. بۇرۇنقى بىلەن ھازىرقىنى سېلىشتۇرغاندا، قالاقلىقنى ساقلاش پەقەت ھەر مىللەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلار ئۈچۈن پايدىلىق؛ ئازاتلىقتىن كېيىن، قالاقلىقنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ھەرمىللەت خەلقىگە ئومۇمىيۈزلۈك بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلدى.

ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا، دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرى ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەنلىكتىن، قۇللۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، قۇللار ۋە يانچى دىخان - چارۋىچىلار ئازاتلىققا ئېرىشتى، قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈپ رىيازەت چەككەن بارلىق كىشىلەر ئازاتلىققا ئېرىشتى، ئۇلار تارىختا تۇنجى قېتىم ئىنسانىي باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇ، جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كورۇلۇپ باقمىغان زور ئىش، بۇنى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئورنىتىلىشى ۋە قەدەممۇ - قەدەم مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى ۋە داۋاملىق ئۆزگىرىش بولماقتا. مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلار — ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) لەر ئىلگىرىكى ۋاڭ، گۇڭ، تۇسى، يەرلىك بەگ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى؛ خەلق كوممۇنالىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى جەمەت، قەبىلە ۋە ئۇرۇقداش قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئورنىنى ئالدى؛ ئوتمۇشتە جەمىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرغان قۇللار،

www.uyghurkitap.com



يانچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق ئىچىدىن بىر مۇنچىلىرى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ قالدى؛ ئەسلىدىكى ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئالدى، شۇ جايلارنىڭ يەرلىك ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى كەڭ ئېچىلدى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ۋە شۇ جاينىڭ زامانىۋى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئەسلىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، ئاساسەن ئائىلە قوشۇمچە كەسپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگەللىدى. ئەرلەر ئېرىقچىلىق، ئاياللار توقۇمىچىلىق قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ ئىستېمال ئادەتلىرى ئۆزگەردى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۆچىسىغا يېپىنىۋېلىش، ھايۋان تېرىلىرىنى ۋە كىگىزلەرنى كىيىم قىلىپ كىيىش ئەھۋاللىرى ئۆزگىرىپ، ماشىنىدا توقۇلغان رەختلەرنى كىيىدىغان بولدى. ئۈن ئالغۇ، رادىيو خېلى دەرىجىدە ئومۇملاشتى، بەزى ئائىلىلەردە تېلېۋىزورمۇ بار بولدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ۋە داۋاملىق ئۆزگىرىش بولماقتا. شىنجاڭنىڭ ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى قازاق چارۋىچىلار ئازادلىقتىن كېيىن پەيدىن - پەي نەچچە ئون ئائىلىكتىن يۈز ئائىلىككىچە بولغان ئاھالە توپلىشىپ ئولتۇرىدىغان يېڭى كەنتلەرنى بىنا قىلدى. بۇنداق يېڭى كەنتلەر بارلىققا كەلگەنلىكتىن، مەكتەپ سېلىپ بالىلارنى ئوقۇتۇشقا، مۇقىم ياكى كوچمە سودا دۇكانلىرىنى قۇرۇشقا، كىنو قويۇش ئەترەتلىرى سەييارە كىنو قويۇپ بېرىشكە ئوڭايلىق تۇغۇلدى. بولۇپمۇ، قېرىلار، كىچىك بالىلار، ئاياللارنىڭ يىل بويى چارۋا پادىسى بىلەن بىللە كوچۈپ يۈرۈشى بىھاجەت بولۇپ قېرىلار، ئاياللار، كىچىك بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشقا پايدىلىق بولدى. چارۋىچىلار بۇ كەنتلەرنى خوشاللىق بىلەن „جاتاققانا“ (يەنى مەدىنى ئۆي) دەپ ئاتاشتى. بۇنداق چىرايلىق نام يېڭى ھاياتقا ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر. ئېلىمىزدە ئون نەچچە مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. بۇ مىللەتلەر ئومۇمەن ئىككى بايرام — روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتىنى ئۆتكۈزىدۇ. خۇيزۇلار روزى ھېيتىنى چوڭراق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك قاتارلىق مىللەتلەر قۇربان ھېيتىنى چوڭراق ئۆتكۈزىدۇ، تاجىكلار روزى ھېيتىنى ئۆتكۈزمەيدۇ. بۇ ئىككى بايرام ئەسلىدە دىنىي بايرام بولۇپ، كېيىن تەرەققى قىلىپ ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان مىللىي بايرامغا ئايلاندى (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرى يەنە باھار پەسلىدە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ). ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ بايراملار روشەن ھالدا مىللىي ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى بىلەن تولۇپ ئاشتى. ئىلگىرى بۇ بايراملاردا ھېيتلىشىش پائالىيەتلىرى ئىسلام

دىنىدىكى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمايدىغان خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، شىۋە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان كادىر ۋە ئامما ئومۇمەن، ھېيت كۈنلىرى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان تونۇش - بىلىش كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيتلىشىدىغان بولدى، ئۇلار قىزغىن مۇبارەكـلىشىپ، مېھمان بىلەن ساھىپخانىلار قىزغىن پاراڭ ۋە كۈلكە سادالىرى ئىچىدە خوشاللىققا چۆمۈپ، بىر - بىرىدىن مەمنۇن بولۇشتى. بۇ ئۆزگىرىش مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئازاتلىقتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە تۈپلىك ئۆزگىرىش بولغاندىن تاشقىرى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە كەڭ تارقىلىشى ھەمدە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە پەيدىن - پەي ئىدىيە بىرلىكى، تونۇش بىرلىكى شەكىللەندى، بولۇپمۇ پارتىيىنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئىدىيە ۋە تونۇشتىكى بۇ بىرلىك غايەت زور مەنىۋى كۈچكە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىككە ئايلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

(4)

يولداش خۇياۋباڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلاتىدا: „مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى — كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە" دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يولداش خۇياۋباڭنىڭ دوكلاتىدا مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن يېڭى دەۋردىكى ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرسى قىلىپ كۆرسىتىلدى، بۇ يەردە ئېيتىلغان ئىلىم - پەن تەبىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي پەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر تەتقىقاتىغا دائىر پەن تارماقلىرى، مەسىلەن: مىللىي ئىقتىسات، مىللەتلەر تارىخى، مىللەتشۇناسلىق، مىللىي مەسىلە نەزىرىيىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىللەتلەر تىلى قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، بۇ، خەنزۇ رايونلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مۇرەككەپلىكى بولىدۇ. شۇڭا، خەنزۇ رايونلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىلە، بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى ئىنتايىن مول تەتقىقات تېمىلىرى بىلەن تەمىن ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك تەتقىقات ۋەزىپىسىنى قويىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئېلىمىزدىكى زور كۆپ ساندىكى مىللەتلەر كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە يېتىپ كىرگەن. تۈرلۈك كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىدېئولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى تېخى مەۋجۇت بولۇپ، يەنە تېخى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا، تارىخىي ئەنئەنىلىرىگە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش، تەبىئىكى، ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىدىغان ياكى ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى خاتا، ئۇلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئېنىق ئايرىپ چىققاندىلا، ئاندىن ھەر بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنى تولۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىر تەرەپتىن، مىللەتلەرنىڭ بەزى ئېسىل ئەنئەنىلىرى، مەسىلەن، ئەمگەكچان، باتۇر بولۇشتەك گۈزەل پەزىلەتلىرىنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر جايلاشقان رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى كۆپ ھاللاردا ھەقىقەتەن ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىق، باتۇرلۇق روھىغا تايىنىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسمەن كونا ئادەتلىرى، كونا

ئىدىيىسى، مەسلەن، ئىپتىدائى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قېپقالغان مىللەتلەر ئىچىدىكى «ھەممىلا ئادەم ئۇرۇقداش» دەپ قارايدىغان ئىدىيىلەرگە نىسبەتەن، كوممۇنىزىملىق تەربىيە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى سوتسىيالىستىك كوللىكتىۋىزىملىق ئىدىيە قىلىپ ئۆزگەرتىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى كونا ئۆرۈپ، كونا ئىدىيە، مەسلەن، كونىلىقتا مەھكەم يېپىشىۋېلىش، ئۇرۇقداشلىق، قەبىلىچىلىك كوز قارىشى، خۇراپاتلىق ئىدىيە قاتارلىقلارنى بولسا، پەيدىن-پەي تازىلاپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يول ئېچىش لازىم. بۇنداق ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئىشى ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەت. مۇناسىۋەتلىك مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆسكەن ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ماقۇل كۆرگەن ئەھۋالدا ئاندىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە بىز كونا ئەنئەنىنىڭ تەسىرلىرىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. كىشىلەر دۇنيانى ئۆزگەرتمەكتە، لېكىن دۇنيانى ئۆز مەيلىچە يارىتىۋاتقىنى يوق، كونا ئەنئەنىلەر «روھ-ئەرۋاھ»غا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ھەر ۋاقىت چىرماپ تۇرماقتا. بۇ، ماركسىزم-لېنىنىزملىق ھەقىقەت، بۇنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

# قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە — «قۇتادغۇبىلىگ» توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## كىرىش

قوشاق، چۆچەك، مەسەل، رىۋايەت ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى مىلادى 6 –، 7 – ئەسىرلەردىن 13 – ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرى «ئورخۇن – يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»، «قۇتادغۇبىلىگ»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ھىببەتۇل ھاقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» شەرق ئەللىرى تارىخى بىلەن ۋەتىنىمىز تارىخىدا پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار دەۋرى ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى ۋە بىۋاستە مەھسۇلى بولغانلىقى؛ جۈملىدىن، ئىنسانلىقنىڭ بىر مۇنچە مۇھىم ساھەلىرى (مەسىلەن: ئەقىل – پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق ۋە پەزىلەت) بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى پىكىرلەرنى بەدىئى ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن نامايەن قىلىپ، جەمىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى؛ بولۇپمۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۇنى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا يۇقىرى بالداققا كۆتەرگەنلىكى، تېما ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتە تامامەن يېڭى بىر دەۋر ئاچقانلىقى؛ ناھايىتى، ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن جاھان ئەدەبىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقانلىقى ئۈچۈن، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق بىر نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر 19 – ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، جاھانشۇمۇل تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە. دۇنيا بويىچە نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇ كىتاب بىلەن شۇغۇللاندى ۋە شۇغۇللانماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى (جۈملىدىن كونا روسىيە)، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، دانىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەشھۇر

ئالىملىرىدىن رادلوف، بارتولد، مالوف، ساماپلوۋىچ، بېرتىلىس، پىرتساك، ۋامبىرى، ئوتتوئولبېرت. تومسىن، بومباچى، بروكلمان، هارتمان. فىترەت رەھمىتى، مىيان بۇزرۇك زەكى ۋەلىدى، رىشىت رەھمىتى ئارات، كوپرۇلۇ فۇئات، سەدرى مەخسۇدى، دىلاچار، كافسۇغلۇ قاتارلىقلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كىپايە، مۇندىن تاشقىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن تۈركىيە تىل جەمىيىتى قاتارلىق ئىلمىي مۇئەسسەلەر خېلىدىن بېرى « قۇتادغۇبىلىگ» ئۈستىدە كوللېكتىپ تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا كەلمەكتە.

ھەقىقەتەنمۇ 11 - ئەسىردە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ « قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرى بىلەن قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋە مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساسچىسى، قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ دولەت ئەربابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ئىدى. ئۇنىڭ زاماندىشى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » (تۈركى تىللار دىۋانى) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تۈركولوگىيىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاساسچىسى، شۇنداقلا جاھان تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇستازى ھېساپلانماقتا. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس نادىر ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭمۇ ئىپتىخارىدۇر. « قۇتادغۇبىلىگ » بىلەن « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ باي مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بىباھا گوھەرلەردىن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھوكۇمەت بۇ ئەسەرلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بىباھا گوھەرلەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كورۈشتۈرۈشكە ئىنتايىن كوڭۈل بولمەكتە. شەخسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى بۇ ئىككى ئەسەرنى پۈتۈن ئاكادېمىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرى قىلىپ بېكىتىپ، تەرجىمە ۋە نەشىر ئىشلىرىغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

بۇ ماقالىدا، پەقەت « قۇتادغۇبىلىگ » نى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز. ماقالە ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ: بىرىنچى، « قۇتادغۇبىلىگ » ھەققىدە ئومۇمى مەلۇمات؛ ئىككىنچى، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن « قۇتادغۇبىلىگ» كە بىر نەزەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## I . « قۇتادغۇبىلىگ » ھەققىدە ئۇمۇمى مەلۇمات

### 1 . ئەسەر نامى ۋە ئەسەر ھەققىدىكى بەزى قاراشلار

مەلۇمكى ، « قۇت» سوزى تۈركى تىلدا ناھايىتى قەدىمدىن بۇيان بەخت ياكى دولەت ، سائادەت ، تەلەي ، مۇبارەك ، مۇقەددەس دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا پېىل ياسىغۇچى قوشۇمچە « ئادغۇ » نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن « قۇتادغۇ » — « بەخت – دولەت بەرگۈچى» ياكى « بەخت – سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى » دىگەن ئۇقۇم ھاسىل بولغان . « بىلىگ » — بىلىم ياكى ئىلىم دىگەن مەنىدە بولۇپ، « قۇتادغۇبىلىگ » دىگەن سوزنى « بەخت – سائادەت بەرگۈچى بىلىم » دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى . ۋامبىرى ، رادلوف ۋە تومسىن ، كوپرۇلۇفۇئات قاتارلىق ئالىملارمۇ ، خۇددى شۇ مەنىدە « بەخت – سائادەت ئىلمى » دەپ تەرىپلەيدۇ .

لېكىن ، « قۇتادغۇبىلىگ » ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، بەزى ئالىملار پەقەت « بەخت – سائادەت بەرگۈچى بىلىم » دىگەن تەبىر بىلەن قانائەتلەنمەي ، تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا « پادىشالارغا لايىق بىلىم » ① دىسە ، بەزى ئالىملار ، مەسىلەن : پروفېسور كافسۇغلۇ « ھوكۈمرانلىق ئىلمى » ، « ھاكىمىيەت ئىلمى » ، « دولەتشۇناسلىق ئىلمى » ، « دولەت ھاكىمىيىتىگە ئېرىشىش ئىلمى » دەپ باھا بەرگەن ② . پروفېسور سەدرى مەخسۇدى « ھوقۇق ( قانۇن ) شۇناسلىق دەستۇرى » دەپ قارايدۇ ③ . پروفېسور رىشىت رەھمەتى ئارات كىتاپ مۇئەللىپىنىڭ :

كىتاپ ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىگ

قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ

---

① ۋ . ھ . بارتولد : « ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە دەرسلەر » 121 – بەت ، 1927 – يىل ، ئىستانبۇل .

② ئى . كافسۇغلۇ : « قۇتادغۇبىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدىنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى » . 34 – بەت ، 1680 – يىل ، ئىستامبۇل .

③ سەدرى مەخسۇدى : « تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق » 93 – 97 ، – بەتلەر ، 1947 – يىل ، ئىستانبۇل .

( كىتابقا : « قۇتادغۇبىلىگ » دەپ ئات قويدۇم ، ئوقۇغان كىشىنى قۇتلۇق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا يول كورسەتسۇن ) دىگەن ئىزاھاتىنى نەقىل كەلتۇرۇپ : «قۇتادغۇبىلىگ» — «ئىنسانغا بەخت - سائادەتلىك بولۇش يولىنى كورسىتىپ بەرگۇچى بىلىم» دىگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ (1) .

ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتلاردىن كېيىن ، ئىلىم دۇنياسىدا بۇ كىتاپ توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار مەيدانغا كەلدى : گېرمانىيە ئالىمى ئوتتوئولبىرت « قۇتادغۇبىلىگ » نى ئارىستوتېل بىلەن ئىبىن سىنا ئىلغار پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىدە يېزىلغان بىر پەلسەپە كىتاۋى دەپ ھىساپلايدۇ . تۇركىيە ئالىمى كوپرۇلۇفۇئات بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ « قۇتادغۇبىلىگ » تە « ئوز ئىچىگە ئالغان پىكىرلىرى ئېتىۋارى بىلەن ئىبىن سىنا تەسىرى ناھايىتى كۇچلۇك »(2) دەيدۇ . رۇس ئالىمى ئا . سامايلوۋىچ « قۇتادغۇبىلىگ » بىلەن فىردەۋسىنىڭ « شاھنامە » سى ئوتتۇرىسىدا ئەدەبىي جەھەتتىن باغلىنىش بارلىغىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ . ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبىرى بىلەن ج . تيۇرى ۋە رۇس ئالىمى بارتولد « قۇتادغۇبىلىگ » تە قەدىمقى جۇڭگو ۋە ئىران پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بارلىغىنى تەكىتلەيدۇ (3). ئىتالىيە ئالىمى ئا . بومباچى « بۇ ئەسەر ئۇزىنىڭ تۇزۇلىشى بىلەن تامامەن ئورىگىنال ( باشقىلارغا ئوخشىماي دىغان ) بىر ئەسەردۇر . ئىرانلىقلارنىڭ « قۇتادغۇبىلىگ » كە « شاھنامەئى تۇركى » ( تۇركى شاھنامە ) دەپ نام بەرگەنلىگى ھەققىدىكى گەپلەر « قۇتادغۇبىلىگ » بىلەن «شاھنامە» ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ جىددى مۇناسىۋەت بارلىغىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ» (4) دەيدۇ . پىروفېسور سەدرى مەخسۇدى مۇنداق دەيدۇ : « قۇتادغۇبىلىگ » « 11 - ئەسىردىكى تۇركى خەلقلەر مەدىنىيىتىنىڭ بىر ئابىدىسى ، » « بۇ ئەسەر تۇركى خەلقلەرنىڭ بىر مەدەنىي مۇھىتىدا ئەسىرلەردىن بۇيان توپلانغان ئەخلاق ، سىياسەت ۋە ھوقۇق (قانۇن) غا دائىر پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسىدۇر » ، « ھەممىدىن دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، فىردەۋسى ( ئۇزىنىڭ « شاھنامە » سىدە ) ئەپسانىۋى ئىران تارىخىنى تەسۋىرلىگەن بولسا ، تۇركى خەلقلەر مۇتەپەككۇرى يۇسۇپ

(1) رىشىت رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىگ» 1-توم، مۇقەددىمە، 25-بەت، 1979-يىل، ئەنقەرە.

(2) كوپرۇلۇفۇئات : « تۇرك ئەدەبىياتى تارىخى » 1-توم ، 198-بەت . 1926-يىل، ئىستانبۇل .

(3) كوپرۇلۇ فۇئات : « تۇرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات » 27 - بەت ، 1934 - يىل ، ئىستانبۇل.

(4) ئا . جافىروغلۇ : « تۇرك تىلى تارىخى » 2 - توم . 55 - بەت ، 1964 - يىل . ئىستانبۇل .

www.uyghurkitap.com



دۆلەت ئىدارىسىدىن، ھوقۇقتىن، ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن بەھس قىلىدۇ» ①. پۈتۈن ئۆمرىنى «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان دوكتور رىشىت رەھمەتى ئارات مۇنداق دەيدۇ: «قۇتادغۇبىلىگ ـ نە ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغۇچى بىر تارىخ، نە رايون ـ جاي ۋە شەھەرلەرنى تەسۋىرلىگۈچى بىر جۇغراپىيە، نە دىن كىشىلىرىنىڭ ئىجتىھاتلىرىنى توپلىغان بىر كىتاپ، نە ھېكمەلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ۋە نە شەيخلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە تايانغان نەسىھەتنامىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك مەنسەپ ئەھلىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تەمەسىز مەجاز (مىتافورا) لار بىلەن ئەخلاق دەرسى بەرگۈچى قۇرۇق نەسىھەتچى ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت ھەم دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر ھايات پەلسەپەسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ كەڭ مەنىدىكى بىر مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئەسىرى ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن بىللە باشقا جەھەتلەردىمۇ تامامەن ئورىگىنال بىر ئەسەردۇر» ②.

جاھان مىقياسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقات بىر ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلماقتا. زامان ئۆتكەنسېرى، يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەر مەيدانغا كەلمەكتە. دىمەك، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنى ناھايىتى زور دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ۋەتىنى بولغان بىزنىڭ ئېلىمىزدە تەتقىقات ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئەسەر تىلىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا تەتقىقات چوڭقۇرلاشسا تېخىمۇ زور نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان يېڭى تۆھپىسى بولغان بولاتتى.

## 2. كىتاپنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى

بۇ كىتاپ مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلى ۋە ئارۇزنىڭ مۇتاقارىپ ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمى 6645 بېيىت، يەنى 13290 مىسرادىن تەركىپ تاپقان (كېيىن قوشۇلغان مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە 85 باپقا بۆلۈنگەن. ئەپسۇسكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسى تېپىلمىدى. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى كېيىنكى چاغلاردا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

① سەدرى مەخسۇدى: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» 39 ـ، 97 ـ بەتلەر، 1947 ـ يىل، ئىستانبۇل.
② رىشىت رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىگ» 1 ـ توم، 24 ـ بەت، 1947 ـ يىل، ئىستانبۇل.

ۋېنا نۇسخىسى — مىلادى 1439 - يىلى يەنى «قۇتادغۇبىلىگ» دۇنياغا كېلىپ 370 يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھىرات شەھىرىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. 1790 - يىلى ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر - پۇرگىستال ۋېناغا ئاپىرىپ، ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان (ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلانماقتا). 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ۋېنگىرىيىلىك شەرقشۇناس ئارمىن ۋامبېرى ۋە رۇس ئالىملىرىدىن ۋىلگېلىم رادلوف كىتاپىنى تۇنجى قېتىم قىسمەن ترانسكرىپسىيە ۋە قىسمەن تەرجىمىسى بىلەن دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

قاھىرە نۇسخىسى — ئەرەپ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخە بولۇپ، جەمى 5400 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇ نۇسخىنى قاھىرە «ھىدىۋ» كۇتۇپخانىسىنىڭ نېمىس مۇدىرى دوكتۇر مورىتىز 1896 - يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان، كېيىن تۈركىيە تىل جەمئىيىتى بۇ نۇسخىنىڭ فوتوسىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈپ، 1943 - يىلى شۇ پېتى بېسىپ چىقارغان.

پەرغانە نۇسخىسى — ئەرەپ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخە بولۇپ، جەمى 6095 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇنى تۇنجى قېتىم 1914 - يىلى زەكى ۋەلىدى توغان پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىن تاپقان ۋە شۇ چاغلاردا رۇس جامائەتچىلىكىگە بىر قۇر تونۇشتۇرغان. بۇ نۇسخا ئارىدا بىر زامان يوقىلىپ كېتىپ، 1924 - يىلى ئۆزبەك ئالىمى پروفېسسور فىترەت تەرىپىدىن قايتا ئاشكارىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. 1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ نۇسخىنىڭ فوتو كوپىيىسىنى تۈركىيە تىل جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان. تۈركىيە تىل جەمئىيىتى 1943 - يىلى بۇ نۇسخىنىڭ فوتو باسمىسىنى نەشردىن چىقارغان ①. ئاندىن كېيىن، دوكتۇر رەشىت رەھمەتى ئارات ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، بۇ نۇسخىلارنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن 1947 - يىلى «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ تولۇق مەتىن (تېكىستى) نى ترانسكرىپسىيە بويىچە نەشردىن چىقاردى ۋە 1959 - يىلى ھازىرقى زامان تۈركچىسىگە قىلىنغان نەسرى تەرجىمىسىمۇ ئېلان قىلىندى. رەشىت رەھمەتى ئارات تۈزەشكە باشلاپ، ئۆمرى يار بەرمىگەنلىكتىن تاماملانماي قالغان «قۇتادغۇبىلىگ ئىندېكسى» (سۆزلۈكى) مۇ، تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ 1979 - يىلى نەشر قىلىندى.

«قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ئەسلىدە قايسى يېزىق بىلەن يېزىلغانلىقى مەسىلىسىدە،

---

① نۇسخىلار توغرىسىدىكى مەلۇمات ئا. دىلاچارنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى ناملىق كىتاۋىنىڭ 38 - ، 39 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



بەزىلەر بۇ كىتاپ يېزىلغان چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىلار تەرىپىدىن رەسمىي دولەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ۋە ئەرەپ تەسىرىنىڭمۇ كۈچەيگەنلىكىگە ، شۇنىڭدەك « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ ئۆزىدىكى

بەگ ئاتى بىلىگ بىرلە باغلىغ تۇرۇر
بىلىگ لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر

دىگەن بېيىتقا ، يەنى « ل » ھەرپىنىڭ ئەرەپچىدە « لام » دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىغا قاراپ ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كىتاپنى ئەرەپ يېزىقىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن دىگەن پىكىرگە كېلىدۇ . دوكتۇر رىشىت رەھمەتى ئارات بۇ پىكىرگە قوشۇلماي ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ قاراخانىلاردا ئەرەپ يېزىغى بىلەن بىللە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭمۇ باراۋەر قوللىنىلغانلىغىنى ، ھەتتا ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدە ياركەنتتە تۈزۈلگەن مەھكىمە قارارلىرىنىڭمۇ شۇ ئىككى خىل يېزىقتا بولغانلىغىنى ، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ بەزىلىرىدىكى شاھىتلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىغىدا ئىمزا قويغانلىغىنى ، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » تە بەرگەن مەلۇماتى بويىچە ئېيتقاندا ، قەشقەردىن يۇقۇرى چىنىچە پۈتۈن تۈرك ئۆلكىلىرىدە ھوكۇمدار ۋە بەگلەرنىڭ يارلىق ۋە مەكتۇپلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلىپ ، ئىدارە ( ھوكۇمەت ) ئىشلىرىدا بۇ يېزىقنىڭ ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغانلىغىنى ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئالتۇن ئوردا ۋە ئىراندىكى بەزى تۈركى دولەتلەردە 17 - ئەسىرگە قەدەر ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ قوللىنىلغانلىغىنى دەلىل كەلتۈرۈپ « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان ئەسلى نۇسخىسىنى ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلغان دەپ قوبۇل قىلىش ، ھازىرچە ، ھەممىدىن توغرا بولىدۇ ، دىگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ ①. دىمەك ، بۇ مەسىلە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3. كىتاپ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرچە « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ ئۆزىدىكى ماتىرىياللاردىن باشقا تولۇغراق مەنبە يوق :

① رىشىت رەھمەتى ئارات : « قۇتادغۇ بىلىگ » 1 - توم ، مۇقەددىمە 32 - بەت . 1947 - يىل ، ئىستانبۇل .

تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم،
قوغۇ ① قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم .
ئوقىر ئەمدى ئالتىمىش ماڭار كەل تىيۇ ،
بۇ سۆغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ .

يەنى :

( نىرى گەر تەككۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم ،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىم .
مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش ئەمدى دەيدۇ كەل ،
بارۇرمەن نىرىگەر يەتمىسە ئەجەل. )

بۇ بېيىتلارغا قارىغاندا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىگ » نى يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ئىدى . « يىل ئالتمىش ئىكى ئەردى تورت يۈز بىلە ... » « توكەل ئون سەكز ئايدا ئايدىم بۇ سوز ... » دىگەن قۇرلارغا قارىغاندا ، بۇ كىتاپ ھىجرىيىنىڭ 462 – يىلى ( مىلادى 1069 – يىلى ) جەمئى 18 ئايدا يېزىلىپ، بولغان . شۇنىڭغا قاراپ ، « يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تەخمىنەن ( مىلادى ) 1018 – يىلى تۇغۇلغان دېيىشكە بولىدۇ ، شائىرنىڭ تۇغۇلغان يېرى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بالاساغۇن ئىدى، بۇ شەھەر مىلادى 7– ئەسىردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ ، تارىختا بالاساغۇن، ۋالاساقۇن ، بىلادساغۇن دىگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان . ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ فرۇنزى ( كونا نامى پىشپەك ) ئوبلاستىدىكى « ئاق پىشىن » دىگەن جايغا توغرى كېلىدۇ . مىلادى 893 – يىلى قارا خانىلار پايتەختىنى قەشقەرگە كوچۈرگەندىن كېيىنمۇ ، بالاساغۇن قاراخانىلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى ۋە مەدىنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن ( ئۇ چاغدىكى مۇھىم مەدىنىيەت مەركەزلىرى قەشقەر ، سەمەرقەنت ، بۇخارا ، قاراپ ، شاش ياكى تاشكەنت ۋە بالاساغۇن ئىدى ) ، « قۇتادغۇ بىلىگ » يېزىلغان زامانلاردا قەشقەر پايتەخت ئىدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىگ » نى بالاساغۇندا يېزىشقا كىرىشىپ ، 1068 يىلى

① قوغۇ — ئاققۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## « قۇتادغۇ بىلىگ » توغرىسىدا

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ، يەنە بىر زامان ئەمگەك قىلغاچ ، 1069 – يىلى پۈتكۈزگەن ①. ئاندىن ئۇنى قاراخانىلار خاقانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان ، ھەسەن بۇغراخان بۇ كىتاپنىڭ قەدرى – قىممىتىگە يېتىپ ، مۇئەللىپكە « خاس ھاجىپ » ( بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، « ئۇلۇغ خاس ھاجىپ » لىق ② ئۇنۋانىنى بەرگەن ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىر قاراخانىلار ئوردىسىدا ئەڭ نوپۇزلۇق دولەت ئەربابى سۈپىتىدە پۈتۈن ھاكىمىيەتكە تەسىر ئۆتكۈزەلەيدىغان مەۋقەگە ئېرىشتى . شائىرنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق . بىراق كىتاپنى يازغان چاغلىرى ( ئەللىك ياشلىرى ) دىلا جىسمانى ئاجىزلىق ، قېرىلىقتىن شىكايەت قىلىپ :

تاتىغ ئەردى بارچە يىگىتلىك ئىشىم
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم
(يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم ،
ئوغا قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئېشىم .)

قادىڭتەگ بۇدۇم ئەردى ئوقتەگ كۆنى تۈز،
ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم توڭىتتىم .
(قىيىندەك بويۇم ئەردى ئوقتەك دۇرۇست ، تۈز ،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم ، ئېگىشتىم .)

دىگىنىگە قاراپ بەزى ئالىملار شائىرغا ئۇزۇن ئۆمۈر نەسىپ بولمىغان بولسا كېرەك دىگەن پىكىرگە كېلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيەردە ۋە قانچىلىك تەھسىل كۆرگەنلىكى ھەققىدە ، ھازىرچە ، قولىمىزدا ئېنىق ماتىرىيال بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئىگە ئالىم ، چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ ، مۇتەپەككۇر ، شائىر ئىكەنلىكىدە قىلچە شۈبھە يوق ، « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » ( تۈركى تىللار دىۋانى ) نى ئوقىغان كىشىنىڭ كۆز ئۆڭىدە مەھمۇت قەشقىرى ئۇلۇغ تىلشۇناس ، ئېتنوگراپ ، تارىخچى ، جۇغراپىيىچى ، خەرىتىچى ،

① ئا . دىلاچار : « قۇتادغۇ بىلىگ تەتقىقاتى » 23 – بەت ، 1972 – يىل ، ئەنقەرە .

② « خاس ھاجىپ » — ( ئەرەپچە ) ئارىچى ، ۋەكىل ، ۋاكالەتدار ، خاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى ، خاس مەسلىھەتچى دىگەن مەنىلەردىكى سوز بولۇپ ، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ سوزنىڭ قەدىمقى تۈركچىسى « تاياڭۇ » يەنى سەلتەنەت تايانچىسى ، دولەت تۈۋرۈكى ، ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشى دىمەكتۇر («دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» فوتونۇسخە ، 230 – بەت ) .

گرامماتىكا ئالىمى، دىيالېكتشۇناس، فولكلورچى، ئەرەبىست (ئەرەپ تىلى مۇتەخەسسىسى)، ھەربى – ئىستراتېگ بولۇپ گەۋدىلەنگىنىدەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» نى ئوقىغان كىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل – ئەدەبىيات، شېئرىيەت، فولكلور، دىراماتۇرگىيە، ھەربى ئىلىم قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاجايىپ يېتىك بىرزور ئالىم ئىكەنلىكىگە قايىل قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مىساللارنى كەلتۈرۈش كىپايە:

ئاسمان بوشلۇغى، يۇلتۇز ۋە سەييارىلار، 12 بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يىل پەسىللىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاسترونومىيىسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، زۇھەل (ساتۇرىن)، مۇشتەرى (يۇپىتېر)، مىرىخ (مارس)، چولپان (ۋېنېرا)، ئاتارۇت (مېركۇرى)، قۇياش ۋە ئاينى يەتتە سەييارە دەپ ئاتاپ ئۇلارنىڭ ئورنى، ھەركەت يولى، خۇسۇسىيىتى، ھەتتا «خۇلق – مىجەزى» نى، شۇنىڭدەك قوزى، ئۈي، جەۋزا، سەرتان، بوغداي بېشى، ئەرسلان، قەۋس، چايان، مىزان، ئوغلاق، سوغا ۋە بېلىقتىن ئىبارەت 12 بۇرجنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىلمىي بايانلىرى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىگىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن.

بۇ كوكتىكى يۇلدۇز بىر ئانچە بەزەك،
بىر ئانچە قۇلاۋۇز بىر ئانچە يەزەك.

بۇلاردا ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر يۈرىر
ئىكى يىل سەكىز ئاي بىر ئەۋدە قالىر.

ئانىڭدا باسا بولدى ئىكىنچ ئوڭاي،
بىر ئەۋدە قالىر ئون ئادىن ئىكى ئاي.

ئۈچىنچى كۇرۇد كەلدى كوكسۈن يورىر،
قايۇقا بۇ باقسا ياشارمىش قۇرىر.

يەنى:

كوكتىكى يۇلتۇزنىڭ بەزىسى بىزەك،
بەزىسى يولباشچى، بەزىسى جىسەك.

www.uyghurkitap.com



بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر ① تۇرۇر ،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر .

ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي②،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي .

ئۈچىنچى كۈرۈددۈر ③ ، غەزەپتە يۈرۈر ،
قايان باقسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر .

تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقى تارىخىدىكى ئوتۇكىن ياكى ئوتۇكەن ④ بەگلىرى ، ئۆچ ئوردا ⑤ بېگى ، ئىلى بېگى ، ياغما بېگى ، ئالىپ ئەرتۇڭا ( ئافراسىياپ ) قاتارلىقلادىن تاشقىرى ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئوتكەن مۇسا ، ئەيسا كەبى پەيغەمبەرلەر ، ئىسكەندەر زۇلقەر-نەيىن , لوقمان ھېكىم ، نوشىرۋان ئادىل ، زۇھاك ، پەرىدۇن ھەققىدە ؛ رۇم ( ۋىزانتىيە ) ، ئىران ، سوغداق ، ھىندى ، „ چىن ۋە ماچىن „ ھەققىدە ؛ « شاھنامە » ، ئىبرانى ( قەدىمقى يەھۇدى ) ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ؛ جۇملىدىن قەدىمقى يۇنان ھېكىمى ھىپپوگرات ئوتتۇرىغا قويغان توت خىلت ( قان ، سەپرا ، بەلغەم ، سەۋدا ) ھەققىدىكى كوز قاراشلىرى ۋە باشقىلارمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ .

مۇندىن تاشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر مۇنچە تۈركى دىيالېكتلارنى پىششىق بىلگەندىن باشقا ، ئەرەپ ـ پارىس تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى . بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە „ شۇ زامانلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئىران تىللىرىدىن سوغداق ( سوغد ) تىلىنى ، ھەتتا خەنزۇچىنىمۇ بىلەتتى „ ⑥ . ئەرەپ ـ پارىس ئەدەبىياتى بىلەن ، بولۇپمۇ ئۇلۇغ پارىس شائىرى ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى ( مىلادى 934 — 1025 ـ يىللار ) ۋە مىلادى 786 ـ

① سەكەنتىر — زۇھەل ( ساتۇرىن )
② ئوڭاي — مۇشتىرى ( يۇپىتېر )
③ كۈرۈد — مىرىخ ( مارس ) .
④ ئوتۇكىن ( ئوتۇكەن ) — كوك تۈركلەرنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى مۇقەددەس ئانا ۋەتىنى .
⑤ ئۆچ ئوردا — ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېنىدىكى „ ئۆچ „ دىگەن جاي قەدىمقى زاماندا مۇھىم سىياسى مەركەزلەرنىڭ بىرى ئىدى .
⑥ ئا . دىلاچار : « قۇتادغۇبىلىگ تەتقىقاتى » 22 ـ ۋە 148 ـ بەتلەر ، 1972 ـ يىل ، ئەنقەرە . (دوكتور رىشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ پىكرىچە ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىۋاستە ئەمەس ، قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئارقىلىق پايدىلانغان .)

يىللىرىغىچە ياشىغان بۈيۈك ئەرەپ ئالىمى خېلىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ «ئىلمى ئارۇزى »سى بىلەن يېقىندىن تونۇش ئىدى . ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمقى يازما مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مىف ، راۋايەت ، چۆچەك ، ماقال - تەمسىل ، شېئىر ، قوشاقلىرىدىن ، خەلقنىڭ جانلىق تىل بايلىقىدىن ناھايىتى كۆپ ئۆزلەشتۈرگەن . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەيلى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تۈركى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ھېچقانداق ئورنىگە بولمىغان مۇشۇنداق ئەسەرنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى .

ھەممىدىن دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى ، شائىر بۇ كىتابىنى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى — ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشقا تىرىشقانلىقىغا قارىماي ، ئۇنىڭغا بەزىدە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بىللە ، قاتتىق نەسىھەت قىلىدۇ ، قاتتىق تەلەپلەرنى قويىدۇ ، ھەتتا تەنبىھ بېرىدۇ . مەسىلەن :

نەتەگ بەگ بولۇر ئول بۇدۇنغا ئۇلۇغ ،
تىلى يالغان ئەرسە ، كور ، ئېلگى قۇرۇغ .

( يالغانچى ۋە بېخىل كىشى قانداق قىلىپ ئەلنىڭ ئۇلۇغ بېگى بولالايدۇ . )

ئاي ئىلىگ ئوتاچى سانى سەن بۇگۈن ،
بۇدۇن بارچە ئىگلىك ساڭا مۇڭلۇغۇن .

( ئەي ھۆكۈمدار ، سەن بۈگۈن بىر تېۋىپسەن ، خەلقنىڭ ھەممىسى ساڭا مۇھتاجلىق كېسىلىگە دۇچاردۇر . )

قايۇسى كوتەرمىش بولۇر كوچ ئىرىنچ ،
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەرساقىنچ .

( بەزىسى زۇلۇم يۈكىنى كوتەرمەكتە ، بەزىسى يوقسۇللۇقتىن ھەسرەت چەكمەكتە . )

قايۇ ئاچ قايۇسى يالىنمىش بولۇر ،
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۇ لىنمىش بولۇر .

www.uyghurkitap.com



( بەزىسى ئاچ ، بەزىسى يالاڭغاچ ، بەزىسى قايغۇ بىلەن پۇغان چەكمەكتە. )

سەنىڭدە تۇرۇر كور بولارنىڭ ئەمى ،
ئوتاغىل دارۇ بىرلە بولغىل قامى.

(ھەممىسىنىڭ داۋاسى سېنىڭدە ، سەن ئۇلارغا تېۋىپ بولۇپ دورا بەر ۋە ئىلاجىنى قىل . )

قالى قىلماسا سەن ئەمى يا ئوتى،
بودۇنقا بولۇرسەن تىرىگلىك يوتى.

(ئەگەرسەن ئۇلارنى داۋالاپ ، دەردىگە دەرمان بولمىساڭ ، خەلقنىڭ ھاياتىغا بالا (زامىن ) بولىسەن.)

ئاي ئىلىگ باقا كور سەن ئوزكە كوزۇن ،
بىر ئوزكە نەچە نەڭ تىرەر سەن ئوزۇن .

( ئەي ھوكۇمدار ، ئوزەڭگە بىر قارا ، بىر ئوزۇڭ ئۇچۇن نەقەدەر كوپ نەرسىلەرنى توپلىدىڭ .)

تەڭىز دەكى گەۋھەر تۆكە مەز ساڭا ،
تۆپىندەكى يىنچۇ تۈيۈماز ساڭا

( دېڭىزدىكى گوھەر سېنىڭ ئۇچۇن تۆگىمەس ، تۆۋىدىكى ئۈنچە - مارجانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس.)

ياغىز يىر قاتىنداقى ئالتۇن كۈمۈش ،
تىرەرسەن خەزىنە ئۇرۇر سەن ئوكۇش .

( قوڭغۇر يەر قېتىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى توپلاپ ، غەزنىلەر بەرپا قىلىسەن .)

ياغىز يەر ئوزەلە ئونۇگلى ئەۋىن
تىرىپ سەن تولۇلار سەن قازناق ئەۋىن

( قوڭۇر يەر يۈزىدە ئۈنگەن دانلىقلارنى توپلاپ ، ئامبار تولدۇرسەن . )

ئۈچۈغلى يورىغلى سۇۋ ئىچرە بالىق ،
قۇتۇلماز سەنىڭدىن ئايا سارىپ قىلىق .

( كوكتىكى قاناتلىقلار ، يەردىكى ئاياقلىقلار ۋە سۇدىكى بېلىقلارمۇ سېنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ ، ئەي قاتتىق مىجەزلىك كىشى . )

ئاجۇن تەزگىنۇر ئىلدە ئارقىش يورىپ ،
ئاغى چۇز تىيىڭ قىش ئالىرسەن تىرىپ ،

( جاھان كېزىپ يۈرگەن كارۋانلارنىڭ ئېسىل يىپەك ، تىيىن ، سەۋسەرلىرىنى سەن يىغىپ ئالىسەن ) .

ياقۇزدا يورىغلى قالىن كوپ قۇتۇز ،
ياتۇزدە يورىغلى ئۇد ئىنگەك ئوكۇز ،

( يا تەسكەيدە توپ - توپ يۈرگەن قوتازلار ، ياتۇزدە يۈرگەن ئىنەك — هوكۇزلەر )

قايادا يورىغلى بۇ ئىمگا تەكە ،
قۇتۇلماز سەنىڭدىن ئاي ئەرسىگ بوكە ،

( يا قىيالاردا يۈرگەن ياۋا ئوچكە ، كىيىكلەر ، بۇلارنىڭ هېچقايسىسى سەندىن قۇتۇلالمايدۇ )

ئۇچارىغ ئۇچۇرماز سەنىڭ قۇشلارىڭ ،
يۇرىرىغ يورىتماز كور ئىرسىگ ئىتىڭ .

( ئۇۋ قۇشلىرىڭنىڭ دەستىدىن قاناتلىقلار ئۇچالمايدۇ . ئىتلىرىڭنىڭ دەستىدىن ئاياقلىقلار يۈرەلمەيدۇ . )

ئاتالىغ ئاتاسىز قالىر يالغۇزۇن ،
ئانالىغ ئاناسىز بولۇر ئوگسۇزۇن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



( ئاتىلىقلار ئاتىسىز بولۇپ يالغۇز قالدۇ . ئانىلىقلار ئانىسىز بولۇپ يېتىم قالدۇ . )

بۇمۇنچا ئاچۇن بارچا بۇتىرۇ ساڭا ،
تۆكەمەز تۆكەرسەن ئاي كۆچلۈگ توڭا.

( شۇنچە دۇنيا سېنىڭ ئېچۈچۈن يەتمەس ۋە تۈگمەس ، ئەمما ئۆزەڭ كېتەرسەن ، ئەي كۈچلۈك يىگىت. )

شائىر ئۆزى ياشاپ تۇرغان رىيال ھاياتنى ( يەنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىيىتىنى ) قاتتىق پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ؛

« ئەي بىلىملىك كىشى ، ئەتراپىڭغا بىر باق ، نىمىلەرنى كورەرسەن . بىلىملىكلەر خارلانغان ، ئېتىۋاردىن چۈشكەن ، چەتكە قېقىلغان ، ئېقىلىقلار تىلسىز ، ئۇلار ئاغزىنى ئاچماس ، ھالالنىڭ پەقەت ئىسمىلا قالدى ، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى ، بۇنى سەزگەن كىشى يوق ... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگەللىدى ، توغرا يولدا ماڭغان كىشى نەدە ؟ ! »

مۇشۇنداق قاتتىق نەسىھەت ، تەنبىھ ۋە تەنقىتكە قارىماي ، شائىرنى قەدىرلەپ ، خاس ھاجىپلىققا كوتەرگەن ھەسەن بوغراخاننىڭ ئۆزىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولسا كېرەك .

دىمەك ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشالارغا مەدھىيە ئوقۇپ ، ئۇلارنىڭ دەستۇرخان ساقىتلىرى بىلەن قوساق تويغۇزىدىغان قەسىدىخان سارايى شائىرى ئەمەس ، ئۆز زامانىسىنىڭ رىيال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقۇرى سەۋىيىدە تۇرغان ئىلغار پىكىرلىك بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ۋە خەلقپەرۋەر ، مەرىپەتچى ، دولەت ئەربابى ئىدى . بۇ جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ناۋائىي ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كوپ ئوخشاشلىق بار ئىدى .

شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتىرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى ، ئىچكى ـ تاشقى ئۇرۇشلارغا ئاساسى جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ ، قاراخانىلار سۇلالىسى بىر قەدەر تىنچ مۇھىتتا كوچكەن ، بولۇپمۇ ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغان ئىدى . بۇ مەدەنىيەتتە بىر تەرەپتىن ، ئەرەپ ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شامان ، مانى ، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمقى مىللى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالماقتا ۋە بەلكى زور سالماقنى ئىگەللىمەكتە ئىدى ؛ بىر تەرەپتىن ، تىل ـ يېزىق ، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەپ ئاسسىمىلاتسىيىسى باشلىنىپ كەتكەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ ساھەلەردە ئەرەپلىشىپ كېتىشكە قارشى كەسكىن كۆرەش مەيدانغا كەلگەن ئىدى . رىشت رەھمىتى ئاراتنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا ، « تۈرك يېزىق تىلى ماتىرىياللىرى

بىلەن مۇكەممەل قوراللانغان، بۇ تىلنىڭ ئىنچىكىلىكلىرىنى كامىل دەرىجىدە ئىگىلىگەن ۋە بۇ ساھەدە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تېخى تونۇشۇپ ئۈلگۈرمىگەن زامانىدىشى مەھمۇت قەشقىرى بىلەن ئەنە شۇ كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇراتتى.

ئىككىنچى تەرەپتىن، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى، يەنى فېئوداللىق دۆلەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، مەملىكەتنى پارچىلىنىشتىن ساقلاپ، بىرلىكنى تەمىن ئېتىش، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئاكتىپ تەدبىرلەر بىلەن باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقىنى، يەنى ئىنسان قەلبىنى تۈزەش، باشقىچە ئېيتقاندا گۈللىنىۋاتقان فېئوداللىق جەمئىيەتكە مۇناسىپ بىر مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەقەززاسى «قۇتادغۇبىلىگ» تەك بىر ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە مۇھتاج ئىدى. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ مەيدانغا كېلىشى تەسادىپىي بولمىغىنىدەك، ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ ئەسەر مۇئەللىپىنى شۇ دەرىجىدە قەدىرلىشىمۇ ھەرگىز تەسادىپىي ئەمەس ئىدى.

## 4 . «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ تەسىرى

«قۇتادغۇبىلىگ» ئۆز دەۋرىدىن باشلاپلا، ئەتراپ ئەللەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يۇقۇرى باھاغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ كىتابقا شۇ زامانلاردا باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇلغان بىر نەسرى مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى بىلەن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە شۇنداق پىكىرگە كەلدىلەركى، پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى بىرلە پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلى ۋە تۈركى سۆزلەر بىلەن ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراق بىر كىتاب يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشا ياكى قايسى ئەلگە يەتسە، كىتابنىڭ غايەت ياخشىلىقى ۋە كۆركەملىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىدى. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمولۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى)، ماچىن پادىشالىقىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇلمەملىكە» (مەملىكەت ئەيىنىگى)، مەشرىقلىقلار «زىنەتۇل ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» دەپ ئاتىسا، بەزىلىرى «پادىشالارغا نەسىھەتنامە» دەپ ئات قويىدى. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىگ» دەپ ئاتىدى" ①. بۇنىڭدىن «قۇتادغۇبىلىگ» ئۆز دەۋرىدىلا ئەنە شۇ ئەللەرگە تارقىلىپ، ئۇلار ئايىرىم.

① رەشىت رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىگ» 1 ـ توم، 2 ـ بەت.

ئايرىم ئاتالار بىلەن ئاتىغان دىگەن مەنا كېلىپ چىقمىسىمۇ، ماۋزۇ جەھەتتىن « قۇتادغۇبىلىگ » كە ئوخشىغان كىتاپلارغا تۇرلۇك ئەللەردە تۇرلۇك ئاتالار قويۇلغانلىقىنى ۋە « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ قانچىلىك چوڭ تەسىر كورسەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ « قۇتادغۇبىلىگ » كە تەقلىدەن « چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىگى » ياكى « چىڭگىزخان ياسىغى » نى يازدۇرغانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا دولىتىنىڭ مەرگەزلىرىدىن بولغان سارايچىق شەھرى خارابىسىدىن 1909 - يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا « قۇتادغۇبىلىگ » كە تەقلىدەن يېزىلغان بېيىتلارنىڭ بولغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. رۇس ئالىمى ئا. ساماپلوۋىچ 1912 - يىلى بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ، توۋەندىكىچە ئېلان قىلغان:

كىشى كوركى يۈز ئول، بۇ يۈز كوركى كوز،<br>
بۇ ئوز ① كوركى تىل ئول، تىل كوركى سوز

بۇ بېيىت « قۇتادغۇبىلىگ » تە مۇنداق:

ئۇقۇش كوركى تىل ئول بۇ تىل كوركى سوز،<br>
كىشى كوركى يۈز ئول، بۇ يۈز كوركى كوز،

12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىلەن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ « ھىببەتۇل ھەقايىق » ( ھەقىقەت توھپىسى ) ناملىق دىداكتىك داستانىنىڭ مەزمۇنى، ئۇسلۇپ ۋە تىل جەھەتتىن « قۇتادغۇبىلىگ » كە ئوخشايدىغانلىقى، « قۇتادغۇبىلىگ » دىن 250 يىل كېيىن، نەسىردىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان « قىسسەسۇل ئەنبىيا » ناملىق ئەسەردە « قۇتادغۇبىلىگ » تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىگى ( مەسىلەن: باھار توغرىسىدىكى مەدھىيە ) « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ دولەت، سىياسەت ۋە ئىجتىمائى ئىدىيىلەر مەسىلىسى جەھەتتىلا ئەمەس، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە قانداق كۈچلۈك تەسىر كورسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ( مىساللار قىسقارتىلدى ).

## II. « قۇتادغۇبىلىگ » كە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بىر نەزەر

### 1. ئەسەر سيۇژىتىنىڭ ئالاھىدىلىگى

« قۇتادغۇبىلىگ » ئوزىنىڭ سيۇژىت قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى يۈكسەك بەدىئىلىگى بىلەن ئوز زامانىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈنىمىز دىققەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، درامىلىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت

① ئوز — كىشى مەنىسىدە.

تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس ( ئادەم ) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز ( مېتافورا ) ۋە يۇمۇرىستىك كىنايىلار شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغانكى، ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ، گاھى شەرق داستانچىلىقى، گاھى غەرب دىرامىچىلىقى زەۋقىغا مەپتۇن بولىسىز، يەنى ئۆزىڭىزنى گاھىدا بىر لىرو-ئېپىك داستان ئوقۇۋاتقاندەك سەزسىڭىز، گاھىدا بىر سەھنە ئەسىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك سېزىسىز. يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۆز ئالدىڭىزدا گاھى بىر جۇشقۇن ھېسسىياتلىق شائىر، گاھى پەيلاسوپ ناتىق بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

شائىر ئەسەرنى باشلاش بىلەنلا، ئادەت بويىچە خۇدا ۋە پەيغەمبەرگە ھەمدى - سانا ئېيتىدۇ - دە، دەرھال باھار پەسلى، بۇغراخان مەدھىيىسى، ئالەم بوشلۇقى، ئىنسانىنى ھايۋاندىن ئايرىتىپ تۇرىدىغان تۈپ پەرقلەر — ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - ئەخلاق، تىل - پەزىلەتلىرى ۋە كىتاپنى يېزىشتىكى مەقسىدىنى جۇشقۇنلۇق لىرىكا بىلەن ئاڭلىتىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن ۋەقەلىككە كۆچىدۇ.

ئاساسي ۋەقەلىكنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق:

بىر زامانلاردا، كۈنتۇغدى ناملىق بىر ھوكۇمدار كەڭ بىر مەملىكەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۇنىڭ داڭقى جاھانغا يېيىلىدۇ. ئايتولدى ناملىق ياش، ئاقىل ۋە بىلىملىك بىر كىشى كۈنتۇغدى ئېلىگ ( ھوكۇمدار ) نىڭ بۇ پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خالىس خىزمەت بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن يىراق يەردىن سەپەر قىلىپ كېلىدۇ، بىر زامان مۇساپىرچىلىقتا يۈرۈپ، كۆسەمىش ناملىق بىر دوستى ئارقىلىق كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ھاجىپى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھاجىپ ئۇنى كۈنتۇغدىغا ئۇچراشتۇرىدۇ. بىرقانچە قېتىملىق سوھبەت ۋە مۇنازىرىلەر جەريانىدا، كۈنتۇغدى ئېلىگ ئايتولدىنىڭ ئەقىل - پاراسەت بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلىتىگە قايىل قېلىپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئايتولدىنىڭ ئادىل قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىپ، خەلق تىنچ، پاراۋان ياشاشقا باشلاپ، «بۆرى بىلەن قوزى بىللە ياشايدىغان» ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بىراق، تېخىمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئايتولدىنىڭ ئۆمرى يار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - پەزىلەتتە دادىسىدىن قېلىشمايدىغان ئوغلى ئۆگدۈلمىش باسىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئەمەلىي ئىش جەريانىدا، ھەتتا دادىسىدىن ئوشۇقراق تۆھپە يارىتىپ، مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى، ئۆگدۈلمىش مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىرەر ياردەمچى بولغاندا، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان بولىدىغانلىقىنى، بىر غاردا ھەممە جەھەتتىن ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئودغۇرمىش ناملىق بىر زاھىتنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۈنتۇغدىغا ئېيتىدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۇ زاھىتنى ساراي خىزمىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەكلىپ قىلىپ مەخسۇس نامە بىلەن ئوگدۇلمىشنى ئەۋەتىدۇ. زاھىت ئۆزى كەلمەي خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت ناھايىتى قاتتىق يېزىلغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەزمۇنى بىلەن كۈنتۇغدى ئىلىگنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ مەپتۇن بولۇپ، ئوگدۇلمىشنى ئىككىنچى قېتىم خەت بىلەن ئەۋەتىدۇ. بۇ جەرياندا ئوگدۇلمىش بىلەن زاھىت ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مۇنازىرىلەر بولىدۇ. زاھىت يەنە كەلمەيدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ « ھېچ بولمىسا دىدارىنى بىر كۆرەي » دەپ ئوگدۇلمىشنى 3 - قېتىم ئەۋەتكەندە، زاھىت كېلىدۇ. كۈنتۇغدىغا نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر - مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلىرىنى قىلىدۇ. ئەمما سارايدا قېلىشنى خالىماي، ئۆز كۆلبىسىگە قايتىپ، قازا تاپىدۇ. زاھىتتىن قالغان ھاسىسىنى كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئىشۈرىقنى ئوگدۇلمىش تەۋەرۈك قىلىۋالىدۇ. ئوگدۇلمىش يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسان بەختىگە سەرپ قىلىدۇ.

شائىر يۇقۇرىدىكى دىراملىق ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ قۇرلار بىلەن چۈشۈرىدۇ:

« ئۇلار كەتتى، پەقەت ياخشى ناملىرى قالدى مەڭگۈگە! بۇ ناملار ھەر زامان - ھەر زامان چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد قىلىنغۇسى! مۇنداق كىشىلەر راستىنلا ئىنسان جىنسىمىدۇر ياكى قىلغان ئىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ ئىشىمىدۇر ؟ »

دىمەك، شائىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - غايىلىرىنى ئەنە شۇ تۆت پىرسۇناژ سۆھبىتىگە، يەنى قانۇن ۋە ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىگ ( خان )، بەخت - دۆلەت سىمۋولى ئايتولدى ( ۋەزىر )، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئوگدۇلمىش، قانائەت ياكى ئاقىۋەت سىمۋولى ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئاللىگورىك شەخسنىڭ سۆھبىتىگە سىڭدۈرىدۇ. بۇ تۆت شەخسنىڭ سۆھبىتى دىراماتىك سيۇژىت بىلەن داۋام قىلىش جەريانىدا، خەلق ھىمايە قىلىدىغان دۆلەت تەشكىللىنىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى، دۆلەتنى بىلىم ۋە ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرغاندىلا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلەيدىغانلىقى، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى، ھەر ئىشتا ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم - ئەخلاقنى يولباشچى قىلىش كېرەكلىكى، دۆلەت باشلىقى ياكى ھوكۇمدارنىڭ ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇشى لازىملىقى، شۇنىڭدەك، خەلقنىڭ دۆلەتكە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلققە نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشى، جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىسى قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، قانۇن - ئادالەت، بەخت - دۆلەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئاقىۋەت - مانا بۇ تۆت نەرسە « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ مەزمۇنىدىكى

ئاساسىي ئامىللاردىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە مۇئەللىپنىڭ ئۆزى «بۇ تۆت نەڭ ئۆزە سۆزلەدىم سۆزۈگ» (مەن سۆزۈمنى بۇ تۆت نەرسە توغرىسىدا ئېيتتىم) دەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ» مەزمۇن ئېتىۋارى بىلەن نۇرغۇن پەلسەپىلىك پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىرو-ئېپىك داستان بولسا، شەكىل جەھەتتىن، ئاساسەن تۆت پېرسوناژنىڭ دىيالوگ ۋە مونولوگلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر دىرامىدۇر. ئاتاقلىق نېمىس تۈركشۇناسى فون گاباينىڭ «ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەزىلىرى ھەتتا يادلاش ۋە سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يېزىلغان، «مائىترى سىمىت» (مائىترى بىلەن كۆرۈشۈش خاتىرىسى) ① ناملىق ئەسەر بۇنىڭ بىر ئىسپاتى» دېگەن مۇلاھىزىسىنى «قۇتادغۇبىلىگ» كىمۇ تەتبىق قىلىش مۇمكىن، دەرۋەقە، بەزى ئەللەردە (مەسىلەن تۈركىيىدە) بۇ ئەسەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپمۇ بولغان ②.

## 2. شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش ماھارىتى

«قۇتادغۇبىلىگ» تە ئاساسەن تۆت بەدىئىي ئوبراز يارىتىلغان.

ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى — ھەممىدىن ئاۋال، كۈن (قۇياش) نىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يەنى ھەر زامان تولۇنلۇقتا پارلاپ ھەممىگە تەڭ نۇر چاچىدىغان، پۈتۈن جانلىقنى ئىسسىتىپ ھايات بەخش ئېتىدىغان، ھەر زامان پاك-غۇبارسىزلىق بىلەن «تەۋرىمەي» تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئۆز تەبىئىتىگە لايىق «كۈنتۇغدى» دەپ ئات قويۇلغان،

ئىلىگ ئايدى ئىلىگە مېنىڭ قىلىقىمى
كۆرۈپ مەڭزە؛ ئۇردى بۇ ئاتىمى

(ئىلىگ دېدى: ئالىم قىلىقىمنى كۆرۈپ ئېتىمنى قويدى بۇ كۈنگە ئوخشىتىپ).

شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئەل باشلىقى بولغان كىشىنىڭ تەبىئىتى خۇددى كۈنگە ئوخشاش بولۇشى لازىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

---

① م. فون گاباين: «مائىترى بىلەن كۆرۈشۈش خاتىرىسى».

② ئى. كافەسوغلۇ: «قۇتادغۇبىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى».

www.uyghurkitap.com



ئاندىن، كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ قولىدا خەنجەر - پىچاق، بىر يېنىدا شېكەر، بىر يېنىدا زەھەر قويۇقلۇق ھالدا، چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسىدا سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كورىمىز. كۈنتۇغدى ئوزى بۇنى مۇنداق چۈشەندۇرىدۇ: ئۈچ پۇتلۇق نەرسە قىڭغايماي تۈز تۇرىدۇ. ئۇلار چېتىقسىز بولغىنى ئۈچۈن، بىرى قىڭغايسا، قالغان ئىككىسى تىك تۇرالماي، ئۇستىدىكى كىشى يىقىلىپ چۈشىدۇ. تۈز نەرسە ئەوز بولىدۇ، ئەگرىلىكتىن يامانلىق تۇغۇلىدۇ. قانۇن مۇشۇنداق تۈزلۈك، توغرىلىق ئۇستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر.

كونىلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىگ
ئادىرمازمەن بەگسىگ ياقۇلسىغ كىشىگ

(قىلىۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن، ئايرىماي بەگ ۋە قۇل دەپ ھىچ كىشىن)

خەنجەر — ئىشنى ئۇزارتماي تېز ۋەكەسكىن ھەل قىلىشنىڭ ئالامىتى؛ شېكەر — زۇلۇم چەككەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان؛ زەھەر — زۇلۇم قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا.

كېرەك ئوغلۇم ەرسە ياقىن يا ياغۇق
كېرەك بارقىن ەرسە كىچىگلى قونۇق

تورۇدە ئىكىگۈ ،اڭا بىر سانى
كەسەردە ئادىن ولماغاي ئول مېنى

(مەيلى ئوغلۇم، مەيلى يېقىنىم ياكى يات بوسۇن ۋە مەيلى يولۇچى، ئوتكۈنچى مۇساپىر بولسۇن، قانۇن ئالدىدا، مېنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى ئوخشاش، ھوكۈم ۋاقتىدا ھېچبىرىگە پەرقلىق قارىمايمەن).

شۇنداق قىلىپ، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئارقىلىق «ئادىل پادىشا ياكى ئادىل قانۇن» ئوبرازى كوز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئايتولدى ھوكۈمدار كۈنتۇغدىنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە، كورسىتىلگەن كۇرسىغا ئولتۇرماي، يەل توپىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرىۋالىدۇ. كۈنتۇغدى گەپلىشىۋاتقاندا، ئۇ گاھى كوزىنى يۇمۇۋالىدۇ، گاھى تەتۈر قارىۋالىدۇ. ئىلىگنىڭ بۇ قىلىقىغا ئىنتۇغدى كايىپ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئايتولدى «بەخت - سائادەت دېگەن مەن شۇ، مەن ئوز تەبىئىتىم بىلەن ئايغا ئوخشىغان

لىغىم ئۈچۈن ھېكىملەر ئېيتمىنى ئايتولدى قويغان، ئاي گاھىدا تولۇپ، گاھىدا كىچىكلەپ، ھەتتا يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇددى مۇشۇ توپقا ئوخشاش مېنى چىڭ بېسىپ تۇرمىسا، بىر يەردە قارار تاپمايمەن، مېنى تۇتۇشنى بىلمىگەن كىشىنىڭ قولىدا تۇرمايمەن، يەنى ۋاقتى كەلسە، ئۇنىڭدىن يۈز ئورۇيمەن» دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ بېرىدۇ ۋە بىر شائىرنىڭ سۆزى بىلەن ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلايدۇ:

كەيىك سانى دەۋلەت كىشىگە تەزىگ
قالى كەزسە بەكلە تۇش ھەم تىزىگ
تۇتا بىلسە دەۋلەت تازۇمەر تۇرۇر
قالى تەزسە تەگمەز يانا تەرك كەزىگ

( بەختنى ئىنسان ئۈچۈن ھوروۇككەك كىيىك ھېساپلا، ئەگەر قولۇڭغا كەلسە ئۇنى چۈشەپ چىڭ تۇت، ئىنسان تۇتۇشنى بىلسە، بەخت قېچىپ كەتمەي تۇرىدۇ، ئەگەر قاچۇرۇپ قويساڭ، ساڭا ھەرگىز چاپسان قايتىپ كەلمەيدۇ ).

ئاندىن، بەختنى چۈشەپ تۇتۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، توغرى نىيەتلىك، يۇمشاق تىللىق، ھوشيارلىق، سەخىيلىق، راستلىق، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىش؛ ھەست، غەيۋەت، كىبىر - غورۇر ۋە ھاۋايى - ھەۋەستىن قاتتىق ساقلىنىش، پىتنە - پاساتتىن يىراق بولۇش، يالغانچى بولماسلىق، قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلماسلىق، ئىچكۈلۈككە بېرىلمەسلىك، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق، ئومۇمەن گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزى كۈنتۇغدى ئىلىگكە يارىدەملىشىپ، دۆلەت خادىملىرى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە شۇ ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر ئالىجاناپ ئىنسان ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازى ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىنمۇ يارقىنراق بولۇپ، ئۇ يۇقۇرىدىكى ئالىجاناپ پەزىلەتلەرنى تولۇق ئىگەللىگەندىن تاشقىرى، تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتىرىلىدۇ. يەنى ئۆگدۈلمىش ئەقىل - اراستى، بىلىم - ئىقتىدارى ۋە جانۇ - تېنىنى ئەل بەختى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەر قانداق مۇشكۈل ئىشنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يېشەلەيدىغان ئۇلۇغ ھىممەت، ۋە جاسارەت ساھىبى سۈپىتىدە، چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئاقىل - دانا، ئالىم، ھىممەتلىك ۋ تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا

www.uyghurkitap.com



گەۋدىلەندۈ. ئوگدۇلمىشنىڭ ئوبرازىدىكى يەنە بىر نادىر ۋە ئېسىل پەزىلەت شۇكى، ئۇ بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئارتۇق كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدۇ، شان — شوھرەت تالاشمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنداق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان خۇشال بولۇپ، ئۇنى دۆلەت خىزمىتىگە دەۋەت قىلىدۇ. ئۆزى بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى ئۆز بۇرچى ھېساپلايدۇ. بۇنىڭغا ئوگدۇلمىشنىڭ زاھىت ئودغۇرمىشنى كۈنتۇغدىغا تونۇشتۇرغانلىقى، ئۇنى «مېنىڭدىن ئارتۇق» دەپ ماختىغانلىقى؛ كۈنتۇغدى ئېلىگ ئودغۇرمىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيىتى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، «ھەقىقەتەن مېنىڭ يېنىمدا سېنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان پەزىلەتلىك كىشى يوق ئىكەن، سەن سارايدا قېلىپ، مېنى خۇشال قىل» دەپ ئودغۇرمىشنى يۈزمۇ - يۈز ماختىغاندا، ئوگدۇلمىشنىڭ تارلىق قىلماي، چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنگەنلىكى ئېنىق مىسال بولالايدۇ. ئوگدۇلمىش ئوبرازىدىن زوقلانغان كىتابخان ئوگدۇلمىش دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىدۇر دىگەن پىكىرگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەقىقەتەنمۇ شائىر ئۆزىنىڭ ھەممە ئۇلۇغ غايىلىرىنى دىگىدەك ئوگدۇلمىش ئوبرازىغا سىڭدۈرگەن.

تۇتىنچى پېرسوناژ ئودغۇرمىش، ھەممىدىن مۇرەككەپ شەخس. ئۇ زور ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، لېكىن، رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىت. ئۇ، بۇ دۇنيانى پەقەت بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۇچۇن ئازغىنا يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقىدەك بىر پارچە لاتا كىپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك دەپ قارايدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ساراي خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىگە «ماڭا ئۇنداق يۇقىرى مەنسەپ ۋە دەبدەبىلىك ھاياتنىڭ نېمە كېرىگى؟ بەندىنىڭ - بەندىگە خىزمەت قىلىشى نېمە دىگەن بىمەنا ئىش» دەپ ئاتىنىق جاۋاپ قايتۇرىدۇ. لېكىن، ئاخىرىدا ئوگدۇلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ «خەلققە پايدىلىق بولۇش كېرەك، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقى بەختكە ئېرىشىدۇ، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت» دىگەن گەپلىرىگە قايىل بولىدۇ ۋە ئوگدۇلمىشكە «سېنىڭ ماڭغان يولۇڭ توغرا. سەن شۇ يولدا داۋام ئەت» دەيدۇ ۋە كۈنتۇغدى ئېلىگكە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىشىغا دائىر بىر مۇنچە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ.

شائىر بۇ ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق كۈنتۇغدى ئېلىگ بىلەن ئوگدۇلمىشنىڭ ئوبرازىنى، توغرىسى ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ غايىلىرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## 3. «قۇتادغۇبىلىگ» ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

«قۇتادغۇبىلىگ» شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئورنىغى، شۇنداقلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ

11 – ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

A. ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئۇنچىلىرى

مەلۇمكى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ شېرىيەت ژانىرى شائىرنىڭ رېئال ھاياتنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر رېئال ھاياتتىن ھاسىل قىلغان ئىدراكى (ئەقلىي) تونۇش ۋە بىلىمىنى ھېس – تۇيغۇ تىلى بىلەن، يەنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈچى سەنئەتكاردۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە تېماتىكىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۆز مۇئەللىپىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، تىل ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆز مۇئەللىپىنىڭ باي تەسەۋۋۇرلۇق بۈيۈك شائىر، سەنئەتكار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. تارىختىكى بىر مۇنچە ئۇلۇغ شائىرلارغا ئوخشاش يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز داستانىنىڭ نۇرغۇن بولەكلىرىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئۇنچىلىرى بىلەن شۇنداق ماھىرانە بېزىگەنكى، بۇ بولەكلەرنى ئوقۇۋېتىپ، 18 – ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى زەلىلىنىڭ:

„ئەي زەلىلى، بۇ نە سوزدۇر دەپ مېنى ئەيىپ ئەتمىگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ ماجازى بولمىسا“

دىگەن مىسرالىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلەيدۇ كىشى، مەسىلەن: ئەسكەر باشلىغى يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمۇ جاسارەتلىك بولالايدۇ دىگەن پىكىرنى مۇنداق گەۋدىلەندۇرگەن:

كور ئارسلان بولۇ بىرسە ئىتقا باشى
بۇ ئىت بارچە ئارسلان بولۇر ئۆز تۇشى

قالى بولسا ئارسلانغا ئىت باشچىسى
ئۇل ئارسلان بولۇر بارچە ئىت ساقىشى

(كورگىنكى، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، ھەممە ئىت ئارسلانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشلىق بولۇپ قالسا ، بۇ ئارسلانمۇ ئىتنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ ) .
يەنە بىر مىسال :

بۇدۇم ئۇقتەگ ئەردى كوكۇل ئەردى يا
كوكۇل قىلغۇ ئۇقتەگ بۇدۇم بولدى يا .

( بويۇم ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈز چاغدا ، كۆڭلۈم يادەك ئەگرى ئىدى ، كۆڭۈلنى ئوقتەك تۈزلەپ بولغىچە ، بويۇم يادەك ئېگىلىپ كەتتى . )
شائىر ياشلىق باھارىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ مۇنداق دەيدۇ :

يورىغلى بولۇتتەگ يىگىتلىكنى ئىدتىم
توپى يىل كىچەر تەگ تىرىگلىك تۈكەتتىم

تەمام ئەرغۇۋانتەگ قىزىل مەڭزىم ئەردى
بۈكۈن زەفران ئورغىن ئەڭدە تارتتىم

يىپارىسىغ قارا باشقا كافۇر ئاشۇ دۇم
تولۇنتەگ تولۇ يۈز قايۇقا ئىلەتتىم

يارۇق ياز تەگ ئەردىم تۈمەن تۈ چىچەك
خازانمۇ تۈشۈتتۈم قامۇغنى قۇرىتتىم .

( ياشلىقىمنى ئۈزگەن بۇلۇتتەك ئۆتكۈزىۋەتتىم ، ئۆمرۈمنى بوران ـ شامال تېزلىكىدە تۈگىتىۋەتتىم ، مەڭزىلىرىم قىپ ـ قىزىل ، دەل ئارغۇۋاندەك ئىدى ، بۈگۈن يۈزۈمگە زەپران ئورۇغىنى چاچتىم ، ئىپاردەك قارا بېشىمغا كافۇر پۈركىدىم ، تولۇن ئايدەك تولغۇن يۈزۈمنى نەلەرگە كەتكۈزىۋەتتىم ، رەڭگا ـ رەڭ چېچەكلەر بىلەن تولغان پارلاق باھار كەبى ئىدىم ، خازان ۋاقتىغا دۇچار بولدۇممىكىن ھەممىسىنى قۇرۇتتۇم ) .
تاڭ تەسۋىرىگە مىسال :

قالىق يىرتتى كەدمىش قارا كوڭلەكىن
ئاچىلدى يارۇق يۈز كوتۈردى ئەگىن

كۈلە باقتى ئۆرلەپ تالڭ قىز يۈزى
ياروۇدى بۇ دۇنيا ئىرى ھەم قۇزى

( ئاسمان ئۈستىگە كىيگەن قارا كۆڭلىكىنى يىرتتى، پەرەنجىسىنى كۆتىرىش بىلەن پارلاق يۈزى ئېچىلدى، ئۆرلەپ چىققان گۈزەل قىزنىڭ يۈزى كۈلۈپ بېقىش بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ۋادى ۋە دەريالىرى يورۇپ كەتتى )

### B . « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ ۋەزنى ۋە قاپىيىسى

ۋەزىن ۋە قاپىيە شېئىرنىڭ مۇھىم تەركىۋي قىسمى بولۇپ، ئادەتتە ۋەزىن ۋە قاپىيىسىز ئەدىبىي ئەسەرنىڭ شېئىر ھىساپلانمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئاددى ساۋات ( نەسرى شېئىر بۇنىڭ سىرتىدا ) . شېئىرىيەتتە ۋەزىن ۋە قاپىيىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئومۇمەن شەرق خەلقلىرىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا كونا بىر مىللى مەدەنى ئەنئەنە دېيىشكە بولىدۇ . ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، خەلق قوشاقلىرىدىن تارتىپ شېئىر ۋە داستانلارغىچە ۋەزىن ۋە قاپىيىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن . ئۇنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيە تۈرلىرىمۇ ناھايىتى تەرەققى قىلغان، ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەتتا باش قاپىيە شەكلىمۇ مەۋجۇت ئىدى، قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا، ئەرەپ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدىبىي ئەسەرلەردە يەنە بىر مۇنچە يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى . جۈملىدىن، مىللى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئارۇز ۋەزنى تېخىمۇ ئومۇملاشتى .

« قۇتادغۇبىلىگ » 11 - ئەسىردە ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى ئىدى . بۇ ئەسەر باشتىن - ئاياق ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان . شائىرنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ماھارىتى شۇ قەدەر ئۈستۈنكى، 6645 بېيىت ئىچىدە ۋەزىندە بۇزۇلۇش ھادىسىسى كۆرۈلمەيدۇ .

« قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئارۇز ۋەزنى پۈتۈنلەي ئەرەپ شېئىرىيىتىگە خاس ۋەزىن بولماي، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئورتاق بايلىقىدۇر . بۇ كەمگىچە، بىر مۇنچە كىشىلەر ئارۇز ۋەزنى ئەرەپ تىلىغىلا خاس، ئارۇز ۋەزنى ئەرەپلەردىن تارقالغان، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ۋەزىن بىلەن ياخشى شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلمەكتە . « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ ئۆزى ۋە « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تىكى بىر قىسىم قەدىمقى

www.uyghurkitap.com



قوشاقلارمۇ مۇنداق قاراشلارنىڭ تېخى ئەمىلىيەت سىنىقىدىن تولۇق ئۆتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ دېلىلى شۇكى، بىرىنچىدىن، 13 مىڭ نەچچە يۈز مىسرادىن تەركىب تاپقان « قۇتادغۇبىلىگ » تە ئەرەب — پارىس سۆزلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇشىغا قارىماي، ۋەزىن چاقىدىغان ھالەتلەر ئۇچرىمايدۇ. بۇھال، بىرتەرەپتىن، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئارۇز ۋەزنى بىلەن يېزىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئارۇز ۋەزنىنىڭ پەقەت ئەرەب تىلىغىلا خاس ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچىدىن، مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىغان ئەرەب ئالىمى خېلىل ئىبنى ئەخمەت « ئارۇز ئىلمى » نى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ شېئىر - قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنى بار ئىدى. بۇنىڭغا « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تىكى قەدىمقى قوشاقلار دەلىل بولالايدۇ. بۇ ھەقتە « ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى » (« شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى » 1979 - يىل، 12 - سان) دىگەن ماقالەمدە بەزى مىساللار كۆرسىتىلگەن. « قۇتادغۇبىلىگ » تە نەقىل قىلىنغان بەزى قەدىمقى ماقال - تەمسىللەرمۇ بۇنىڭ دەلىلى. مەسىلەن:

ئوقۇش كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
بۇ ئوز كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

بۇ بېيىت ماقال - تەمسىل ئىكەن، دىمەك، ئۇنىڭ تارىخى شائىر ياشىغان دەۋىردىن كۆپ بۇرۇنقى يىللارغا توغرى كېلىدىغانلىقى تەبىئىدۇر.

## « قۇتادغۇبىلىگ » ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەزى نادىر ژانىرلىرى

« قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان بەزى نادىر ژانىرلارغا پۇختا ئاساس سېلىنغان. چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ، ئىجابى رول ئويناپ كېلىۋاتقان بەزى نادىر شېئىرىي ژانىرلارنىڭ « قۇتادغۇبىلىگ » تىن بىزگە قالغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكى مىساللاردىن روشەن بىلىنىدۇ:

### رۇبائى

شېئىرىيەتنىڭ رۇبائى ژانىرى ھازىرغا قەدەر پارس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئۆمەر ھەييامدۇر، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ھەقىقەتەنمۇ،

رۇبائى پارس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ نامى بىلەن مەھكەم باغلانغان. بىراق «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى نەچچە ئونلىغان رۇبائىلار يۇقۇرىدىكى قاراشلار ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ كۆرۈش لازىملىغىنى يېڭى مەسىلە سۈپىتىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئالدىغا قويدى، دەپ قاراشقا توغرى كېلىدۇ. چۈنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» نى يازغان زامانلاردا ئۆمەر ھەييام تېخى ياش يىگىت بولۇپ، رۇبائىچىلىقتا ئۆز تەسىرىنى يىراق ئەللەرگىچە كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىر قىسىم بېيىتلارنى «رۇبائى» دەپ ئاتىمىغان ۋە كېيىنكى تەتقىقاتچىلار بۇ بېيىتلارنى «تۆتلىكلەر» دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ بېيىتلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن دەل رۇبائىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئۈرنەكلىرىدۇر. مەسىلەن:

نەگۈ ئەر بولۇر كور، مىڭەر دۈشمانى،
مىڭەر سوزلەمەسە كۆنىگە ئانى،
بورىمۇ بولۇر كورگىل ئىتتە قايار،
ئۇ دۇلا ئىشىتسە مىڭ ئىتلەر ئۈنى.

(نىچۈك ئەرسانالۇر مىڭەر دۈشمىنى —
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۈنى ھەر كۈنى،
كور، ئىتتىن قاچقان ئۇ بورى بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.)

كەيىك سانى دەۋلەت كىشىگە تەزىگ،
قالى كەلسە بەكلە تۇشا ھەم تىزىگ،
تۇتا بىلسە دەۋلەت تەزۈمەز تۇرۇر،
قالى تەزسە تەكمەز يانا تەرك كەزىگ.

(سائادەت كىشىگە ھۈركەك كىيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۈشەپ تېز ۋە بەك،
تۇتۇشنى بىلسە دەۋلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز گېزەك.)

www.uyghurkitap.com



قۇت ئۇل بەگ بۇ دۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قۇتادسا بۇدۇن قارنى تودغۇ كەرەك،
بۇ بەگلەر تىبگىز ئۇل تۇپى يىنچۇلۇگ،
تىبگىز كە يا غۇغلى بايۇغۇ كەرەك.

(بەگدۇر بەخت، ئەلگە بەخت بەخش قىلماق كېرەك،
بەخت بەرسە، ئەل قارنىن تويدۇرماق كېرەك،
بۇ بەگلەر دېگىزدۇر، تۆۋى ئۈنچىلىك،
دېگىزگە يېقىنلار بېيىماق كېرەك.)

مانا بۇ كۇبلىتلاردا رۇبائىينىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى چوڭقۇر پەلسەپىلىك پىكىر، مەنا جەھەتتىن مۇستەقىللىق ۋە تولغۇنلۇق؛ تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن پىششىق ھەم ئىخچاملىق، شەكىل جەھەتتىن تۆتلۈك بولۇش خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

## تەجنىس ۋە تۇيۇقلار

تەجنىس ۋە تۇيۇق — ئومونىم سۆزلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار شېئىرىيىتىدە كەڭ تارقالغان بىرخىل نادىر سۆز سەنئىتىدۇر. بۇخىل شېئىر شەكلى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ياشاپ، بەلكى تەرەققى قىلماقتا. «قۇتادغۇبىلىگ» تە مانا شۇ سۆز سەنئىتىگىمۇ ئاللىقاچان ئاساس سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن: «قىز» دىگەن سۆز قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا ھازىرقى مەنىسىدىن تاشقىرى، «قىس»، «كەم»، «نادىر» دىگەن مەنىلەرنى بىرەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئىزى قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.

«ھىساپ» دىگەن سۆز قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «ساقىش» دىيىلەتتى. «ساقىش» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى (كېلىپ چىقىشى) «ساق ئىش» بولغاچقا شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

ساقىش ساقلىقىن بولدى ئاتى ساقىش ،
كورۇ بارسا ساقىش ئىزى ئوك ساق ئىش.
( ھىساپ ساقلىغىدىن ئاتالدى « ساقىش »،
كورەرسەن ھىساپ ئۇ ئوزى بەك ساق ئىش .)

« قەيسەر » ، « ساراي » ، « ئوردا » سوزلىرى قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا « قارشى » دېيىلەتتى
« قارشى » سوزى يەنە ھازىرقى مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى . شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ،
مۇنداق يازغان :

بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر ،
بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر.

( بۇ بەگلەر ئويىنىڭ ئىسمى « قارشى » دۇر ،
بۇ « قارشى » ئەھلى ئوز ئارا قارشىدۇر .)

« ئوگ » دېگەن سوز قەدىمقى زاماندا ئەقىل – ئىدراك ، ماختىماق ، چوڭ ياكى
بۈيۈك دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلاتتى ، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئوبدان
« تۇيۇق » (مۇختە مىلات) يازغان :

قايۇ ئەردە بولسا ئۇقۇش بىرلە ئوگ ،
ئانى ئەر ئاتاغىل نەچە ئوگسە ئوگ،
ئۇقۇش ئوگ بىلىگ كىمدە بولسا تۇگەل ،
ياۋۇز ئەرسە كەدتي كىچىك بولسا ئوگ .

(ئەگەر كىمدە بولسا ئاڭ – ئىدرەك ۋە ئوگ ،
ئۇنى ئەر ساناپ سەن قانچە ئوگسەڭ ئوگ ،
ئەقىل ، ئاڭ ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق ،
يامان بولسا خوپ دەپ ، كىچىك بولسا ئوگ .)

بۇ يەردە « ئوگ » سوزى بىرىنچى مىسرادا ئەقىل ، ئىككىنچى مىسرادا ماختىماق ،
توتىنچى مىسرادا چوڭ مەنىلەردە كەلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، « قۇتادغۇبىلىگ » مەزمۇن جەھەتتىن قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئادىل قانۇن ۋە ئەقىل - بىلىم بىلەن دۆلەتنى تەرتىپكە سېلىش پروگراممىسى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قەلبى ۋە پېئىل — ئەتىۋارىنى ئەخلاق بىلەن تۈزىتىش دەستۇرى، ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھاياتى پەلسەپەسى بولسا، شەكىل جەھەتتىن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل قامۇسى، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر نامايەندىسىدۇر. بۇ ئەسەر مەزمۇن ۋە شەكىل ئېتىۋارى بىلەن تۈركى تىلىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچبىر ئورنىغى بولمىغىنىدەك، ئۆز دەۋرىدە ھېچقانداق تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھان كىلاسسىك ئەدەبىياتى سەھنىسىدىكى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان بۇ قىممەتلىك تۆھپىسى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

تەخمىنەن بىر ئەسىردىن بۇيان، بىر قانچە ئەللەر ئالىملىرى « قۇتادغۇبىلىگ » تەتقىقاتىدا زور نەتىجىلەرنى ياراتتى. بۇ ساھەدىكى تەتقىقات يەنىلا كۈنسايىن چوڭقۇرلاشماقتا. بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ كەڭ تەتقىقات باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسىغا ماركسىزم نۇقتىئى نەزىرى بىلەن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، قەدىمقىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇش — ئىلىم - پەن خادىملىرى ئالدىدا تۇرغان ئاكتۇئال ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. شۈبھىسىزكى، « قۇتادغۇبىلىگ » تەتقىقاتى بۇ كىتابنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئۆز ۋارىسلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، يېڭى - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىدۇر.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى قانۇن، بىلىم، ئەخلاق پەلسەپىسى توغرىسىدا

مەمتىمىن يۈسۈپ

11 – ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئۇيغۇر شائىرى پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى پەلسەپىۋى ئىدىيە بىلەن ئېيتقاندا سەنئەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدا دەۋر بولگۈچ نامايەندە سۈپىتىدە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا قاراخانىلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەتتا ھەر بىر ئادەم ئەخلاق، ئادەتلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قەدەر ئەتراپلىق ھالدا توختالغان بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، ھەر بىر شەخسنىڭ قانداق قىلغاندا بەخت – سائادەتكە ئىگە بولالايدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغان، داستاننىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسىدا بىر يۈرۈش پەلسەپە سىستېمىسى بار. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، بىلىم، ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

## 1

بىر پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئوخشىمىغان ھادىسىلەر كوپ بولۇپ، بۇ ھادىسىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇنى ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن، بىرى ماددى ھادىسە، بىرى روھىي ھادىسە، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەممە ساھەگە سىڭگەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇخىل ھادىسىگە يولۇققان بولۇپ، شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپ يولۇققان ھادىسىلەرمۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ماددى ھادىسە، بىرى روھىي ھادىسە، بۇ ئىككى خىل ھادىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەممە ساھەگە سىڭگەن ئەڭ ئومۇمى مەسىلە بولغانلىقىغا ئوخشاش، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھەممە ساھەگىمۇ سىڭگەن ئەڭ ئومۇمى مەسىلىلەردۇر. ئادەملەر ماددى دۇنيانىڭ بىر قىسمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش تەپەككۇر قىلغۇچى ئادەملەرنى شۇ تارىخي دەۋرنىڭ گۈللىرى دېيىشكە بولىدۇ. يەككە – يېگانە ئادەم بولمايدۇ.

جەمىيەت ئەزاسى بولغان ئادەم ماددى دۇنياغا نىسبەتەن سۇبيېكتىپ ھىساپلىنىدۇ. ماددى دۇنيا ئادەملەر بىلىشىنىڭ ئوبيېكتى ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا، ئادەم دۇنيادا پەقەت ئىككىلا ئىش قىلىدۇ: بىرى، دۇنيانى بىلىش؛ بىرى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەر ئىككى ئىشتا تەپەككۇر دېڭىزىنى ئۈزۈپ چىققان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماددى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان. ئۆزى ياشىغان جەمىيەتنى بىلىشتە سۇبيېكتىپنى ئوبيېكتىپنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى، ئۆزى ياشىغان شۇ جەمىيەتنى ئۆزگەرتىشتە سۇبيېكتىپنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەنگەن، شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى جەريانىدىكى تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر قىسىم مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرەلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ دۇنيادا پەقەت ئىككىلا ئىش قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پەلسەپە تەلىماتى بويىچە، قاراخانىلار دەۋرىنى دۇنيانى بىلىش ئوبيېكتى قىلغان. بۇ دەۋردىكى ئادەملەر بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ، قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ، خەلق بىلەن قانۇننىڭ، خان بىلەن پۇقرانىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ساددا دىيالېكتىكا ئۇسۇلى بويىچە يېشىپ بەرگەن. بىزگە مەلۇم، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمدىن ئىبارەت بۇ بىر پۈتۈن ئىلمىي نەزىرىيە سىستېمىسى بىردىنلا پەيدا بولغان ئەمەس، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بىلىش تارىخى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ماددى دۇنياغا قارىشى ئاڭلىق دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈش ئارقىلىق، تەدرىجى رەۋىشتە سىستېمىلىشىشقا باشلىغان، دىيالېكتىكا تەرەققىياتى ساددا دىيالېكتىكىدىن مېتافىزىكىغا. ئۇنىڭدىن ھازىرقى زامان دىيالېكتىكىسىغا يېتىشتەك تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقۇرقىدەك بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قارىمۇ - قارشى تەرەپلەرنىڭ ئىچىدە ئادەم ئامىلىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان، بۇنى « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ

3247 ، 2790 ، 1991 ، 2498 ، 2603 ، 208 ، 2605 ، 4075 ،

2490 ، 3107 ، 3108 ، 2499 ، 2165 ، 2782 ، 2783 ، 2784 ،

2787 ، 2597 ، 2664 ، 2600 ، 2601 ، 2602 ، 2621 ، 2629 ،

2663 ، 2631 ، 2635 ، 2637 ، 3165 ، 3166 ،

2506 ، 2514 ، 972 ، 973 ، 975 ، 999 ، 1028 ، 1738 ،

1750 ، 1739 قاتارلىق بېيىتلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى بويىچە بىرمۇنچە بېيىتلاردا ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھەرخىل خاراكتېرلىك ئادەملەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورتاقلىقنىڭ خاسلىقىنىمۇ ئەكس

ئەتتۇرىدىغانلىقىنى، ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ ھامان قارىمۇ - قارشى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت، قانۇن توغرىسىدىكى پەلسەپە ئىدىيىسى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەردىن بولۇپ كەلگەن، شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىگ» قانۇن ۋە دۆلەتشۇناسلىق ئىلمى بولۇپ، دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ تەلىماتى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلا ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ سەردارى سۈپىتىدە (1) «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ھۆكۈمنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان. (2) ئىلىم - پەننىڭ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بەخت - سائادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېشىش ئارقىلىق، دۆلەتنى پەقەتلا بىلىملىك ئادەملەر روشەن قانۇن ماددىلىرى ئارقىلىق باشقۇرۇشى كېرەك، بىلىمسىز ئادەملەر دۆلەت باشقۇرسا ئادالەت، ھەقىقەت ئۈستىدە توغرا ئۆكۈم ھاسىل قىلالمايدۇ - دە، مەنتىقىلىق پەرەز، ئەتراپلىق ئانالىز ئارقىلىقمۇ ئىلمىي قائىدىگە ياتىدىغان بىرەر ئەقلىي خۇلاسىغا كېلەلمەيدۇ. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىكى قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىلىقنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، قانۇن بىلەن شەخسى تەلەپلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، مۇقەررەر ھالدا خەلققە، دۆلەتكە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ، دەپ ھېساپلاپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدىلىرى ئاساسىدا ئادىل قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ ياخشىلىقى، قانۇننى توغرا ئىجرا قىلالماي كېلىپ چىققان قانۇنسىزلىقنىڭ جەمئىيەتتىكى يامان ئاقىۋەتلىرىنى بەدىئىي ماھارەت بىلەن شەرھىلەپ بەرگەن. (3) خاقان، پادىشالاردا، بەگلەردە، ئەمەلدارلاردا بولىدىغان ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئەدەپ - ئەخلاق، ئادەتلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ياكى بۇزۇلۇشىغا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىستىئار ماھارىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە بۇ ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەتنىڭ بىر - بىرىگە بولغان پەلسەپىۋى باغلىنىشىنى بىر گەۋدە قىلىپ كۆرسەتكەن. لېكىن تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن ئەپلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىق ئالىملارمۇ بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ ئۈچ مەسىلىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش دۆلەتشۇناسلىق ئىلمى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ قويالمىغان، بۇ ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەتنى «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويالىغان ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى، مەسىلەن:

2490 · تورۇ ھەم توقۇ ئۇكدى يىنچكە تاپۇغ ،
ئۇلۇغ ھاجىپ ئىتسە ئاچار يول قاپۇغ .

( نازۇك ئىش ئىرۇر ئورپ – قاغۇن ۋە ئۇسۇل ،
بۇنى رەتلەپ ھاجىپ ئاچار ئىشىك – يول. )*

310 · تورۇ تۈز يۈرىتىك ئىتىلدى ئاژۇن ،
كىم ئىرسە كۈچىك ئىلدە كورمە كوزىن .

( ھەق قانۇن يۈرگۈزسەك تۈزۈلەر جاھان،
زۇلۇم كورمەس ئەلدە ھېچكىم بۇ زامان. )

3107 · تورۇ سۇۋ تەگ ئول كۈچ كور ئوت تەگ يودۇغ،
سۇزۇك سۇۋ ئاقىتتىك ئۇدۇتتى ئوتۇغ

( قانۇن سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم ئوت – بالا،
ئېقىتتىك سۈزۈك سۇ، ئوچتى ئوت مانا. )

2498 · چىغاي تۇل يەتىم قىسسە بىرسە ئوتۇگ ،
ئانى بارچە تىڭلاپ ئوتۇنسە ئوتۇگ.

( ھال ئېيتسا پېقىر ئوتۇنۇپ،
ئۇنى بەگكە يەتكۈزسۇن ئۇ دەرھال بىرىپ. )

2499 · مەزالىم ئودىندە ئوتۇگچىلەرىگ،
كورۇ ئالسا يول قىلسا بولسا ئىرىگ.

( زۇلۇم كورگۈچىنى ئۇ ئەيلەپ قوبۇل،
سوراپ ئەھۋالىنى ئۇ كورسەتسۇن يول. )

* تىرناق ( ) ئىچىدىكى « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى بويىچە ئىپادىلىنىشى، توۋەندىكىلەردىمۇ شۇنداق .

2497 . يول ئاغزىندا ئەرسە كىشى باشلاغۇ،
تورۇسىن توقۇسىن يازىم قىلماغۇ.

( يول ئاغزىدا تېرسا كىشى باشلىسۇن،
قانۇن، ئورپ - ئادەتتە خاتالاشمىسۇن.)

3463 . بۇ كوك تېرگۇكى ئول كونىلىك تورۇ،
تورۇ ئارتاسا كوك تۇرۇماز ئورۇ.

( ئادىل قانۇن كوككە بىر تۇۋرۇك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن، ئاسمان يىقىلۇر.)

2506 . ئورۇنچ ئولماسا قىلسا بارچە ئىشىگ،
ياغۇتسا بەگىكە يىرامىش كىشىگ.

( پۇتۇن ئىشنى قىلسۇن، پارا ئالمىسۇن،
يېراقلار نە بەگكە يېقىن ئەيلىسۇن.)

811 . بىچەك تەگ بىچارمەن كەسەرمەن ئىشىگ،
ئۇزاتمازمەن دەئۇى قىلىغلى كىشىگ.

( پىچاقتەك كېسىپ پىچىمەن ئىشلىنى،
سوزالتمايمەن داۋا، سوراق ئىشىنى.)

812 . شېكەر ئول كىشى بىر ئاغار كۆچ تەگسىپ
تۇرۇ بولسا مېنىدىن قاپۇغقا كەگسىپ

( شېكەر شۇكى كىم زۇلۇم يەتسە ئاگا،
ئادالەت تىلەپ كەلسە ھەر ۋاقت ماگا.)

www.uyghurkitap.com



813. شېكەر تەگ سۇ چىيۇ بارىر ئۇل كىشى،
سەۋىنچلىگ بولۇر ئاندا يازلۇر قاشى.

(شېكەردەك لەززەت بىلەن يانغاي كىشى،
سويۈنچلىك بولۇر ھەم ئېچىلغاي قېشى.)

817. كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق،
كېرەك بارقىن ئەرسە كەچىگلى قونۇق.

(كەرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يىراق يا يېقىن،
يولاۋچى ۋە مېھمان يا ئۆتە كۆنچىدىن.)

818. تورۇدە ئىكىنگۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مېنى.

(ماڭا تەڭ ھەممىسى قانۇن ئالدىدا،
بولەكچە بولماسمەن ھوكۈم ۋاقتىدا.)

809. كونىلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىگ،
ئادىرمازمەن بەگىسىگ يا قۇلىسىغ كىشىگ.

(قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ئىشنى ھەل،
دىمەيمەن كىشىنى بەگ، قۇل، كەمبىغەل.)

816. بۇ قاشىم تۈگۈكى بۇ كوركىسۇزلۇكۇم،
كۆچەمچى كەلىركە بۇ يۈز سۈزلۈكۈم.

(بۇ قاشىم تۈرۈكى بۇ كورۇمسىزلىكىم،
زالىملار ئۈچۈندۇر بۇ رەھىمسىزلىكىم.)

2507. ئىككى نەڭ كىشىدە بولۇنسا ئىلىگ،
ئاڭار بىر مەگىل ئىش ئۆزاتما ئەلىگ.

(بۇ ئىككى نەرسە كىمدە بولسا ئەي خان،
ئاڭا بەرمە ئىش قول تۇتقۇزما ھامان.)

2508. بىرى تىلدە يالغان چىقارسا سوزىن،
بىرى ئەگرىلىك ئول سىكرتسە ئۆزىن.

(بىرىدۇر: سوزىدە ئېيتسا يالغان،
بىرى: ئەگرىلىكلەر ئازدۇرسا ئىنسان.)

يۇقۇرقى بېيىتلاردىن مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان قانۇن ئىدىيىسىنىڭ بۈنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكى شۇ تارىخىي شارائىتتىكى ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقى ئارزۇ - ئۈمىتلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دىگەن ھوكۇمنى ئۆز خاقانى ئالدىدا، خەلق - ئالەم ئالدىدا تەنتەنە بىلەن جاكالىغانلىغىنى كورىمىز. قانۇن — ئەلۋەتتە، بىر دولەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىلىم مەھسۇلىدۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئامىل ئادالەتنى، ئىنسان گۈزەللىگىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئادىل قانۇن بىلەن ئۆزگەرتىپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت.

قەدىمقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ كوپى دىگىدەك، مەسىلەن: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5- 6 - ئەسىرلەردە ياشىغان قەدىمقى جۇڭگو پەيلاسوپلىرىدىن كۇڭزى، قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل، «ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلى» دەپ شوھرەت قازانغان ئەبۇناسىر فارابى، ئىبىن سىنا ۋە باشقىلارمۇ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارىغان ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان ئىدى. بۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ «پولىتىكا»، فارابىنىڭ «ئەس - سىياستۇل مەدىنىيە» (دولەت سىياسىتى ھەققىدە)، ئىبىن سىنانىڭ «كىتا بۇس سىياسى» نامىلىق ئەسەرلىرىنى كورسىتىپ ئۆتۈش كىپايە، لېكىن مەيلى ئارىستوتېل ۋە مەيلى فارابى بولسۇن، دولەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىر «غايىۋى دولەت» سىخىمىسىدا ئەكس ئەتتۈرگەن يەنى ئۇزلىرى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت جەمىيەتتىكى دولەت توغرىسىدا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com



بەلكى ئارزۇ قىلغان «غايىۋى دۆلەت» توغرىسىدا يۈكسەك تەسەۋۋۇر قىلىشقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا توغرىدىن-توغرى قاراخانىلار دۆلىتىنى، شۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش مەقسىتىدە مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» نى قاراخانىلار ھۆكۈمرانى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. مۇشۇنداق قانۇن پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى كونكرېت مەقسىتى — ئادالەتپەرۋەر بولۇش، خەلققە ياخشىلىق قىلىش، خەلق پايدىسىنى كۆزلەش، باراۋەرلىك، ئىنسانلىق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قانۇن ھۆكۈمدارلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھۆكۈمدار ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغى قانۇننىڭ ئادىل تەدبىق قىلىنىشىدۇر» دەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ» دۆلەتنىڭ ھۇلى — ئادالەت، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزگەن ھۆكۈمدار پۈتۈن تىلەكلەرگە ئېرىشىدۇ ... خەلقنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىل، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە زورلۇق قىلىشىغا يول قويما، قانۇن قوياشى پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتىشسۇن، پۈتۈن جاھان يورىسۇن، قانۇن ئىنسانلىقنى قانچىلىك دەرىجىدە يولغا قويسا، خەلق شۇ دەرىجىدە بەختلىك بولۇپ، دۆلەت مۇستەھكەملىنىدۇ، دېگەن مەسىلىنى نۇقتىلىق شەرھلەيدۇ. لېكىن تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن ئەپلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى كۆز قاراشلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قاراشلىرىغا زىتتۇر. ئەپلاتون: «تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىكتۇر ...... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھور (ئازات) ئادەمگە تېخىمۇ كۆپرەك يارىشىدۇ، بۇ سۈرەت بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خوجايىن بولالايدۇ، ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزەلىگەنلەر جەمئىيەتنى قولىغا ئالالايدىغان ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ھېساپلىنىدۇ» دەيدۇ (ئەپلاتون: «دۆلەت»، تۈركچە تەرجىمىسى، 1 - توم 31 - بەت). ئارىستوتېل: «قۇللار ئەھلى ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىسىنىڭمۇ جىسمانى كۈچىدىنلا پايدىلىنىدۇ ... قۇللار مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىنىنىڭ مۈلكى ھېساۋىغا كىرىدۇ ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇشى تەبىئىي ھال. بەزىلىرى ھۆكۈم قىلىش، بەزىلىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان» دەيدۇ (ئاشىنىل: «قەدىمقى يۇناندا سىياسى چۈشەنچىلەر»، تۈركچە تەرجىمىسى، 163 - بەت). فارابى بۇ مەسىلىدە ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېل قاراشلىرىنى تەكرارلاپ «پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە» دېگەن كىتاۋىدا: «پازىل شەھەر رەئىسى» نىڭ يارىتىلىشتىن تۇغما ھالدا شۇنىڭغا لايىق شەرتلىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى، يەنى، بىرىنچىدىن، تەبىئىتى ۋە يارىتىلىشى ئېتىۋارى بىلەن رەئىسلىككە لايىق بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئۆزىدە رەئىسلىك ئىرادىسى ۋە

مەلىكىسى بولۇشى لازىملىقىنى ئالغا سۈرىدۇ (پروفېسسور كاپىسۇغلۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ). بۇ مىساللاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، ئادالەت، ھەقىقەت ۋە قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن تۈپ مەسىلىلەردە ھەرگىزمۇ قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىسى ياكى شاگىرتى ئەمەسلىكىنى كورۇۋالالايمىز. شۇنىڭدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنىمۇ كورۇۋالالايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىدىيىسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە رېيال قانۇن ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ دانىشمەنلەر، خان - پادىشالار، نوپۇزلۇق موتىۋەرلەرنىڭ سوزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى قىلىۋېلىشتەك ئىلاھلاشتۇرۇش پەلسەپىسىنى رەت قىلغان. ئۇلار «ئىنجىل»نى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئولچەم قىلغان؛ ئۇلار پادىشا - خانلارنىڭ سوزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھوكۇمدارمۇ قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك، دېگەننى ئولچەم قىلغان؛ ئۇلار نوپۇزلۇق موتىۋەرلەرنىڭ سوزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئالدىدا بەگ، قۇل، كەمبىغەل دېمەي ئادالەت قىلىشنى ئولچەم قىلغان؛ ئۇلار ئوردىدىكى كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ سوزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىدىكى كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ «ھەممە سوزلىرىنىڭ ھەقىقەت بولۇشى مۇتلەق ئەمەس» دەپ، بىرىنچى — ئادالەت، ئىككىنچى — خەلققە ياخشىلىق قىلماق، ئۈچىنچى — باراۋەرلىك، توتىنچى — ئىنسانىيلىق بولۇشىنى ئولچەم قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە دائىر ئىدىيىسىنى تارىختىن بىرى ھەرخىل «قانۇن پەلسەپە»لىرىنى يازغان پەيلاسوپلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورسەك تېخىمۇ تېپىگرەك سېلىشتۇرما بولىدۇ.

مەسىلەن: گېگېلنىڭ 1821 - يىلى نەشر قىلىنغان «قانۇن پەلسەپىسى» دېگەن كىتاۋى ئۇنىڭ: «روھ پەلسەپىسى» نىڭ ئىككىنچى قىسمى يەنى «ئوبىېكتىپ روھ» دېگەن قىسمىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، بۇ كىتاپنىڭ ئاخىرىدا گېگېل ئوز پەلسەپىسىنىڭ ئالىي پىرىنسىپى يەنى «مۇتلەق ئىدىيە» پرۇسسىيە پادىشاسى فرىدرىخ ۋىلگېلم III ۋەدە قىلغان دەرىجە تۈزۈمىدىكى پادىشالىق ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇش تۈزۈمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇ-

لىشى كېرەك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئەسىر دەرىجە تۈزۈمىنىڭ تونىنى كەيگۈزگەن. پادىشالىق ھاكىمىيەتكە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، خۇشامەت قىلىپ، پادىشانى «ھەقىقى ئەۋلىيا»، پادىشالىق تۈزۈمنى «دولەت تۈزۈمىنىڭ ئالى شەكلى» دەۋالغان. دىمەك، گېگېلمۇ «ھەقىقى ئەۋلىيا» — پادىشالارنىڭ سوزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئالى پىرىنسىپى قىلىۋالغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھوكۇمدارلار ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، قانۇن ئوزىنىڭ ئۇلۇغلىغى بىلەن ھوكۇمداردىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك» دىگەننى ئولچەم قىلغان. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ دولەت باشقۇرۇشى بىلەن بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ دولەت باشقۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، پەرقلەرنى ئەمىلىي ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ تەپسىلى چۈشەندۈرگىنىگە قارىغاندا، ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى مەسىلىسىنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ ئەمىلىيەتكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەلۋىگە يارىشا توغرا ھەل قىلالىغان. بۇنداق ھەل قىلالىشىنىڭ ئەڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دىگەن قانۇنچىلىق ئىدىيىسى پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ئاساس قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئالەم بىر پۈتۈن، ئالەمدىكى پۈتكۈل زىددىيەتلەر بىرلىكنى نىگىز قىلىدۇ، مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

143 . ئۇچى ئوت ئۇچى سۇۋ ئۇچى بولدى يېل،
ئۇچى بولدى توپراق ئاژۇن بولدى ئېل.

( ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت،
ئۇچى تۇپراق بۇلاردىن دۇنيادۇر مەۋجۇت . )

145 . كورۇشمەز ياغىلار كوتۇردى ئوچىن،
قارىشماز ياغىلار ياراشتى ئىچىن .

( ئۇرۇشما، بۇ ياۋلار ياراشقان ئۈچۈن ،
كورەشمە، بۇ ياۋلار كوتەرگەچ ئۈچىن . )

دىگەن بېيىتلىرىدە سۇ، ھاۋا، ئوت، تۇپراق گەرچە بىر - بىرىگە زىت بولسىمۇ، بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورستىش ئارقىلىق ھەممە زىددىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ، زىددىيەتلىك

تەرەپلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغانلىغىنى، تەقەززالىغىنى، بىر ـ بىرىگە مۇھتاجلىغىنى، مانا مۇشۇنداق مۇھتاجلىق، تەقەززالىق جەمئىيەتنىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەملەرنىڭ تەڭ ـ باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى بولىدىغانلىغىنى شەرھىلەپ، مۇشۇ پەلسەپىۋى بىرلىك توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسى قىلغان.

ماركسىزىم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، سىنىپىي جەمئىيەتتە دولەت ــ هامان سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەهسۇلى بولىدۇ. ئۇ هامان هوكۇمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. بىز يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكەن يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ «قانۇن ئالدىدا هەممە ئادەم باراۋەر» دەپ جاكالىغان نۇقتىئىنەزىرىنىڭ قويۇلۇشى بىر مەسىلە، شۇ تارىخىي دەۋردە هەقىقى ئەمەلگە ئېشىشى باشقا بىر مەسىلە. چۈنكى قانۇن ئالدىدا هەممە ئادەمنىڭ هەقىقى باراۋەر بولۇش مەسىلىسى پەقەتلا خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «جاڭغىر»، «ماناس» لارغا ئوخشاش پەلسەپە، ئىجتىمائى ئىدىيە تارىخىغا دائىر تېخى تەتقىق قىلىنمىغان ۋە ئېچىلمىغان تارىخىي مەنبەلىرى ئاز ئەمەس، مۇنداق نەمۇنىلىك مەنبەلەرنى ئېچىشىمىز كېرەك.

II

ئىلىم ـ پەنگە مۇهتاج بولىۋاتقان هازىرقى زامان ئەللىرى 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز دولەتلىرىنى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىم ئۈستىگە قويماقتا، شۇڭا، بۇنداق سوزلەرنىڭ هازىر ئېيتىلىشى ئانچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، ئەمما بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى بۇنداق هەقىقەتكە ئىگە ئىلمىي سوزلەرنىڭ ئېيتىلىشى كىشىلەرنى بەختىيار تەپەككۇر قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئۇزۇن زامانلار داۋامىدا ئىجتىمائى هادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدىنى، ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتىن دۇچ كەلگەن بوران ـ بوهرانلار نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن تارىخىي، ئىلمىي، مەدىنى مىراسلىرىنى ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىم ۋە بىلەن دولەت باشقۇرۇشتىن تاپقان. شۇڭا، يۇسۇپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ۋە دولەتنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن زورۇر بولغان سەۋەپلەرنى بىلىم ـ مەدد

نىيەت دەپ ھىساپلىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر ئادەمنىڭ كۈچلۈك - قۇدرەتلىك بولۇشى، بەخت - سائادەتلىك بولۇشى ئىلىم - مەرىپەتتىن، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇز خەلقىگە بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، دولەت باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ بىلىملەر ئىچىدە ھەندىسە (گىومېتىرىيە)، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماساھە (يەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىلمى)، ھىساپ ئىلمى، ئەدەبىيات ئىلمى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ھەر خىل تىل ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشى شەرت، ئەگەر بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنمىسە، بىلىملىك بولمىسا دولەتنى ئادىل باشقۇرالمايدۇ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ۋەخاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دىگەن رىيال ئۇقۇمنى ماھىيەتلىك قائىدىلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىگ» تىن ئىبارەت ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بۇلىقىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پەلسەپىلىك تەپەككۇرلەرنىڭ بىرى—ئىلىم - بىلىم ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدىكى پىكىرلەر بولۇپ ئۇ تۆۋەندىكى بېيىتلەردە نۇر چاچىدۇ :

2603. ئوكۇشتە تالۇ ئەر ئۇقۇشلۇغىنى بىل،
بۇدۇندا بەدۇكى بىلىگلىگنى قىل.

(ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.)

2605. قايۇ ئىشكە بىلگە يېتۇردى بىلىگ،
ئانى يېتتى تۇتتى تەگۇردى ئەىىگ.

(ئىشلەتسە ھەر، ئىشتا بىلىمنى ئالىم،
ئېرىشكەي ئۇ ئىشقا ئۇتۇقلار دائىم.)

2790. ئۇقۇش بولماسا ئەر ئۆزىن تۇتنوماز،
بىلىگ بولماسا ئەر ئىشىن ئېتنۇمەز.

(تۇتالماس ئۆزىنى ئەر ئەقىل بولمىسا،
قىلالماس ئەر ئىشنى بىلىم بولمىسا.)

2782 . ئەلىنىڭ ساقىشىن بىلسە ئارتۇق يېتە،
بىشۇرسا ئۇنگى كوڭلى ساقىش تۇتا.

(كاتىپ بىلسە ئارتۇق ھىساپ ئىلمىنى،
ھىساۋاتقا بەرسە كوڭۇل ئەقلىنى.)

2783 . ئەلىنىڭ ساقىشىندا كېچەر ئېرسە سەن،
كېرەك ھەندەسە ساقىشى تۇتسا سەن.

(ھىساپتا توت ئەمەل ئۇقاچ قىيىن سەن،
شۇغۇللان يانا ئۇ ھەندىسە بىلەن.)

2784 . كورۇ بارسا يىنچكە ساقىش ھەندەسە،
مۇنى بىرلە يېركوك بولۇر ئول ساسا.

(بۇ ئىلمى ھەندىسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر - ئاسمان ھىساۋى شۇ بىلەن بولۇر.)

2786 . ئىدى مەباتىغ ھەندەسە ساقىشى،
ئانىن تەز كىنۇر كورھەكىملەر باشى.

(بۇ ئىلمى ھەندىسە ئېرۇر بەك چوڭقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكىملەر بىشىمۇ قايىۇر.)

2887 . ئېۋدىن تېگ يارىر بۇيىتى قات كوكۇگ،
ئادىرتتى سېچىم تىگ يىر ئېرسە قاشى.

(ئۇ يەتتە قات كوكنى دانىدەك يارۇر،
چوڭقۇر - دوكنى ئۇششاق قىلىپ ئاجىر تۇر.)

2633. بىلىر ئەرسە ساقىش يىمە ھەندىسە،
ئەدەد جەزرى قىلسا مىساھەت باسا.

(ئۇ بىلسۇن ھىساپ ھەم گېئومېتىرىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.)

208. قاموغ ئەزگۈلۈكلەر بىلىگ ئاسغى ئول،
بىلىگ بىرلە بۇلدى مەسەل كوككە يول.

(پۈتۈن ياخشىلىق ئىلىم پايدىسى ئول،
بىلىم بىرلە مىسالى كوككە سالۇر يول.)

1678. ئاتادىنمۇ بىلگە تـوغار بۇ كىشى،
ئـازۇ ئۆگرە نۇرمۇ يېتىلسە ياشى.

(بىلىملىك تۇغۇلامدۇ ئانىدىن كىشى،
ۋەيا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى.)

1681 ئانـادىن توغۇغلى بىلىگسىز توغار،
بىلىگ ئۆگرە نۇر ئوترۇ قاموغ ئىش ئۇنۇر.

(ئانىدىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ توركە چىقار.)

262. بىلىگسىزگە توردە ئورۇن بولسا كور،
بۇ تور ئىلكە ساندى ئېلىگ بولدى تور.

(بىلىمسىزگە توردە ئورۇن بولسا كور،
بۇ تور بولدى پەگا، پەگا بولدى تور.)

263 · قالى بىلگەكە تەگسە ئىلدە ئورۇن،
ئول ئەل بولدى توردە تاقى كەد بۇرۇن.

(بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تور ھەممىدىن بورۇن.)

320 · ئۇقۇشلىـۇغ كىشىكە ئىشى تاپ ئوقۇش،
بىلىگسىز كىشىكە ئاتى تاپ سوكۇش.

(ئەقىللىق كىشىگە ئەقىل يولدىشى،
ھاقارەت ئاتالماق بىلىمسىز كىشى.)

4075 · تاقى مۇندا يىگرەك ئايۇر بۇ بىلىگ،
بىلىگسىز كە بىرمە ئايا بەگ ئەلىگ

(تېخى ياخشى بۇندىنمۇ، دەپتۇ بىلىم،
بىلىمسىزنىڭ قولىنى تۇتما بېگىم.)

4073 · قالى ئورناسا بۇ ئوتۇن ئەر ئىلى،
ئىدى ئىـوك ئۆلۈغ ياس قىلۇر بۇ قولى.

(ئەگەر گۆستاق ① ئەر چىقسا بۇ دەرىجىگە،
ناھايەت، زىيان يەتكۈزەر ئېلىگە.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقۇرقى بېيىتلار ئارقىلىق ئىنسانىيەت تـەرەققىياتىنىڭ يـۇقۇرى پەللىسى بـولغان ئىلىم - پـەننىڭ رولى ۋە ئـۇنىڭ ماھىيىتىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، بىلىم ئارقىلىـق دولەت بـاشقۇرۇشنىڭ رىيال ئەھمىيىتى ۋە ئـۇنىڭ دىيالېكتىكىلىق مـۇناسىۋىتىنى بەدىئى مـاھارەت بىلەن تـەپەككۇرنىڭ لـوگىكىلىق سـەۋىيىسىگە كـوتىرىپ نـەزمىلەشتۈرگەن. شائىر بـارلىق قـەدىر - قىممەت، ئىززەت ۋە ھـورمەتنىڭ بىلىمگە مـەنسۇپ ئىـكەنلىكىنى،

---

① گۆستاق — بىلىمسىز زومىگەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نادانلىقنىڭ ، بىلىمسىزلىكنىڭ كىشىلەر ھېرگىزمۇ قەبەھ نەرسە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنى جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، خۇددى ساي تېشىغا ئوخشاش، بۇنداق بىلىمنىڭمۇ قەدرىلەنمەيدىغانلىقىنى ، گويا ئىپار ئۆزى تاراتقان خۇشپۇراق بىلەن يوشۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن تاشقىرى بولغىنىدەك، بىلىممۇ ئۆزىگە خاس ھىد بىلەن نۇر چېچىپ شۇنداق بىر يېلىغى بىلەن يەنى ئەل بەختىنىڭ مېھرىۋانلىغى بىلەن توشقان، تىرەن مەناغا ئىگە ئەقىل دېڭىزى ئىكەنلىكىنى لوگىكىلىق ئۇقۇم بىلەن شەرھىلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دولەت ئىشىنى باشقۇرۇشقا تەئىنلەنگەن دىپلوماتلارنىڭ بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ دولەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بېيىتلار ئارقىلىق ئىزاھلىغان:

2597 . قامۇغ ئەردە ئۇدرۇم يالاۋاچ كېرەك .
بىلىگلىك ئۇقۇشلۇغ تالۇ كەد يۇرەك ،

( بۇ ئەلچى بولۇشقا سەرخىل ئەر كېرەك،
بىلىملىك، ئەقىللىق، جەسۇر، تاغ يۈرەك .)

2600 . ئۇقۇشلۇغ كېرەك كەد يالاۋاچ ئورۇگ،
بىلىگلىگ كېرەك سوزكە بىلسە يورۇگ.

( ئۇ بولغاي ئەقىللىق ھەر ئىشتا تەمكىن،
بىلىم لازىم بىلىشكە سوزنىڭ يولىن . )

2601 . يانا بىلسە سۆزنۈك ئىچى ھەم تاشى،
ئېتىلسە ئانىڭ ئوترۇ توزمىش ئىشى.

( ئۇتۇقلۇق ئورۇنداي دىسە ئوز ئىشىن،
تۈزۈك ئۇقماق كېرەك سوزنىڭ ئىچ، تېشىن.)

2621 . ئۇۋۇتلۇغ كېرەك كەد ئامۇل ھەم سىلىگ،
سىلىگلىك يىلە بىلسە تۇرلۇك بىلىگ.

( بۇ ئەلچى ئۇيا تچان، سىلىق بولسۇن ئۇ،
ۋە تەمكىن، نەچچە خىل بىلىم بىلسۇن ئۇ. )

2636 . قامۇغ تىل بىلىر ئېرسە ئاچسا تىلىگ،
قامۇغ خەتنى بىلسە بىتىسە ئەلىگ.

( پۈتۈن تىلدا سوزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقۇسۇن، پۈتسۇن قولى. )

2635 . چوگـەنكە كەد ئەرسە ئاتار ئەرسە ئوق،
يېمە قۇشچى ئاۋچى ئاژۇندا ئوزۇق.

(ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى ① ئاتار بولسۇن ئوق،
يا نا قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق. )

2663 . يۈزى كوركى كوركلۇگ كېرەك هەم بودى،
يۇلۇغ بولسا بودسىن كىشىدە كەدى.

( گۈزەل يۈز، بويى هەم بولسۇن چىرايلىق،
ساقال - ساچ، تۇرقى هەم ئوزگىچە پەرقلىق. )

يۈسۈپ خاس هاجىپ بۇ بېيىتلار ئارقىلىق باشقا ئەللەرگە ئوز ئېلىنىڭ بىلىم ۋە مەدىنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دىپلومات ئەلچىلەرنىڭ ئەمىلىيىتى ئارقىلىق كورسىتىشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداق قىلىشنىڭ رىيال ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان . يۈسۈپ خاس هاجىپ « قۇتادغۇ بىلىگ » تە دولەتنى بىلىم بىلەن ئىدارە قىلىش توغرۇلۇق رىيال ئەهمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك پىكىر ۋە چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق خاننى « قىلالمايمەن يالغۇز پۈتۈن ئەل ئىشىن، كېرەكتۇر ماڭا ئەر بىلىگچى ئەل ئىشىن »، دەپ سوزلىتىپ، دولەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بىلىملىك كىشىلەرنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن . يۈسۈپ خاس هاجىپتا « قۇتادغۇ بىلىگ »

① چەۋگەن — ئات ئۈستىدە ئوينايدىغان توپ.

www.uyghurkitap.com



تەك نادىر ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە غەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇش تۈيغۇسىنى ئۇيغاتقان نەرسە نىمە ؟

شۈبھىسىزكى، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ ھەرخىل بىلىملەر بىلەن شۇ ئەدەبىيات، تىل ئىلمى، گېئومېتىرىيە ، يەر ئۆلچەش قاتارلىق بىلىملەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى بولغان دولەت ئىچىدىكى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان قارىمۇ - قارشى لىقلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ھەر بىر شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئىنسانىي تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇر قىلالىغانلىقى، تەپەككۇر ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەلسەپىسىنى تونىيالىغانلىقى، ئوتمۇش دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان پەلسەپىۋى كوز قاراشلىرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇنداق تىرەن رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە پەلسەپىلىك پىكىرلەرنى چوڭ يۈرەك بىلەن جاماھەت ئالدىغا قويالىشى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، بەزى پاكىتلارغا قارىتا لوگىكىلىق ئابستىراكسىيە يۈرگۈزۈپ ئۆزىنىڭ بىلىشىنى بىر قەدەر ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە قىلالىغاچ، مەسىلىلەرنى سېستىمىلاشتۇرۇپ قويۇش ئۇسۇلى نىسبەتەن مۇۋاپىق بولغان، ھەتتا بىلىم بىلەن دولەت، قانۇن بىلەن ئادەم، سىياسەت بىلەن دىپلوماتىيە قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋەتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى نەزىرىيەۋى تەپەككۇر باسقۇچىغا كوتىرىپ، ئۇقۇمدىن ھوكۇمگە بارىدىغان ئەقلىي خۇلاسىغا كېلەلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ، خىرىستىيان ، كاتولىك دىنلىرىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى « مەدرىس پەلسەپىسى » نىڭ، چاكىنىلاشقان يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ھەر خىل پەلسەپىۋى ئەقىدىلىرىدىكى « خۇدادىن بى تەقدىر قىل تەۋرىمەيدۇ » ، « ئىنساننىڭ ئالىم ياكى زالىم بولۇشى، ھاكىم ياكى مەھكۇم بولۇشى پېشانىسىگە يېزىلغان، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق » دىگەن ئەقىدىسى بويىچە ھەل قىلماستىن، بەلكى بۇ مەسىلىنى ئوبيېكتىپ دۇنيا، تەبىئەت بولسۇن ئوزگەرمەي تۇرسۇۋەمەيدۇ، بەلكى مەڭگۈ ئۈزلۈكسىز ئوسۇش، تەرەققى قىلىش، يوقۇلۇشتەك ئوزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ بىلىشىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ ئوزگىرىپ تۇرىدۇ، دىگەن ماتىرىيالىستىك پەلسەپە كوز قارىشى بويىچە ھەل قىلغان، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىملىك بولۇش تەقدىرگە باغلىق ئەمەس، بىلىمنىڭ ئوزىمۇ تەقدىر ئەمەس، ئادەم ئانىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ ، قوساقتىن بىلىملىك قىلىپ بالا تۇغىدىغان ئانىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئادەم تۇغۇلۇپ، ئوسۇپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە بىلىملىك بولۇپ

يېتىشىدۇ، بىلىمنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگەللىگىلى بولىدۇ، دەپ ئۆزىنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسىنى ئېنىق، ئۆزۈل - كېسىل ئوتتۇرىغا قويغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئالىجاناپ كۆز قارىشى 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قارىشىغا تامامەن زىت بولغان بولسا، بەزى پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قارىشىغا يېقىنلىشىدۇ. مەسىلەن:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان 11 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە، پەلسەپە ساھەسىدە ئىككى مەزھەپ كۈرىشى داۋام قىلغان. بىرى — «نام ئەلاچىلىقى»، بىرى — «چىن ئەلاچىلىقى» (چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى). «نام ئەلاچىلىقى» ئېقىمىدىكىلەرنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشى: ئايرىم شەيئىلەر ئۇقۇمدىن ئاۋال دەيدۇ. بۇنىڭدا ماتېرىيالىزملىق خاھىش بار. «چىن ئەلاچىلىقى» ئېقىمىدىكىلەرنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشى: ئالدى بىلەن ئومۇمى ئۇقۇم مەۋجۇت، شەيئىلەر كېيىن، دەيدۇ («ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» نى ئۆگىنىشتىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ 85 - بېتىگە قارالسۇن). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قارىشى «نام ئەلاچىلىقى» ئېقىمىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشايدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى «نام ئەلاچىلىقى» تەرەپدارلىرى بىلەن «چىنلىق نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ماتېرىيالىزمچىلار بىلەن ئىدىيالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار» («لېنىن ئەسەرلىرى» 20 - توم خەنزۇچە نەشرى، 185 - بەت). بىز «قۇتادغۇ بىلىگ» تەك پەلسەپە غەزىنىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئارقىلىق مۇندىن 10 ئەسىر ئىلگىرىكى مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم - پەن ۋە كىشىلىككە قاراشتىكى پەلسەپە گۆھەرلىرىنى كۆرگەندە، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى پەلسەپە غەزىنىسىدىكى گۆھەر دەپ شەرھلىشىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم - پەننىڭ كىشىلىك ھاياتنىڭ پارلاق مەنزىرىسى ئۈچۈن بېرىدىغان قۇدرەت كۈچىنى، بىلىم ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنى، تاغ - دېڭىز، ئېدىرلارنى گېئومېتىرىيە ھېساۋى بويىچە زەررىلەرگىچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىلىم - پەن ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئېلان قىلغان، يەنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن بىلىم ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى پەرەز ئارقىلىق ھۆكۈم قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرەز ئارقىلىق قىلغان بۇ ھۆكمى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز تەسەۋۋۇر بولماستىن، بەلكى

www.uyghurkitap.com



ئۆزى كۆزەتكەن بەزى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئارقىسىدا بولغان، بۇ يەردىكى تەسەۋۋۇر بىلەن مولچەرلەشنى ئالساق، تەسەۋۋۇر بىرەر پاكىتقا ئاساسەن قىلىنىپ تېخى ئەمەلىيەت سىنىغىدىن ئۆتمىگەن بولغاچقا، ئۇ تەسەۋۋۇر دېيىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى بەزى پەيلاسوپلار پەرەزگە قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ چوقۇم يېتەرلىك پاكىت ئاساسى بولۇشى كېرەك، پەرەز دېگەن نوقۇل پانتازىيىگە مەنسۇپ، ئىلمىي ساھەگە مەنسۇپ ئەمەس، پەن — قىياس، مولچەر ئەمەس، پەقەت ماتېرىياللارغىلا ئاساسلىنىشى لازىم، دەپ پەرەزنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغان، ماركسىزىم مۇنداق كۆز قاراشقا قوشۇلمايدۇ. لېنىن تەسەۋۋۇرنىڭ پەندىكى مۇھىم رولىغا يۈكسەك باھا بەرگەن، لېنىن مۇنداق دېگەن: « پانتازىيە — ئىنتايىن قەدىرلىك خىسلەت »، « بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئەدىبلەرلا پانتازىيىگە مۇھتاج ئىمىش. بۇ، ئاساسسىز. بۇ، ئەخمىقانە بىر تەرەپلىمە قاراش، ھەتتا ماتېماتىكىمۇ پانتازىيىگە مۇھتاج، ھەتتا ئۇنىڭسىز دىففېرېنسىيالنى، ئىنتېگرالنى كەشپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس» (لېنىن ئەسەرلىرى 33 – توم، خەنزۇچە نەشرى، 282 – بەت). پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، پەرەز كېيىنكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانسا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر – پەرەزلىرى 18 – 19 – ئەسىردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتكە ئايلانغان ئەمەلىي قىممىتىنى كۆرسەتتى. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 11 – ئەسىردىلا بىلىم ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قىلغان ئاساسلىق پەرەز تەسەۋۋۇرلىرى خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك، تەبىئىي ئىلىم – پەن تەرەققىي قىلىنىۋاتقان ئىكەن، ئۇ پەرەزدىن ئايرىلمايدۇ، بىز تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىغا مۇھتاجمىز، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى بىرلەشتۈرگەندە ئاندىن پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز، دېگەن روھقا ئۇيغۇن.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بېيىتلاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىگ » تە سەۋەب، نەتىجە، ئەمەلىيەت، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى، ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ ئالامەتلىرى، لوگىكا بىلەن ئوبيېكتىپ چىنلىق تەرەققىياتىنىڭ بىردەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەقلىي خۇلاسە قىلىشتا تارىخىلىقتا، لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇنىڭدىن « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ يېزىلىشىنىڭ ئابستراكىت مەسىلىلەردىن كونكرېت مەسىلىلەرگە ئۆتۈش جەريانى ئىكەنلىكىنى، بۇ جەرياننىڭ « قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئالالايمىز. دېمەك، « قۇتادغۇ بىلىگ » تە قويۇلغان بىر قىسىم مەسىلىلەر تارىخىلىق بىلەن لوگىكىلىقنىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇنداق دېيىشىمىز لوگىكا — ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تارىخ — لوگىكىنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى لوگىكا بىلەن تارىخنىڭ دىيالېكـ
تىكىلىق بىرلىكى ئۆزىگە ئوبېكتىپ تارىخنى، ئىنسانلار بىلىشىنىڭ تارىخىنى ئاساس قىلىدۇ.
شۇڭا ئۈچۈن بىز يۇقۇرقىدەك بىر قاتار پەلسەپە قائىدىلىرىگە ئاساسەن، «قۇتادغۇ بىلىگ»
دىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى لوگىكىلىق بىلەن تارىخىلىقنىڭ بىرلىكىگە
ئۆيغۇن دەيمىز.

III

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاق — ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يەزىلىتىدۇر، دىگەن مەسىلىگە دائىر پەلسەپە كوز قارىشى «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى 13290 مىسراللىق بۇ بېيىتتا خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىرچە بۇ ھەقتە تەپسىلى توختالماقچى ئەمەسمەن، پەقەت مىسال ئۈچۈنلا بىرنەچچە بېيىتنى ئوقۇپ ئوتۇشنىڭ ئۆزىلا بىز سوزلىمەكچى بولغان مەنزىلنىڭ كىرىش قىسمىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

2514 باشىڭ قولسا بېگلەر سوزىن سوزلەمە،
يانا ئېلكە يازما باشىڭنى يېمە.

(بېشىڭ خالىساڭ بەگ سوزىنى دىمە،
جىنايەت قىلىپ ئەلگە باشىڭ يىمە.)

1991. كوڭۈل بولماسا ئەر كوزى ئاسغى يوق،
ئوگى بولماسا ئەر كوڭۈل ئۇسغى يوق.

(ئېرۇر پايدىسىز كوز كوڭۈل بولمىسا،
كوڭۈل پايدىسىزدۇر ئەقىل بولمىسا.)

371. بودۇم ئېردى ئوق تېگ كوڭۈل ئېردى يا
كوڭۈل قىلغۇ ئوق تېگ بۇدۇم بولدى يا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



( بويۇم ئىدى ئۇقتەك كوڭۇل ئەردى يا ،
كوڭۇل قىلغۇئوقتەك بويۇم بولدى يا ۰ ) ①

858 . ئۇز ئاسىغىن تىلەمەز كىشىكە ئاسىغ ،
بىرۇر ئول ئاسىغدىن بۇقولماس يانىغ .

( تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۇز نەپئى دىمەس،
يەتكۈزگەن نەپئىچۈن بەدەل كوزلىمەس . )

229 . ئۇزۇك مەڭگۈ ئېرمەز ئاتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئاتىڭ مەڭگۈ ئولسا ئۇزۇك مەڭگۈ ئول.

( ئۇزۇك مەڭگۈ ئەمەس، ئىپتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئىپتىڭ مەڭگۈ ئولسا ، ئۇزۇك مەڭگۈ ئول.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھەقتىكى پەلسەپە ئىدىيىسىگە دائىر « قوتادغۇ بىلىگ » تىن كەلتۈرىدىغان بېيىتلارنى تۆۋەندىكى ئىككى بېيىت بىلەن توختىتىمەن :

863 . تاشى تېگ ئىچى ئول تېگ تاشى ،
بۇ ياگىلىغ بولۇ ئول كونى چىن كىشى .

( تېشىدەك ئىچى ئول ئىچىدەك تېشى ،
مۇشۇنداق بولۇر ئۇ دۇرۇس چىن كىشى . )

864 . كوڭۇلىن چىقارسا ئايادا ئۇرۇپ ،
يورسا ئۇ يادىماسا يالڭۇق كورۇپ.

( يۈرىكىنى چىقىرىپ ئالقاندا تۇتۇپ ،
ئۇيالماي يۈرەلىسە ئەلنى كورۇپ ۰ )

---

① يا — ئوقيا دىمەكچى.

بۇ بېيىتلاردىن ئىنسان ھاياتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە قارىمۇ - قارشى لىغىنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز، يەنى كىشى شۇنداق توغرا بولۇشى كېرەككى، ئىچى - تېشى ئوخشاش بولۇپ مۇناپىقلىق قىلمىسا، خەلققە خىيانەت قىلماي يامان ئىشلاردىن يىراق، ئاق كۆڭۈل بولسا، خەلق ئالدىدا يۈرىكىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ، مانا مېنىڭ يۈرىكىم، دەپ خەلققە كۆرسىتەلىسە ؟! يەنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پاك يۈرىكىنى خەلققە كۆرسىتەلىسەڭ، ئۇ چاغدا سەن ئەخ- لاقلىق ھەقىقى ئادەم! . . . ھەقىقى ئەخلاق چوڭقۇر ئەقىلدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەخلاق — ئەقىلنىڭ ئىجتىمائى فورمىسى، ئەخلاق — ئەقىلنىڭ ئىجتىمائى ئۆلچىمى، بىر كىشىنىڭ ياكى بىر خەلقنىڭ ئومۇمى ئەخلاق دەرىجىسى شۇ شەخسنىڭ ياكى خەلقنىڭ ئومۇمى ئوتتاق ئەق- لىنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك ھاياتنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش توغرى- سىدىكى ئەقىل، ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاقى پەزىلىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ- بىلىگ» دە قوللانغان «ئەقىل» ئاتالغۇسى پەلسەپىۋى مەناغا ئىگە بولۇپ، «ئەمەلىيەتچىب- لىك» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق ئالاھىدە مەسىلىگە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

بىز «قۇتادغۇ بىلىگ» دە يەنە ھىس، بىلىم، ئەقىل ئاتالغۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا «ھىس» ئاتالغۇسىنىڭ «روھ» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى، «ئەقىل» ئاتالغۇسىنىڭ ئەمەلىيەتچىلىك مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. مەسىلەن، بىز:

بىلىگلىگ ئۇقۇشلۇغ بىلىر بىلسە ئىش، 3166 .
بىلىگلىگ ئۇقۇشلۇغ قىلۇر قىلسا ئىش.

(ئىش بىلسە بىلىملىك، ئەقىللىق بىلۇر،
توغرا قىلسا بىلىملىك، ئەقىللىق قىلۇر.)

دىگەن بېيىتتىن ئەمەلىيەتنى بىلىپ ئۆتكەندىن ھاسىل قىلىنغان بىلىمنىڭ ئەقىل بولىدىغان- لىغىنى، شۇ بىلىمنىڭ ئەمەلدە توغرىلىغى ئىسپاتلانسا ھەقىقەت ھىساپلىنىدىغانلىغىنى كۆرد- مىز. بۇ بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى مۇنداق ئالاھىدىلىكنى — «ھىس» ئۇقۇمىنىڭ دەل ئىدىيالىستىك مىتافىزىكىلىق ئىدىيىگە، «ئەقىل» ئۇقۇمىنىڭ ساددا ماتىرىيالىستىك دىيالېكتىكا ئىدىيىسىگە ۋاكالەتلىك قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



دىمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ نادىر ئەسەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادى بولۇش بىلەن مۇشۇ تۇپراقتا ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇشنى، ئۇنى تەتقىق قىلىشنى ئىستەيدىغان كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى ئۇچۇن چەكسىز بوشلۇقتۇر. چۈنكى شىنجاڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارىخي جەريانلارنى بېشىدىن مۇرەككەپ كەچۈرگەن، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ مەشئىلى بولۇپ كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى مۇشۇ مەشئەل ئىچىدە ھىجرىيىنىڭ 642 - يىلى (مىلادىنىڭ 1069 - 1070 - يىللىرى) قەشقەردە 18 ئاي ئىچىدە خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىپ پۈتتۈرگەن، شائىر بۇ ئەسەرنى تاماملاپ، ئۇنى سۇلايمان ئارسلان قاراخاننىڭ ئوغلى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئالدىدا ئوقۇغان بولسىمۇ، خاقاندىن ئىنئام، ئېھسانغا ئېگە بولۇش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى خاقاننى غەپلەتتىن ئويغىتىش، يامانلىقتىن تۇساپ ياخشىلىققا ئۈندەش، ھوقۇق يالغۇز خاقاندىلا ئەمەس، خەلقنىڭ خان ئۈستىدىمۇ گەپ قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى خاقاننىڭ ئېسىگە سېلىشنى، شۇ ئارقىلىق دولەت، قانۇن - تۈزۈملەرنى بىلىم ئارقىلىق باشقۇرۇشقا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغان. تاۋغاچ بۇغرا قاراخان بۇ ئەسەردىكى قىممەتلىك تەپەككۇرلەرنىڭ پەلسەپىلىك جەۋھەرلىرىنىڭ يۈكسەك ماھارەت بىلەن بەدىئى ئۇسلۇبتا نەزمى رىشتىسىگە تىزىلغان، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەللىكىگە، ئىلمىلىكىگە قايىل بولۇپ، ئالىي ئېھتىرام يۈزىسىدىن شائىرغا يېقىن كىشىسى، مۇشاۋىرى، نەسىھەتچىسى ـــ «خاس ھاجىپلىق» ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەردىكى ئىلمىلىككە ئېگە بىباھا، ئالىي غايىلەر ئېتىۋارى بىلەن جاھان جامائەتچىلىكى بۇنى. قەدىرلەپ، ئۆزلىرىچە بۇ ئەسەرگە ئات قويۇشقان.

مەسىلەن، شۇ تارىخي شارائىتتىكى چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، ماچىنلىقلار «ئايىنۇلمەملىكە» (مەملىكەت ئەينىكى)، شەرق مەملىكەتلىرىدە «زىنەتۇل ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» (تۈركلەرنىڭ شاھنامىسى) ياكى «پەند نامەئى مۇلۇك» (شاھلارغا نەسىھەتنامە)، تورانلىقلار ئۆز ئېتى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەت بەرگۈچى بىلىم) دەپ ئاتاشقان («قۇتادغۇ بىلىك» پەرغانە نۇسخىسىنىڭ باش قىسمى ۋە ئادىل ئاچارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى كىتاۋى 158 - بەت).

بىزنىڭ بىرلا ئورتاق مەقسىدىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەممىمىزدە تارىخي ماتېرىيالىزملىق كوز قاراشتىن ئىبارەت ئورتاق پوزىتسىيە بولۇشى لازىم.

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمى بايان

## ئابدۇشۈكۈر تۇردى

ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىرەر ماقالا، ھەتتا بىرەر ئەسەردە تولۇق مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈش خېلى قىيىن بىر مەسىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بەزى بىر تەرەققىيات جەريانلىرى، خېلى مۇھىم ئەھمىيەت ئىگەللەيدىغان ئەدەبىي ھادىسىلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرى تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىپ، تولۇغى بىلەن يورۇتۇپ بېرىلمىگەچكە، بۇنداق بىر قىسقا ماقالىدا مول بىر بايلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى جەريانىنى بايان قىلىپ بېرىش تېخىمۇ قىيىن. شۇڭا بۇ ماقالىمىزدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم پەيتلەر، ئاساسلىق مەسىلىلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى قىسقىچە يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئۇيغۇرلار — مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا، مەملىكىتىمىز تارىخىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، چېگرا رايوننى قۇرۇش ھەمدە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزنىڭ ماددى مەدەنىيەت بايلىقىنى بەرپا قىلىش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا، قىسقىسى، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقتە بۈگۈنكىدەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدا، مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا، مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇرۇق - قەبىلىدىن قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ، قەبىلە ئىتتىپاقلىرىدىن خەلق، خەلقتىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ھەمدە مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى، زور - زور ئىجتىمائى ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنداق ئۇزۇن ھەم مۇرەككەپ جەريان ئۇلارنىڭ

ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە تىل تەرەققىياتىغا، ئومۇمەن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىشىغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇنداق مۇھىم پەيتلەرگىمۇ نەزەر سېلىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ.

## I

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىۋىگە كىرگەن ئەڭ قەدىمىي قەبىلىلەر، دەسلەپتە، يەنى مىلادىدىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولغان. ۋە خەنزۇ تارىخلىرىدا دىڭلىڭ (丁零) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. مىلادىنىڭ 4 ـ ئەسىرلىرىگە كەلگەندە يۈەنخې (袁纥) دېگەن نام بىلەن، 5 ـ ئەسىرلەردە گاۋچې (高车)، ئۇنىڭدىن كېيىن تېلې (铁勒)، ۋېيخې (韦纥)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خۇيخې (回纥)، 788 ـ يىلدىن كېيىن خۇيگۇ (回鹘) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ـــ ئۇيغۇرلار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى ①. ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى 9 قەبىلىدىن (بەزىدە 10 قەبىلىدىن) تەشكىل تاپقاچقا، ئۇلار بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە «توققۇز ئوغۇزلار»، خەنزۇ مەنبەلىرىدە بولسا «توققۇز تۈركلەر» (九姓铁勒) دەپ ئاتالغان. «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام تۈركچە يازما تېكىستلاردا 8 ـ ئەسىردىلا ئۇچرايدۇ ②. ئۇيغۇرلار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى راۋايەت خاراكتېرىدىكى ۋەقەلەر بەزى تارىخىي كىتابلاردىمۇ ئۇچرايدۇ ③. بۇنداق راۋايەتلەرنى خۇلاسە قىلىپ، ج. دېگىن ئۆز كىتاۋىدا مۇنداق يازغان: «قەدىمقى زامانلاردا، يەنى مىلادىدىن بىر ئاز ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇرلار ئىككى ئاساسىي ئوردۇغا بۆلۈنۈپ، ئىككى خانلىق تەشكىل قىلغان. بىرىنچىسى، ........ ئون ئۇيغۇر، يەنى ئون دەريا بويىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىككىنچىسى بولسا، توققۇز دەريا بويىدىكى توققۇز ئۇيغۇرلار؛ دەسلەپتە بۇلار بىر خانلىق بولۇپ، كېيىن ئۇلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىككى خان سايلىغان» ④.

مىلادىنىڭ 6 ـ ئەسىر ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەر كۆك تۈرك خانلىقى (552 — 744 ـ يىللار) دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن ۋە ئەينى زاماندا كۆك تۈرك مەدەنىيىتى يەنى ئورخۇن ـ يەنسەي مەدەنىيىتىنى

يارىتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. كۆك تۈرك خانلىقى ئاجىزلىشىپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، 744 - يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۇيغۇر خانلىقىنى (744 — 840) قۇرغان، بۇ ئىككى خانلىق تۈرك قەبىلىلىرىنى نىسبەتەن كەڭ بىرلەشتۈرگەن فېئوداللىق خانىدانلىقى بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ فېئودال دۆلىتى ۋە بىر قەدەر يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىمۇ مۇشۇ خانلىقلار بىلەن باغلىنىدۇ.

9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بىر مۇنچە تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر (ئىجتىمائىي ئىختىلاپلار، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى، تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقىلار .....) تۈپەيلىدىن، ھازىرقى موڭغۇلىيە زېمىنىدىكى ئوتۇكەننى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر خانىدانلىقى ئاجىزلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنى غەربكە، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. تارىختا «غەربكە كۆچۈش» دەپ نام ئالغان 840 - يىلدىكى بۇ يۆتكىلىشتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنسۇ غېربىي كارىدورىغا ماكانلىشىپ، دۇنخۇاڭ بۇددا مەدەنىيىتى ۋە مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان، قالغان كۆپ قىسمى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ئىككى چوڭ فېئودال خانلىقى — «قوچو (تۇرپان) ئۇيغۇر خانىدانلىقى» (850 — 1250) بىلەن «قارا خانىلار خاندانلىقى» (992 — 1212) نىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئىككى خاندانلىق ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان، ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ھۇلىنى قۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىگەن. تۇرپان ۋە بەشبالىقنى پايتەخت قىلغان «قوچو - تۇرپان ئۇيغۇر خانىدانلىقى» شىمالدا بەشبالىق (جىمسار) رايونىدىن، جەنۇپتا كۇچار ۋە ئاقسۇ رايونلىرىغىچە بولغان شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى قول ئاستىغا بىرلەشتۈرگەن. بۇ خاندانلىقنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ، مەدەنىي ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى ۋە باسما سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك بۇددا مەدەنىيىتى ۋە بۇ مەدەنىيەتكە باغلىق بولغان كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنە شۇ دەۋردە مۇشۇ خانىدانلىق دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن، تۇرپان، كۇچارلار بولسا بۇنداق مەدەنىيەتنىڭ ئوچاقلىرىغا ئايلانغان.

قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان «قارا خانىلار خاندانلىقى» نىڭ تېررىتورىيىسى

www.uyghurkitap.com



تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى ھېساپتا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ، يەتتە سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدى. بۇ خاندانلىقنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى، خاندانلىق دائىرىسىدە ئىسلام دىنى مەۋقەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەردە ئىسلام دىنى تەسىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى مەيدانغا كېلىدۇ. قەشقەر بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ.

12 – ئەسىردە يۈز بەرگەن قاراختايلار (كىدانلار) نىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى، بولۇپمۇ 13 – ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلانغان چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىۋىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدى؛ ھەممىدىن ئاۋال، موڭغۇل يايلىغىدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى نامى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ كەڭ رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇردى. كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇنداق بىرلىشىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بۇ رايونلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن خۇلاسىلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا «چاغاتاي ئەدەبىيات دەۋرى» دىگەن ئالاھىدە بىر دەۋر ۋۇجۇتقا كەلدى.

15 – ئەسىردە چىڭگىز مىراسخورلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا نىزا ۋە تالاش – تارتىشلار نەتىجىسىدە، چىڭگىز ئىستىلاسى ئاستىدىكى زېمىنلاردا بىر مەزگىل بولۇنۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ رايونىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ۋە مەمۇرى بىرلىگى ئۆز پۈتۈنلۈگىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالدى.

1513 – يىلدىن 1678 – يىلغىچە بولغان خېلى بىر ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە يەركەننى پايتەخت قىلغان يەركەن — سەئىدىيە خانلىغى شىنجاڭ رايونىنى خېلى كەڭ دەرىجىدە بىرلەشتۈردى. بۇ دەۋردە ئۆز ئارا نىزا، تۇراقسىز ۋەزىيەتكە بىر قەدەر ئۇنۇملۇك خاتىمە بېرىلگەنلىكتىن، ئىقتىسات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۈكسەلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىمۇ گۈللىنىپ يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. 18 – ئەسىردىن كېيىن، چىڭ خاندانلىغى شىنجاڭنى ئاخىرقى ھېساپتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك بىرلىگى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

يۇقۇرقى مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىۋىگە قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلەردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە تۈركىي قەبىلىلەر، ئىران تىل سىستېمىسىدىكى سوغدىلار،

توخار، ئېفتالىتلار ھەممە تۈركلەشكەن قاراختاي ۋە موڭغۇللارمۇ كىرگەن، ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە يۇغۇرۇلۇپ، بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلغان، بۇنداق بىر ھالەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەشكىل تېپىشى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى قالدۇرغان.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يۇقۇرقى تارىخىي جەريانلاردا ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلارغا ماس ھالدا، مەزكۇر تارىخىي دەۋرنىڭ تەلۋى بويىچە دەۋر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ھەر قايسى دەۋردىن ئۆزىگە خاس ئوزۇق ئېلىپ، ئالاھىدە بىر مىللىي شەكىل بىلەن بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ بارغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىككى ئاساسىي قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ: ئۇنىڭ بىرسى، ئەسىرلەر داۋامىدا جۇغلىنىپ ناھايىتى مول بايلىققا ۋە قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىدۇر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئىككى قىسمى بىر - بىرسى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. بۇنداق مۇناسىۋەت — يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى زېمىنىدە تۇغۇلغانلىقىدا ۋە ھەر دائىم ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقلىرى ھىساۋىغا يېڭى - يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىدە، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئېغىز ئەدەبىيات تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشىدە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ ئىككى قىسمىدا، مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا بىر - بىرسىگە ئوتتۇشۇش ھالىتىمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان. مەسىلەن: خەلق ئەدەبىياتى سيۇژىتلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن كلاسسىك داستانلار ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئېغىزىغا كۆچۈشىگە ئوخشاشلار. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىر خەلقنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىزاھلىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئىككى قىسمىنى كەسكىن ئايرىپ تاشلاشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ماقالىمىزنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپە دائىرىسى ۋە ھەجىم چەكلىمىسى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاساسلىق ھالدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، يەنى يازما ئەدەبىياتقا تەئەللۇق ماتېرىياللار ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## II

بىرەر خەلقنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەزكۇر خەلقنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ خېلى يۈكسەلگەن بىر باسقۇچى بىلەن باغلىق بولىدۇ. يازما ئەدەبىياتنىڭ

www.uyghurkitap.com



مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق بىر مەدەنىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ بەلگىسى، ئەڭ ئاۋال، ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان يېزىقنىڭ بولۇشىنى ۋە شۇ يېزىق ئاساسىدا يازما ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىنى شەرت قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئەدەبىياتىنىڭمۇ بىر قەدەر يۇقۇرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇشىنى، بىر قەدەر مۇكەممەل ئەدەبىي تىرادىتسىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قاچان يېزىق قوللانغانلىقى مەسىلىسىدە، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولسىمۇ، ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئېنىق پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىرامىزنىڭ 5 ـ ئەسىرلىرىدىلا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بارلىقىنى مۇقەممەلاشتۇرۇشقا بولىدۇ ⑤. لېكىن دەل شۇ دەۋرگە يەنى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت يازما ئەدەبىي ئەسەرگە تېخى ئىگە بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، شۇ دەۋردە يازما ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق پىكىر ئېيتىش قىيىن.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن زورۇر بولغان شەرتلەر، پەقەت «كوك تۈرك خانىدانلىقى» (552 — 744 ـ يىللار) ۋە «ئۇيغۇر خانىدانلىقى» (774 — 840 ـ يىللار) دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلانغان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرىنى «ئورخۇن ـ يەنسەي» يېزىقى ياكى «تۈرك ـ رۇنىك» يېزىقى يادىكارلىقلىرى تەشكىل قىلىدۇ.

تارىختا بىرسىنىڭ ئورنىنى بىرسى باسقان ۋە بىر ـ بىرسىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بۇ ئىككى خاندانلىق ئەينى زاماندىكى تۈركى خەلقلەرنى بىر قەدەر كەڭ بىرلەشتۈرەلىگەن، نىسبەتەن مۇقىم ۋەزىيەت ياراتالىغان چوڭ فېودال خانىدانلىقى ئىدى. گەرچە، بۇ خاندانلىقلار دائىرىسىدە قىسمەن ئىچكى نىزالار ۋە ئۇرۇشلار بولسىمۇ، بۇ خاندانلىق زېمىنىنى كېڭەيتىش ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى ھەركەتلەر بولۇپ، چوڭ ۋەزىيەتكە ئانچە سەلبى تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىدى. بۇ دەۋردە يۈز بەرگەن قەبىلىلەردىن ئىتتىپاقىغا، پارچە بەگلىكلەردىن چوڭ فېودال دۆلىتىگە يۈزلىنىش — فېودالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجى سۈپىتىدە، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولغان ئىدى. بۇ دەۋردە سىياسى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بىر قەدەر چوڭ بىرلىشىش ۋە تاڭ خاندانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلەر بارلىققا كەلگەن بولسا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن، مىللى ئىقتىسات ۋە غەرب ـ شەرق بىلەن بولغان سودا ئالاقىلىرى كۈچەيگەن ئىدى، بۇنداق تەرەققىياتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىپادىلىرى ئەڭ ئاۋال، 6 ـ ئەسىردىلا ئومۇمىيۈزلۈك يېزىق

قوللىنىلغانلىقتا ⑥، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىپ، داستان ۋە ئېپوس دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە، چوڭ - چوڭ مۇكەممەل داستانلار بىرلا دەۋرنىڭ ياكى بىرەر خەلق شائىرىنىڭ بىر مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىدۇ. بىرەر خەلق ئەدەبىياتىدا داستاندىن ئىبارەت بىر شەكىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلى يۈكسەك دەرىجىدە بولۇشىنى شەرت قىلغاندىن سىرت، مەزكۇر خەلق ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، زور - زور تارىخىي ۋەقەلەرگە دۇچ كەلگەن، نەتىجىدە خېلى مول ھايات تەجرىبىسى توپلىغان بولۇشى لازىمدۇر. شۇنداق بولغاندىلا، داستاننىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى زۆرۈرىي شەرتلەرنى تەمىن ئەتكىلى — يەنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئايرىم ۋەقە، كىچىك ئېپىزوتلارنى دەۋر تەلىۋى بويىچە بىر يىپقا تىزىپ، بىرەر دائىرىگە ياكى قەھرىمان ئەتراپىغا توپلاپ، داستان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋەقەلەر زەنجىرىنى ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ - دە، ئاندىن خەلق داستانلىرى مەيدانغا كېلىدۇ، ھازىرغىچە خەلق ئەدەبىياتىدا ۋە ئېتنوگرافىيىسىدە ئىزلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، خەنزۇچە يازما ماتېرىياللار ۋە تارىخىي كىتاپلاردا قالدۇقلىرى، پارچىلىرى ياكى سيۇژېت تەپسىلاتى خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلغان راۋايەت تۈسىدىكى قەھرىمانلىق داستانلىرى — «ئەركىنە قۇن»، بورى توتېمى، بوغۇخان راۋايىتى، ئوغۇز ھەققىدىكى قىسسە، قاتارلىقلارنى مۇشۇ دەۋردە داستان شەكلىنى ئېلىپ مۇكەممەللەشكەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىزگىچە بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن «ئوغۇزنامە» داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ «ئوغۇز نامە» نىڭ يازما نۇسخىسى 13 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇ داستان شەكلىنى ئالغىچە ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئاخىرى 6 - 8 - ئەسىرلەردىلا مۇكەممەل داستان تۈسىگە كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، داستاندىكى قەدىمقى مىفلارغا باغلانغان قىسىملار، كۆك بۆرى توتېمىغا ئائىت ئېپىزوتلار، شامان دىنى ئادەتلىرى، قەبىلە ناملىرىنىڭ خەلق راۋايەتلىرىگە خاس ئېتىمولوگىيىسى ۋە باشقىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى تۇرمۇش ئۇرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، داستان مەيدانغا كېلىشتىكى بەك ئۇزۇن بىر جەرياننى كۆرسەتسە، داستاننىڭ قەھرىمانلىق قىسمىدىكى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى — بىرلەشكەن فېئوداللىق ئىمپېرىيە قۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىشنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ دەل 5 - ئەسىردىن كېيىن، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ بىرلىشىش تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئوغۇز نامە» داستانى،

www.uyghurkitap.com



بىر تەرەپتىن، ئۇزىدىن ئۇزۇن بىر دەۋردە ھوكۇم سۈرگەن خەلق مىفلىرى، راۋايەت ـ چوچەكلىرىنىڭ داستانىي شەكىلدە ئىخچام ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان كورۇنۇشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى دەۋر تەلۇۋىنىڭ يەنى بىرلەشكەن چوڭ فېئودال ئىمپېرىيىسى قۇرۇش تەلۇۋىنىڭ مەھسۇلىدۇر. «ئوغۇزنامە» داستانىنى بەدىئى جەھەتتىن ئۇزۇن يىللىق تەجرىبە ۋە ئىرادىتىسىنىڭ خۇلاسىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز. بۇ داستان مەزمۇنىنىڭ باي، ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئېنىقلىغى، سيۇژىتىنىڭ ئىخچام ۋە جانلىقلىغى، تىلىنىڭ رەڭدار ئوبرازلىقلىغى، بەدىئى ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىللىغى بىلەن ئەينى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېلى يۇكسەك سەۋىيىدە بولغانلىغى، مۇكەممەل داستانلار دەۋرىگە كىرگەنلىگى ھەمدە بىر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا ھامىلدارلىغىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

مۇشۇنداق بىر ئەدەبىي سەۋىيە، ئىرادىتىسىدىن تۇغۇلغان ئەڭ قەدىمقى يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىمىز ئورخۇن ـ يەنىسەي مەڭگۇ تاشلار ئەدەبىياتى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ دەسلەپكى دەۋرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر پال كىتاۋى ـــ «ئىرىق بىتىك» تىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تاش پۇتۇك يەنى مەڭگۇ تاشلاردىن ئىبارەت. مەڭگۇ تاشلار ئىككى خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ـــ قىسقا تارىخىي خاتىرىلەر، ئىككىنچى قىسمى ـــ خېلى مۇكەممەل ئەدەبىي تۈس ۋە داستانىي خاراكتىر ئالغان قەۋرە ياكى خاتىرە تاشلىرىدۇر. ئۇنىڭ كېيىنكى قىسمى ئەڭ دەسلەپكى يازما ئەدەبىياتىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇلار «كولتېكىن مەڭگۇ تېشى» (732 ـ يىلى تىكلەنگەن)، «بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» (735 ـ يىلى)، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» (تەخمىنەن 712 ـ 716 ـ يىللار)، «ئۇيغۇر قۇتلۇق كول بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» (تەخمىنەن 759 ـ يىلى) ۋە يېقىندىن تېپىلغان «تېرخىن» يەنى «ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» (تەخمىنەن 753 ـ يىلى) بولۇپ، بۇ مەڭگۇ تاشلار سان جەھەتتىن كوپ بولمىسىمۇ، بىزگە پۇتۇن بىر دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ. بۇ مەڭگۇ تاشلار ھەر قايسى ئايرىم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانلىغى، ئەكس ئەتتۇرگەن كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر ۋە سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىغى بىلەن بىر ـ بىرسىدىن پەرقلەنسىمۇ، ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئى ئۇسلۇپ، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرىي ۋاستىلار جەھەتتىن ئومۇملىقىقا ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دىگىدەك بىرلەشكەن، مۇستەھكەم فېئودال دولىتى قۇرۇش ئارقىلىق ئىچكى نىزا ۋە ئۇز ـ ئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، «خەلقنى باي، پاراۋان قىلىش» يولىدىكى ئىستەك ۋە خاھىشلا ئىدىيىۋى مەزمۇن قىلىنىپ، ئەنە شۇنداق ئىستەك يولىدا كورسىتىلگەن

قەھرىمانلىقتا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىت ئاستىدا، كۆپلىگەن قەبىلىلەرنى بىر خانلىق ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ دولەت قۇرۇش — ئەلۋەتتە كەسكىن كۈرەش، جاپالىق جەڭلەر ۋاستىسى بىلەن ۋۇجۇتقا كېلەتتى، بۇ مەسىلە تەبىئى ھالدا ئەدەبىياتنىڭ ئالدىغا قەھرىمانلىق تېمىسىنى ۋەزىپە قىلىپ قويغان ئىدى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «مەڭگۈ تاشلار» نى دەۋرنىڭ ئەشۇ تەلۋى ئاستىدا خەلق قەھرىمانلىق ئېپوس - داستانلىرىنىڭ ئىزىدىن مەيدانغا كەلگەن شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ تاشقا ئويۇشقا ماسلاشقان ئىخچام بىر شەكلى دېيىشكە بولىدۇ*. «مەڭگۈ تاش» تېكىستلىرىنىڭ تىلى ئوبرازلىق، پىكرى ئىخچام، لىرىك ھىسسىيات چوڭقۇر بولۇپ، بۇ بىر پىشقان ئەدەبىي ئۇسلۇپقا ۋە خېلى مۇكەممەل بەدىئى تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «مەڭگۈ تاش» تېكىستلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا كەلسەك، ئۇ نەسرى بىلەن نەزىم بىرلەشتۈرۈلگەن داستانىي شەكىل، بۇنىڭدىكى نەزىم - سىنتاكتىك پاراللىزىم — يەنى سىنونىم، ئانتونىم، ياردەمچى سۆز ۋە ياردەمچى پېئىللارنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان بىر خىل شېئرىي رىتىمنى ئاساس قىلغان، بۇ تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ شېئرىي شەكلىدىن ئېلىنغان.

«مەڭگۈ تاش» تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورلىرى يۇلىغ تېكىن، تونيۇقۇق، قۇتلۇغ تارخان سەنگۈنلەر شۇ دەۋرنىڭ خېلى پىشقان ئەدىپلىرى ۋە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى بىرىنچى ئەۋلات يازغۇچى - شائىرلاردۇر.

ئومۇمەن «مەڭگۈ تاش» لارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئوينىغان رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ئۆزگىچە بولغان خەلق قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە تەتبىق قىلىپ، يازما ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى قۇرغان ھەمدە يازما ئەدەبىياتىمىزدا قەدىمقى ئەنئەنىلەر ئاساسىدا، نەزىم بىلەن نەسىر بىرلەشتۈرۈلگەن بىر داستانىي شەكىل يارىتقان، دەپ قىسقىچە خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تاش يازمىلارنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن لىرو - ئېپىك ۋە رومانتىك داستانلارنىڭ قەدىم زاماندىكى تورەلمىسى، دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

---

* بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئوتۇشكە بولىدۇكى، مۇندىداق داستانلارنىڭ كىتاۋىي شەكلىمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۇپەيلىدىن ئۇلار بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

www.uyghurkitap.com



مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتىدىن تاشقىرى، ئۇلار بىزنى مول تارىخىي مەلۇمات ۋە تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ؛ «مەڭگۈ تاشلار» مەيلى ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى تىلى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردە بىللە ھايات كەچۈرگەن تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق پايدىلىنىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

## III

9 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن ئالاھىدە ۋەقەلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى بىر دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ 7 – ئەسىردىن 13 – ئەسىرگىچە بولغان بۇ دەۋرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنىدىن تاشقىرى، بىرمۇنچە مۇرەككەپلىككىمۇ ئىگە. چۈنكى يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىۋىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر بىر مەزگىل ئۆز ئارا مۇستەقىل ھالەتتە تۇرغان ئىككى خانلىقتا بولۇنۇپ كەتكەن ھەمدە بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تارىخىي – ئىجتىمائىي شارائىتلىرى ئوخشىمىغان ھالەتتە تۇرغان ئىدى. بۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئىككى خىل ھالەت بارلىققا كەلدى، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئالاھىدە ئىككى قىسمىدىن — بۇددا ۋە مانى دىنى، خەنزۇ ئەدەبىياتى تەسىرىدىكى تۇرپان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەمدە ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب – پارس ئەدەبىياتى تەسىرىدىكى قەشقەرنى ئاساس قىلغان قارا خانىلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تەشكىل تاپتى.

قوچو تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى خېلى گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى، تۇرپان مەشھۇر «يىپەك يولى» بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى بىر تۈگۈن بولۇپ كەلگەن، بۇ يەردە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باي مەدەنىيىتى بىلەن رىم، ئىران، ھىندىستانغا ئوخشاش قەدىمىي ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز – ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، پارلاق بىر مەدەنىيەت ئوچىقى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ، ئەسلىدە خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈزتىكلىك رول ئوينىغان. شۇنداقلا، بۇ خاندانلىق دائىرىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا، مانى، خىرىستىيان قاتارلىق بىر مۇنچە دىنلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا،

بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى رەڭمۇ - رەڭ تۈس ئېلىپ، كەڭ بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلغان ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى يازما ئەدەبىي تىلنىڭ مۇكەممەللىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، تۇرپان دائىرىسىدە يازما ھالەتتە نۇرغۇن شېئىرلار، داستان، دىراممىلار مەيدانغا كېلىشتىن باشقا، «ئوغۇز نامە» دەك قەدىمقى داستانلارنىڭمۇ يازما نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇ، سانسكرىت (قەدىمقى ھىندى تىلى)، توخار (قەدىمقى كۇچار)، تىبەت تىللىرىدىكى كۆپلىگەن بۇددا نوملىرى، راۋايەتلىرى ۋە مانى، خرىستىيان دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن (يەنى ھازىرغىچە تېپىلىپ نەشر قىلىنغانلىرى): «ئوغۇز نامە» نىڭ يازما نۇسخىسى؛ «تۇرپان شېئىر - قوشاقلىرى»، «مانى ۋە بۇددا شېئىرلار توپلاملىرى»، بۇددا راۋايىتى ئاساسىدىكى «چاشتانى ئەلىگ بەگ» قىسسىسى، تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن بۇددا مۇقەددەس كىتاۋى (سۇترا)، تەفسىر (شاستىرا) ۋە باشقا راۋايەتلەردىن «ئالتۇن ياروق»، «شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە راۋايەت» (ياكى ئىككى تىكىن ھىكايىسى)، «مۇقەددەس توشقان ھىكايىسى»، «چوڭ مايمۇن ۋە پارماۋاتى قىز قىسسىسى»، «دانتى پالا»، «توشقان ھەققىدە تېپىشماق» ۋە كۆپ كورۇنۇشلۇك دىراما «مائىترى سىمىت» نى كورسىتىش مۇمكىن.

ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت خانلىقى مۇھىتىدا كۆپلىگەن يازغۇچى - شائىرلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمى قولىيازما ھالەتتە، بەزىلىرى ياغاچ - تاختا باسما شەكلىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ھازىر بىزگە ئىسمى ۋە ئەسەرلىرى مەلۇم بولغان شائىرلارنىڭ مۇھىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كورسىتىپ ئۆتىمىز.

ئاپرىنچۇرتىگىن — مانى مۇھىتىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى بولۇپ شائىرنىڭ بىزگىچە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «مەرسىيە». «نەزم» ناملىق ئىككى ئەسىرى يېتىپ كەلگەن (جەمى 32 مىسرا) مىسال:

يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازىن
ياۋاش بىرلە
ياقشىبان ئادرىلمام.

www.uyghurkitap.com



تەرجىمىسى : ( يورۇقلۇق تەگرىلەر يارلىقاسۇن
ياۋاش ( يار ) بىلە
يېقىن بولۇپ ، ئايرىلمايلى )

كۆچلۈگ پىرىشتەلەر كۆچ بېرزۈن
كوزى قارام بىرلە
كۆلۈشۈگىن ئولۇرالىم .

تەرجىمىسى : ( كۆچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ بەرسۇن
قارا كۆزۈم بىلەن
كۈلۈشۈپ ئولتۇرايلى ) .

چىسۇيا توتۇق — شائىر بۇددا مۇھىتىدا ئىجات قىلغان بولۇپ ، بىرلىندىكى تۇرپان ھوجىجەتلىرى ئىچىدە شائىرنىڭ « ياكشاماقلىق بۇدۇغى » ( تەكەببۇرلۇق بويىغى ) نامىدىكى 16 تورتلۇكتىن ئىبارەت 60 مىسرا شېئىرى يېتىپ كەلگەن .

پىراتىياياشىرى — بىزگىچە ئىجادىي مىراسى ئەڭ كوپ يېتىپ كەلگەن شائىرلارنىڭ بىرسىدۇر . شائىرنىڭ بىزگە ھەرخىل مەزمۇندىكى و شېئىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىككى تۈركۈم شېئىرىي پارچىلىرى بىلەن « ھىكمەت پەزىلىتى » ناملىق ئۇزۇن شېئىرى مەلۇم . بۇلار جەمى 293 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ئاساسەن قەدىمىي ئۇيغۇر شېئىر شەكلى يەنى مىسرا بېشىنى قاپىيىلەش ئۇسۇلىدا يېزىلغان .

كى كى — بۇ شائىرنىڭ بىزگىچە بۇددىزىم شارائىتىدا يېزىلغان ئىستىغپار مەزمۇنىدىكى 7 شېئىرى ( جەمى 240 مىسرا ) ۋە ئابىتا تەڭرىگە بېغىشلانغان ئىككى شېئىرى ( 20 مىسرا ) يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، بۇ شېئىرلار شائىرنىڭ شېئىرىي ماھارىتىنىلا ئەمەس ، بەلكى چوڭقۇر پىكىرلىك ئەدىپ ئىكەنلىكىنىمۇ كورسىتىپ بېرىدۇ .

قالىم كەيشى — شائىرنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت « قۇت قولماق » ( بەخت تىلىمەك ) دىگەن 29 كۆبلىت ( جەمى 116 مىسرا ) شېئىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، شېئىر باش قاپىيە ۋە ئاياق قاپىيە ئۇسۇلىدا يېزىلغان .

سىنقۇسېلى توتۇڭ — يىرىك تەرجىمان ۋە شائىرلارنىڭ بىرسى بولۇپ ، مەشھۇر « ئالتۇن يارۇق » ئەسىرىنى ۋە « شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى » نى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان .

ئۇنىڭدىن باشقا، ئابىرىم ئورۇنلاردا ئىسمى زىكرى قىلىنغان كۆل تارقان، ئاسىغ تونۇق، قارۇناداز ۋە باشقىلارنى كورسىتىش مۇمكىن.

ئومۇمەن، تۇرپاندىن تېپىلغان ھوججەتلەر ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەسرىي پارچىلار ياكى شېئىرلار بولسۇن، بۇلارنى بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان ئومۇمى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ھېساپلايمىز. شۇنداق بولسىمۇ، خۇددى تامچىدا قۇياش ئەتكىنىدەك، بۇ بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەردىن، بولۇپمۇ زور بىر تۈركۈم شېئىرلاردىن بۇ دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كوروۋپ ئالالايمىز. بۇ شېئىرلار مەزمۇنى خېلى كەڭ، ھېسسىياتى چوڭقۇر، بەدىئى شەكلى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، بۇ، قەدىمقى ئەنئەنىلەرنىڭ يېڭى تارىخىي ۋەزىيەتتە يەنىمۇ بىر باسقۇچ راۋاجلانغانلىقىدىن، ئومۇمى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەلگەن بىر ۋەزىيىتىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ.

شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، ئىدىقۇت خانلىقى دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ كوپچىلىگى مانى ۋە بۇددا دىنلىرى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان بىر ۋەزىيەتتە يېزىلغاچقا، ئۇلار تەبىئى ھالدا ئەينى دىنلارنىڭ بەزى بىر ئەقىدىلىرىگە باغلانماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەلۇمكى، ئەدەبىيات — رېيال ھاياتنىڭ روھىي دۇنياسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەھسۇلى، شۇڭا، بىرەر خەلقنىڭ بىر دەۋردىكى ئەدەبىياتى ئەينى جەمىيەتنىڭ رېيال تۇرمۇشى، روھىي دۇنياسى ۋە دىنىي قاراشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ھالەت تۇرپان – ئىدىقۇت خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئوز ئىپادىسىنى تېپىشى تەبىئى ھال ئىدى. لېكىن بىر پۈتۈن مىللەت ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، دىن بىلەن باغلىق ئەقىدىلەر پەقەت بىر رامكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ رېيال ئەھمىيىتى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئەينى زامان رېياللىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئىدىيىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى ھەمدە جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ بەدىئى تەلىۋىنى قاندۇرغانلىقى بىلەن مۇھىم تارىخىي ۋە رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلار جەمىيىتىنىڭ ئەينىكى رولىنىمۇ ئوتەيدۇ.

تۇرپان – ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمىنى بۇددا راۋايەتلىرىگە ئاساسەن ئوزلەشتۈرۈلگەن، قايتا ئىشلەنگەن ياكى تەرجىمە قىلىنغان نەسرىي ئەسەرلەر — ھېكايە، قىسسە، دىرامىلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مەشھۇر بولغانلىرى «چاشتانى ئەلىگ بەگ»، «ئالتۇن ياروۇق». «مائىترى سىمىت» لاردۇر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «چاشتانى ئەلىگ بەگ» راۋايىتى 1914 – يىلى تۇرپاندىن

www.uyghurkitap.com



تېپىلغان ۋە 1931 - يىلى بىرىنچى قېتىم گېرمانىيىدە ئېلان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بەزى قىسىملىرى بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئومۇمى مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمىگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بۇددا راۋايىتىگە ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدا چايان بالىق شەھىرىدىكى خەلقلەر بېشىغا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ بالايى - ئاپەت كەلتۈرۈپ، ئاغرىق - سىلاق تارقاتقانلىقى، خەلقنى خالىغانچە قىرغانلىقى بايان قىلىنىپ، بودساتىۋا نەسلىدىن بولغان چاشتانى ئەلىگ بەگنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، جىن - ئالۋاستىلارنى يەڭگەنلىكى ۋە خەلقنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ مەركىزىدە چاشتانى ئەلىگ بەگنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى تۇرىدۇ. چاشتانى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ۋەھشى، ھىلىگەر كاتتىۋاشلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، بارلىق جىنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ۋەھشى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش روھى ۋە تىنچ - ئاسايىش ياشاش ئىستىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بالايى - ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى قەھرىمانغا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ، ئەسەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، سەلبىي كۈچلەرنىڭ قورقۇنۇچلۇق ياۋۇز قىياپىتىنى يۇقۇرى دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىجابىي قەھرىمان رولىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرىدۇ. بۇنداق بىر سېلىشتۇرما بۇ ئەسەردە قەھرىمان رولىنى ئۇنۇملۇك كۈچەيتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

«چاشتانى ئەلىگ بەگ» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئاپتورى كىم ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بۇ شەخسنىڭ ئۆز تىلىغا پىششىق، بەدىئى تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك، يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئەدىب ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان، ھازىرقى تەتقىقاتتا مىزدىمۇ ئەھمىيىتى چوڭقۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرسى «ئالتۇن يارۇق» كىتاۋى بولۇپ، بۇ، ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىب سىنقۇسېلى تۇتۇڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرسىدۇر. «ئالتۇن يارۇق» تا بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە شۇنىڭغا باغلىق ۋەقەلەر سۆزلەنسىمۇ، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئومۇمى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن تەسىرى خېلى زور بولغان. بۇ ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي مەرسىيەلەر 7 بوغۇملۇق قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكلىدە زور بىر ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ شۇ دەۋردىكى تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ يۇقۇرى بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، «ئالتۇن يارۇق» كىتاۋىنىڭ بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەسىرى خېلى چوڭ بولۇپ، ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان، بۇ ئەسەرنىڭ

10 - ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت بىر نەچچە نۇسخىسى تېپىلغانلىقىدىن تاشقىرى، كاڭشىنىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1687 - يىلى)، گەنسۇدا بېسىلغان ياغاچ ئويما باسما نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىماقتا.

توخرى (توخار) تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان كۆپ كۆرۈنۈشلۈك دراما «مائىترى سىمىت» ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق بىر سەھىپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ تۇرپان - ئىدىقۇت ئەدەبىياتى شېئىرىيەت ۋە نەسرىي ژانىرلار جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى دراماتورگىيە ساھەسىدىمۇ خېلى يۈكسەلگەن بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى، بۇ درامىنىڭ 10 - ئەسىرلەرگە ئائىت بىر قانچە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بولسا، دراما ۋە سەھنە سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 981 — 983 - يىللىرى تۇرپانغا كەلگەن خەنزۇ سەيياھى ۋاڭ يەندېنىڭ تۇرپانغا كەلگەندە دراما كۆرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىمۇ بۇ مەسىلە توغرىسىدا گۇۋالىق بېرەلەيدۇ.

ئومۇمەن 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە، تۇرپان - ئىدىقۇت خانىدانلىقى دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەمۇنىلىرى خەلقارا تۈركشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەخسۇس بىر ساھەسىنى تەشكىل قىلغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭمۇ پارلاق بىر بابىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن مەيلى يادىكارلىقلارنى قېزىپ رەتلەپ ئېلان قىلىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بولسۇن، بۇ تېخى ئاجىز بىر ساھە بولۇپ تۇرماقتا. بۇ، ھازىر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئالدىدىكى مۇھىم، شۇنداقلا جاپالىق ۋەزىپە بولۇپ، بىزنىڭ يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى كۈتمەكتە.

× × ×

قارا خانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ يەنە بىر پارلاق بابىدۇر. بۇ ئەدەبىيات «خاقانىيە» ئەدەبىي تىلى بىلەن باغلىق بولغاچقا، «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قارا خانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بىر دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇرپان - ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەم ئورتاقلىقى، ھەم پەرقى بار. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى، ھەممىدىن ئاۋال، ھەر ئىككىسى بىر پۈتۈن مىللىي (ئېتنىك) تەركىپتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر خەلقنىڭ ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر مەنبەدىن ئۇسۇپ چىقانلىقى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئورتاق مىللى ئەنئەنىگە، شۇنداقلا، بىر خىل تىل ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىككى خىل دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق تەسىرلەر ئەدەبىياتقا ئوخشىمىغان تۈس بەرگەن ئىدى. ئەمما مەلۇم جەھەتلەردە ۋاقىتلىق پەرقلىنىپ تۇرغان بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات، ئاخىرقى ھىساپتا يەنە قايتا بىرلىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم مەزگىل بۇنداق بولۇنۇپ تۇرغانلىقى، كورۇنۇشتە بىر خىل سەلبى ھادىسىدەك بىلىنسىمۇ، ئەمىلىيەتتە، بۇ خىل ھالەت بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كوپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن خىلمۇ - خىل تۈس ئېلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل، ژانىر، ئۇسلۇپ ھەمدە باشقا جەھەتلەردىن كوپ دەرىجىدە بېيىشىغا سەۋەپ بولدى.

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ھوكۇم سۈرگەن قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ، يەتتە سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كوپ بىر قىسمىنى ئوز ئىچىگە ئالغان كەڭ بىر تېررىتورىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، شەھەرلەردىكى يەرلىك سانائەت ۋە قول ھونەرۋەنچىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، شەھەرلەر ئارا بولغان ئىقتىسادىي - سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان فېوداللىق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرمۇ راۋاجلاندى ۋە بۇنداق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرگە ماس ھالدا، قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەندگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان شەھەر مەدەنىيىتى يۈكسىلىشكە باشلىدى. بۇنداق بىر ئىجتىمائى يۈكسىلىش ئەينى تېررىتورىيىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرىشىگە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئىككىنچى جەھەتتىن، قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى دولەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى پۈتۈن ئىجتىمائى ھايات، جۈملىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىمۇ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام پەلسەپىسى تەسىرى ئاستىغا ئالدى، نەتىجىدە، بۇ خاندانلىق دائىرىسىدە قەدىمقى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى، ئىسلام دىنى ۋە پەلسەپىسىنىڭ رامكىسى ھەمدە ئەرەپ - پارىس ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم ئىجابى تەسىرى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى.

بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىدا چوڭ رول ئوينىغان پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر فارابى ( 870 - 950 - يىللار ) نى،

تارىخچىلاردىن ئابدۇجاپپار بىن ھۈسەيىن ئالمايى، جامال قارشى، ئەدىپلەردىن مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يەسەۋى ۋە ئەخمەت يۈگنەكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئەبۇناسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىلىم جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇرغان ئۇلۇغ ئالىم سۈپىتىدە ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان، تۈركى خەلقلەر بىلەن ئەرەپ دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوتىگەن. بۇ مەشھۇر ئالىم ھەر ئىككى خەلق مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن، فارافى ئىجتىمائى پەننىڭ ھەر قايسى ساھەسىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا بىر فارابى مەكتىۋى — يېڭى بىر پەلسەپە ئېقىمى ياراتقان ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئەشۇ دەۋر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

قارا خانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يىرىك ئەدەبىي يادىكارلىقلار — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركى تىللار دىۋانى») ئەسىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى، ئەخمەت يۈگنەكىنىڭ «ئەتە بەتۇل ھاقايىق» ۋە ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ھىكمەتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۈچ يۈز يىلدىن كۆپرەك بىر جەرياننىڭ ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ھالەتلەر، مەيدانغا كەلگەن ئۇتۇقلارغا مەركەزلىك ھالدا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

مەھمۇت بىن ھۈسەيىن بىن مۇھەممەت قەشقەرى ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇلۇغ ئالىم، بۈيۈك تىلشۇناس، تارىخچى ۋە ئېتنوگىرافىيە مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدىلا مەشھۇر بولۇپ قالماي، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ يۈكسەك سەۋىيىلىك پىشقان بىر ئەدىبى سۈپىتىدىمۇ مەخسۇس ئورۇن تۇتىدۇ.

يېقىندا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۈيۈك قامۇسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 - تومىنىڭ نەشرىدىن چىقىپ، كەڭ ئۇيغۇر كىتاپخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىگى ۋە بۇ توغرىدىكى تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىغى بىزنى ئاپتوز ۋە ئەسەر توغرىسىدىكى كۆپلىگەن تەپسىلاتلار ئۈستىدە توختىلىپ ئوتۇش زورۇرىيىتىدىن ئازات قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم پاكىتلار، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ئۈستىدە قىسقىچە بايانات بېرىپ ئوتۇشكە توغرى كېلىدۇ.

ھازىرغىچە ئېنىقلانغان تارىخي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى قارا خانىلارنىڭ ئەڭ شۆھرەتلىك خانلىرىدىن بولغان يۈسۈپ قادىرخان (ۋاپاتى مىلادى 1032 -

www.uyghurkitap.com



يىلى ) نىڭ چەۋرىسى بولۇپ ، ئۇ قەشقەر ئوپالنىڭ ئازىق يېزىسىدا تۇغۇلغان ، ئۇنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ قەشقەردە چوڭ خاقان ، ئاتىسى ھۈسەيىن بارساغاندا ئەمىر بولغان ، كېيىن ( 1058 - يىلى ) ھۈسەيىن ئوز دادىسىنىڭ ئورنىغا چىققان . دەل شۇ چاغدا مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى ئىبراھىم تەخت تالىشىپ ، ئاتىسى بىلەن بىرلىشىپ ئوردىدا زەھەرلەپ ئولتۈرۈش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىدۇ ، مەھمۇت قەشقەرى بەختكە يارىشا بۇ پاجەدىن ئامان قۇتۇلۇپ قالىدۇ ، گەرچە بۇ ئوردا تارىخىغا ئائىت ۋەقە بولسىمۇ ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۈركى قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان كۆپلىگەن يەرلەرنى كەزگەنلىگى ، زور ماتېرىيال بايلىغى توپلىغانلىغى ۋە ئاخىرىدا باغداتقا بېرىپ ، 1072 — 1074 - يىللاردا ئەسەر يازغانلىغىنى ئىزاھلاشتا ، ئاپتورنىڭ قەلبىگە يۈككەن ئىلمىي مەقسەتلىرى بىلەن بىر قاتاردىكى خېلى مۇھىم پاكىتلارنىڭ بىرسىدۇر .

مەھمۇت قەشقەرى « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ئەسىرىدە ناھايىتى مول تىل ماتېرىياللىرىنى توپلىغان ۋە ئۇلارنى ئىزاھلىغاندىن تاشقىرى ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخى ، ئېتنوگرافىيىسى ، جۇغراپىيىۋى ئورۇنلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ، ئورپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىنتايىن كەڭ ۋە قىممەتلىك مەلۇماتلار بىلەن بۇ ئەسەرنى بېيىتقان ، شۇڭا بۇ ئەسەر 11 - ئەسىردىكى تۈركى خەلقلەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى بولۇش بىلەن بىللە ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئەينى زامان فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن بېزەپ « يېڭىلىقلارنى بېرىشتە قىيامىغا ، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتكۈزگەن » لىگى ئۈچۈن ، بۇ ئەسەر قارا خانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىر قەدەر تولۇق ۋە ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان بىردىن - بىر ئانتالوگىيە بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ .

« دىۋان » دا نەقىل قىلىنغان ئەدەبىي پارچىلار ئاساسەن ئىككى قىسىمدىن ، يەنى ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت . كىتاپتا بۇنداق نەمۇنىلەر تارقاق ھالدا بېرىلگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنى مەزمۇن ، شەكىل ۋە قاپىيە سىستېمىسى بويىچە رەتلىگەندە ، مەرسىيە قىسمى ئېلىنغان ئىككى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانىنىڭ پارچىلىرىدىن باشقا ، ئەمگەك ۋە ئوۋ قوشاقلىرى ، جەڭ قوشاقلىرى ، تەبىئەت ھادىسىلىرى — باھار ، ياز ھەققىدىكى قوشاقلار ، ئورپ - ئادەت ، بايرام - مۇراسىم قوشاقلىرى ، مۇھەببەت قوشاقلىرى ، ئەدەپ - ئەخلاق ، مىللىي ئەنئەنە توغرىسىدىكى دىداكتىك شېئىرىي پارچىلارغا ئوخشاش قىسىملارغا ئاجرىتىش مۇمكىن . دىۋاندا نەقىل قىلىنغان ئەدەبىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنى كەڭ ، شەكلى خىلمۇ - خىل بولۇپ ، ئۇلار ساپ ، پىشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر

ئەدەبىياتىنىڭ رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ۋە بەدىئى سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

دىۋانىدىكى ئەمگەك ۋە ئوۋ قوشاقلىرىدا ئەينى زامان تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى يەنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى يېڭىپ ماددى بايلىق يارىتىش يولىدا ئىنتىپاقلىشىپ ، ئومۇمىيۈزلۈك كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە ئۇ جەرياندىكى غەلىبە شاتلىقى ، خوشال كەيپىيات ، سەممى ھىسسىياتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ئىپادىلەپ بېرىلگەن ، ئالايلى :

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ ،
يىغاچ ، يەمىش ئىرغاتۇ ،
قۇلان ، كىيىك ئاۋلاتۇ ،
بادرام قىلىپ ئاۋنالىم .

[ مەنىسى : يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ ، ياغاچ ، يىمىش ئىرغىتىپ ، قۇلان ـ كىيىك ئوۋلىتىپ ، بايرام قىلىپ ئوينايلى ]

توسۇن مۇنۇپ سەكرىتسۇن ،
ئەسىزلىكىن ئامۇرتسۇن ،
ئىتقا كىيىك قايىنارتسۇن ،
تۇتمۇش سانى ئۇمنالىم ،

[ مەنىسى : توسۇن ( ئات ) مىنىپ سەكرەتسۇن ، ( ئۇنىڭ ) ئاساۋلىقىنى كوندۇرسۇن ، ئىتىغا كىيىك قوغلاتسۇن ، تۇتتىدۇ دەپ ئۈمىت قىلىمىز ] .

چاغرى بەرىب قۇشلاتۇ ،
تايغان ئىدىب تىشلەتۇ ،
تۇلكى ، تونگۇز تاشلاتۇ ،
ئەردەم بىلە ئوگلەلىم ،

[ مەنىسى : لاچىن بىرىپ قۇشلىتىپ ، تايغان سېلىپ چىشلىتىپ ، تۈلكە ، توڭغۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ، پەزىلەت بىلەن ماختىنايلى ] دېگەن پارچىلار ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قوشاقلار ئۈچۈن تىپىك مىسال بولالايدۇ .

دىۋاندىكى نەقىللەر ئىچىدىكى تەبىئەت مەۋسۇملىرىگە بېغىشلانغان شېئىر - قوشاقلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئەمگەك قوشاقلىرىغا يېقىن تۇرىدۇ . ئۇلار قارىماققا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قارىتىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ تەكتىدە ئەشۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئەمگەك ئارقىلىق باغلانغان كىشىلەرنىڭ ھىس - تۇيغۇ ، مۇھەببەت ، نەپرىتى ياتىدۇ ، بۇ شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەن : باھارنىڭ كېلىشى بىلەن قار - مۇزلار ئېرىپ ، يايلاقلارنىڭ خۇددى يىپەك گىلەم يېيىلغاندەك « جەننەت تۈسىگە كىرىپ » جانلىنىپ كەتكەن مەنزىرىسى ، ئەينى ۋاقىتتا ، چارۋىچىلارنىڭ شاتلىقى ، يايلاققا باياشاتلىق ئېلىپ كەلگەن باھار - ياز پەسلىگە بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇ جەھەتتە ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى بايان قىلىنىدىغان شېئىرىي پارچە ئالاھىدە دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ : ياز بىلەن قىش بىر - بىرىگە « ھۈنەر - پەزىلەت ياسىنى بەتلىشىپ » ، « ئوق ئېتىشماق بولۇپ » مۇنازىرىگە كىرىشىدۇ . قىش يازدا قۇرۇت - قوڭغۇزلارنىڭ تىرىلىشى ، يامان ياۋلارنىڭ قۇترىشى ، ئاغرىق - سىلاقنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يازنى ئەيىپلىسە ، يازمۇ قىشقا ئۆز پەزىلىتىنى يەنى « يازدا ئاتلارنىڭ سەمرىشى ، بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايرىشى ، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىككە تولۇشى » بايان قىلىدۇ ۋە قىشتا « يىلقىلارنىڭ ئورۇقلىشى » ، « سوغدا كەمبەغەللەرنىڭ بارماقلىرى سىقىراپ ، ئوت يېنىدا ئىسسىنىدىغانلىقى » ۋە ئۇلارنىڭ يامان كۈندە قالىدىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ ، مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىدۇ . * دىۋاندا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساپ - سەمىمى ، سۆيگۈ - ھېسسىياتى ، ئۆز ئارا ساداقەت ۋە ۋاپادارلىققا ئوخشاش ئىنسانىي تۇيغۇ ، ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى مۇھەببەت قوشاقلىرى ، تۇرمۇش ، ئورپ - ئادەت ۋە مۇراسىملارنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى پارچىلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇلار ئەينى زامان ئەدەبىياتىدا رېئاللىقنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈشكە يۈزلىنىش ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى مۇھىم بەلگىدۇر، بۇ جەھەتتە دىۋاندا بېسىم ئورۇن ئىگىلىگەن جەڭ توغرىسىدىكى قوشاقلار بىلەن

* دىۋاندىكى شېئىر - قوشاقلار بۇندىن ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغانلىقى ، بولۇپمۇ مەركەزلىك ھالدا « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما » غا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ، ماقالىمىزدا مىسال كەلتۈرۈشنى ئارتۇقچە ھېساپلاپ ، تەھلىل بىلەنلا كۇپايىلەندۇق .

مەرسىيەلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ ، دىۋاندىكى جەڭ قوشاقلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەينى زاماندا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى ۋە رېيال ئىنكاسى بولۇپ ، خۇددى قەدىمقى تارىخىي داستانلاردىكىگە ئوخشاش ، ئۇلارنىڭ مەركىزىدە قەھرىمانلىق تېمىسى ياتىدۇ ، شۇڭا بۇ شېئىرلاردا قەھرىمانلىقنى گەۋدىلەندۈرگۈچى بەدىئىي ۋاستىلار ، ئالايلى ، « ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم » ، « قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز » ، « كەلكۈنلەيۈ ئاقتىمىز » دەك ئوخشىتىشلار ، « ئەرەن ئارىغ ئورپەشۇر » ، « كۆكى ئارا ئوت تۇتار » ، « ئوپكەم كېلىپ ئوغرا دىم » دېگەندەك سۈپەتلەش ۋە « قىلىچ قىنغا كىرچىن سىغدى »غا ئوخشاش مۇبالىغە ئۇسلۇبلىرى ئورۇن ئىگىلىگەن . بۇ ئارقىلىق باتۇرلۇق ، شىجائەت ، ئۈممەتۋارلىق ۋە غەلىبە شاتلىقى كۆتۈرەڭگۈ بىر روھ بىلەن كۈيلىنىدۇ . جەڭ تۇغرىسىدىكى بۇ شېئىر - قوشاقلارنى ، ئەينى زاماندا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن چوڭ - چوڭ ئەسەرلەر — جەڭنامە ياكى قەھرىمانلىق داستانلىرى — دىن ئېلىنغان پارچىلار دەپ پەرەز قىلىشقا بولسا ، پەندى - نەسىھەت تېمىسىنى دەۋر قىلغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىك بېيىتلارنى يازما ئەدەبىيات پارچىلىرى دېيىش مۇمكىن .

ئومۇمەن ، « دىۋان » ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق شېئىر - قوشاقلار ۋە زور بىر تۈركۈمدىكى ماقال ، تەمسىللەر ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى بىلەن خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە ئەدىپلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتسە ، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ رەڭمۇ - رەڭلىكى ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، ئېپىتارلارغا بايلىقى ، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۈكسەك ، ئوبرازلىرىنىڭ روشەنلىكى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى تەرەققىياتى ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ بەدىئىي كامالىتىنى نامايىش قىلىدۇ .

\+ \+ \+ \+

11 ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ، مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ، بۈيۈك ئالىم ۋە پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا « قۇتادغۇ بىلىگ » دىن ئىبارەت زور داستاننى ئېلىپ كىرىپ ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا يۈكسەك بىر مۇنار تىكلىدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1019 - ياكى 1020 - يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلغان ، كېيىن ئۆز كىتاۋىنى تاماملاش مەقسىدىدە قەشقەرگە كەلگەن ۋە داستاننى تاماملاپ، 1069 — 1070 - يىللىرى قەشقەر خاقانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن خاندىن " خاس ھاجىپ " لىق ئۇنۋانىنى ئېلىپ ،

www.uyghurkitap.com



ئوردىدا خىزمەت قىلغان . شائىرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرى بار - يوقلىغى بىزگە مەلۇم ئەمەس ، داستان پۈتكەن ۋە شائىر ئوردىسىدا خاس ھاجىپ بولغان يىللار شائىر ياشىنىپ قالغان ، شائىرنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، « چېچەكلىرى خازان بولغان ، قىيىندەك ( قاتتىق ) ، ئوقتەك تۈز قەددى يادەك ئېگىلگەن ، قۇزغۇندەك قارا چاچلىرى ئاققۇدەك ئاقارغان » بىر مەزگىل يەنى تەجرىبە جەھەتتىن يېتىلگەن ، بەدىئى جەھەتتىن پىشقان ۋاقتى ئىدى . شۇڭا ئۇز بەدىئى پائالىيىتىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ياراتقان « قۇتادغۇ بىلىگ » داستانى مەيلى ھەجىمىنىڭ چوڭلىغى ( 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ) جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى ، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىنىڭ سالمىغى ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتىن بولسۇن ، ياكى بەدىئى كامالىتى ، تىلىنىڭ گۈزەل ۋە ئوبرازلىقلىغى جەھەتتىن بولسۇن ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈكسەك پەللىسىنى نامايىش قىلدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلغار بىر ئىدىيىۋى مەۋقەدە تۇرغان بولۇپ ، ئەنە شۇ ئىدىيىسى زىمىنىدا ياراتقان غايىۋى ئوبرازلار ۋاستىسىدا ، يەنى ئادالەت ۋە قانۇننىڭ سىمۋولى پادىشا كۈنتۇغدى ، بەخت - دۆلەتنىڭ سىمۋولى ۋەزىر ئايتولدى ، ئەقىل - ئىدراككا تىمسال قىلىنغان ئوگدۇلمىش ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى ئودغۇرمىشلارنىڭ مۇنازىرە - سوھبەتلىرى ئارقىلىق جەمىيەت تۈزۈلمىسى ، دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ، پەلسەپىۋى ، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئىپادە قىلغان ،

« قۇتادغۇ بىلىگ » داستانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىلەرنىڭ مەركىزىدە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئادىل باشقۇرۇش مەسىلىسى تۇرىدۇ . ئەسەردىكى باشقا تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەركىزىي مەسىلە ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭغا بويى سۇندۇرۇلغان . يۈسۈپ خاس ھاجىپچە : دۆلەتتە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش ياكى زۇلۇم قىلىش — دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلىگۈچى تۈپ مەسىلىدۇر .

كۆيەر ئوت تۇرۇر كۈچ ياغۇسا كويەر ،
تورۇ سۇۋ تۇرۇر ، ئاقسا نېمەت ئۈنەر .

[ مەنىسى : كۈچ — زورلۇق كۆيەر ئوتتۇركى ، ( ئۇنىڭغا ) يېقىنلاشسا كىشى كۆيىدۇ ؛ قانۇن سۇ ، ئۇ ئاقسا نېمەت بۈنىدۇ . ]

ئېل ئارتار تورۇ بىرلە ، ئېتلۇر ئاژۇن ،
ئېل ئەكسۇر بۇ كۈچ بىرلە ، بۇزلۇر ئاژۇن .

[ مەنىسى : قانۇن بىلەن ئەل ئاۋاتلىشىپ دۇنيا تۈزۈلىدۇ . كۈچ - زورلۇق بىلەن ئەل خاراپلىشىپ جاھان بۇزۇلىدۇ . ]

كۆڭۈل تۈزسە بەگلەر ، يۇرتسا تورۇ ،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماز تورۇر كىچ ئۇرۇ .

[ مەنىسى : بەگلەر كۆڭلىنى تۈزەپ ، قانۇن يۈرگۈزسە ، بەگلىكى بۇزۇلماي ، ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرىدۇ . ]

شائىر ئۆز ئەسىرىدە : مۇستەھكەم دولەت قۇرۇش ۋە ئەل باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر - قوشۇن كېرەك ، بۇ ، كۆپ مال - دۇنياغا ئېھتىياج تۇغدۇرىدۇ ، بۇنداق مال دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن خەلقنىڭ بېيىشى لازىم ، خەلقنى بېيىتىشنىڭ يولى توغرا قانۇن يۈرگۈزۈشتە دېگەن پىكىر ئارقىلىق ، قانۇندىن ئىبارەت بۇ ۋاستىنى خەلقنى بېيىتىش ۋە دولەتنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

بۇ ئېل تۇيغۇقا كۆپ ئەر ئات ، سۇ كەرەك ،
ئەر ئات تۇيغۇقا نەڭ - تاۋار تۈ كەرەك .

[ مەنىسى : ئەلنى باشقۇرماق ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ، قوشۇن كېرەك ، ئەسكەر - قوشۇن تۇتۇشقا كۆپ مال - دۇنيا كېرەك بولىدۇ . ]

جۇنەڭ ئالغۇقا بىر كەرەك باي بۇدۇن ،
بۇدۇن بايىلىقىڭا تۇرۇ تۈز قودۇن .

[ مەنىسى : مال - دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى لازىم ، خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يۈرگۈزۈش كېرەك . ]

بۇ تۈپ ئىدىيىنى چىقىش نۇقتا قىلغان شائىر ئادالەت ۋە قانۇننىڭ تىمسالى بولغان بەگنى خۇددى بىر مېھرىۋان قۇيۇچىغا ئوخشىتىپ ، ئۇنىڭدىن قويغا يەنى خەلققە مېھرىۋانلىق كۆرسىتىشنى ، ئۇلارنى ئاچ بۆرىلەردىن ئاسراشنى تەلەپ قىلىدۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇدۇن قوي سانى ئول ، بەگى قويچىسى ،
باغىرساق كەرەك قويقا قوي كۈتچىسى .

[ مەنىسى : خەلق قوي ھىساپلانسا ، بەگ قويچىدۇر ، قوي كۈتكۈچى قويغا مېھرىۋان بولۇشى كېرەك ] .

قابۇغدا تېرىلدى قالىن ئاچ بورى ،
ئاي ، ئەلىگ ، قويۇغ كەد كۈردەزىپ يۇرى .

[ مەنىسى : ئىشىكتە كوپ ئاچ بورى يىغىلدى ، ئەي ، ئەلىگ ، قويۇڭنى بەك كۆزدىتىپ يۈرگىن . ] ( 1412 - 1413 - بېيىتلەرگە قارالسۇن )

ئۇيەنە: بەگلەر سۇ بولۇپ خەلقتىن ئىبارەت بوستاننى باراقسان قىلىپ كوكلىتىش لازىم ، دەپ قارايدۇ :

كىشى كوكلى باغ ئول ، ياشارغۇ سۇۋى ،
بۇ بەگلەر سوزى بىرلە ، ئەدگۇ ساۋى .

[ مەنىسى : كىشىنىڭ كوڭلى بىر باغكى ، ( ئۇنى ) ياشارتىدىغان سۇ — بەگلەرنىڭ ياخشى سوزلىرىدۇر . ] ( 2057 — 2059 - بېيىتلەرگە قارالسۇن )

قايۇ باغقا تەگسە سۇۋ ئەكسۇ مەدىن ،
چەچەك يازلۇر ئاندا تۇمەن تۇيىدىن .

[ مەنىسى : قايسى باققا سۇ ئۇكسىمەي تېگىپ تۇرسا ، ئۇ يەردە تۇمەن تۈرلۈك چېچەك ئېچىلىپ ، يوپۇراق چاچىدۇ . ]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيە ئاساسىدا ياراتقان ئوبراز كۈنتۇغدى ئەلىگ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئارقىلىق ئەينى زامان شاھلىرى ئۈچۈن غايىۋى ئۈلگە تىكلەيدۇ .

شائىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەركىزىي ئىدىيىسى ئەسەردە ئىنسانىي پەزىلەت ، ئەخلاق،

ئىلىم – مەرىپەت ، ياخشىلىق ، قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشلىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىتىلغان بولۇپ ، بۇ ، ئاپتورنىڭ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئىلغار پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغان ، يۈكسەك ئىدىيىۋى نۇقتىدا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ئىدىيىلىرى ئاساسىدا رىيال جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش تەلىۋىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىگ » داستانى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىدە يالقۇنجاپ يانغان بىر مەشئەل بولۇپ ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا يۇقۇرى ئىدىيىۋى پەللە ياراتتى ، دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى مەۋقەئى مۇستەھكەملىنىپ ، ئەرەپچە – پارىسچە كىتاپلار كوپلەپ بارلىققا كېلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىنى تىۋەنلىتىشكە قىستىغان بىر شارائىتتا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىلاسسىك ئۇيغۇر تىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ساپ – نەپىس ئۇيغۇر تىلى بىلەن « قۇتادغۇ بىلىگ » داستانىنى يېزىپ چىقتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گۈزەللىگى ، غايەت زور بەدىئى ئىپادىلەش قۇدرىتىنى نامايىش قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ، 11 – ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى يەنىمۇ بىر باسقۇچ يۇكسەكلىككە كوتىرىپ ، ئۇنىڭ مەۋقەئىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى .

ئۈچىنچىدىن ، « قۇتادغۇ بىلىگ » داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ پىشقان بىر ئەدىپ سۈپىتىدە ئارۇز ۋەزنى ۋە مەسنەۋى شەكلىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا تەتبىق قىلىپ ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شەكىل ۋە ۋەزىن جەھەتتىن يېڭىلىق ياراتتى . « قۇتادغۇ بىلىگ » داستانى مەيلى مەزمۇن ، مەيلى شەكىل ۋە تىل جەھەتتىن بولسۇن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا زور ئورۇن تۇتۇپلا قالماي ، خەلقارا تۈركولوگىيىدىمۇ مەخسۇس سەھىپە ئىگەللەيدۇ .

قارا خانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » دەك زور قامۇس ، « قۇتادغۇ بىلىگ » تەك داستان ئەتراپىدا — بۇ ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن — ئۇلار بىلەن زاماندىش بولغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىگىنى پەرەز قىلىش ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھادىسە بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ، بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن چوڭقۇر ئەپسۇس بىلدۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ .

قارا خانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى شائىرلارنىڭ بىرسى ئەدىپ ئەخمەت بىننى مەھمۇت يۈگنەكى ( تەخمىنەن 12 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتكەن ) بولۇپ ، ئۇنىڭ بىزگىچە « ئەتەبە تۇلھاقايىق » ( « ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى » ) ناملىق دىداكتىك داستانى يېتىپ كەلگەن . داستانىدا

www.uyghurkitap.com



قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەنئەنىسى داۋاملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئىلىمغا پىششىق بولۇشنىڭ پايدىسى، ئادىللىق، مەرتلىك، كەمتەرلىك، ئۆچ ئالماسلىقتا ئوخشاش ياخشى ئىنسانىي خىسلەتلەرنى مەدھىيىلىگەن. بىلىمسىزلىك، جاھىللىق، ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى سۆكىدىغان پىكىرلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئوبرازلىق مىسرالار ئارقىلىق بايان قىلغان. ئەخمەت يۈگنەكى تەشەببۇس قىلغان خىسلەتلەر ئەينى زامان ئۈچۈن خېلى ئىلغارلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى پىكىرلەر ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. لېكىن شائىر 13 - ئەسىر شارائىتىدا ياشاپ ئىجات قىلغاچقا، دەۋر چەكلىمىسى ۋە دىنىي قاراشلار تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئىجادىدا دىنىي ئەقىدە ۋە فېئوداللىق ئەخلاققا دائىر بىر مۇنچە پاسسىپ قاراشلارمۇ ئەكس ئەتكەن، ئۇلار بۇ ئەسەرنىڭ شاكال قىسمىغا تەئەللۇق بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

داستانىنىڭ تىلى، ئەينى زاماندا ئەسەرگە قىلىنغان قوشۇمچىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، «قەشقەر تىلى»، بۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنى «قۇتادغۇ بىلىگ» تىلىغا قارىغاندا، ئەرەپ، پارسچە سۆزلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپەيگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ئەسەر ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدىكى بىر ئەدەبىيات بولغاچقا، ئۇنىڭدا دىنىي ئەقىدىلەر، بولۇپمۇ سۇفىستىك قاراشلار بىلەن باغلىق بولغان ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇنداق ئەدەبىياتنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرسى ئەخمەت يەسەۋى بولۇپ، 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجات قىلغان. ئەخمەت يەسەۋى كىچىكىدىن سوپىلىق تەلىماتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەچكە، بۇ روھ ئۇنىڭ ئىجادىدا ئۈستۈن ئورۇن ئىگەللەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆز ئىجادى بىلەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئالاھىدە بىر ئەدەبىي مەكتەپ ياراتقان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى — يەسەۋى «ھېكمەتلىرى» ياكى «قول غوجا ئەخمەت دىۋانى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان، يەسەۋى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قەدەر كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەپ بولغان. يەسەۋى «ھېكمەتلىرى» كۆپىنچە، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىش، تەقدىرگە تەن بېرىشكە ئوخشاش دىنىي قاراشلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئەينى زامان ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى، رېئال ھاياتنىڭ بەزى تەرەپلىرىمۇ ئەكس ئەتكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئەينى دەۋر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەسەۋى ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوبيېكتىپ ھالدا توغرا باھا بېرىشنىڭ ئومۇمى ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مەلۇم ئەھمىيىتى بار.

(داۋامى بار)

# قازاق كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

بولاتتاي دوسجانىن

## 1

قازاق مىللىتى — كوپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىكى ئۇزاق تارىخقا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى.

ئېلىمىزدىكى قازاق خەلقى قەدىمقى زامانلاردىن باشلاپ، يەنى قەبىلە، تائىپىلىق دەۋرلىرىدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن قان - قېرىنداش، تەقدىر-داش بولۇپ پاشاپ كەلگەن. مىلادىنىڭ 1 - 3 - ئەسىرلىرىدە، قازاق مىللىتىنىڭ قەدىمقى ئەجداتلىرىدىن بولغان ئۇيسۇن، قاڭلى ۋە ئالانلارنىڭ تائىپە ئىتتىپاقلىرى ئېلىمىزدىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن سىياسى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقە ئورناتقان، ئۇلارنىڭ قەدىمقى ئەجداتى ھىساپلىنىدىغان „ئۇلۇغ يۈز ئۇيسۇنلىرى" مۇ خەنزۇ خەلقى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ئوچۇغراق ئېيتقاندا، ئۇيسۇن بەگلىگىنىڭ خانى (قەبىلە رەھبىرى) خەن ۋۇدىنىڭ ئۆز ئورىغىدىن بولغان لىيۇ جەننىڭ قىزى شى جۈن بىلەن نىكاھلانغان، شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى مەلىكە جىيە يۈينى ئۇيسۇنلارنىڭ ئىككىنچى خانىغا بەرگەن، بۇ ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئىناق ئۆتۈپ كەلگەنلىگىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇ دەۋردە ئۇيسۇنلارغا كېلىن بولۇپ كەلگەن خەن پادىشاسىنىڭ قىزى شى جۈن ئۇيسۇنلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دىگەن:

ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇققانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمۇلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
ئۇلارغا گوش، قېتىق تائام - ئوزۇقكەن.

مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، ئۇيسۇنلار بىلەن هۇنلار بولۇنۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ھىساپلىشىمىز بويىچە، مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ 75 - يىلى، هۇنلار ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇيسۇنلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيسۇنلار خەنزۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، هۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار هۇنلارنى چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، هۇنلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى تىرە - پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇيسۇنلار غەربىي خەن سۇلالىسى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 400 يىلغىچە خەنزۇلار بىلەن بىرلىكتە ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈنلىكىنى ۋە بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس توھپە ياراتتى.

ئەشۇ زامانلاردا ئۇيسۇنلار ئۇيغۇرلار، يەنسەي قىرغىزلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلار بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى.

قازاق خەلقى ماكانلاشقان ھازىرقى تېررىتورىيىلەردە ئەڭ دەسلەپتە ساق تائىپىسى ياشىغان بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار باشقا سىياسى بىرلەشمىلەرنىڭ تەركىۋىگە كىرىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخى مەنبەلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىزنىڭ زامانىمىزغا كەلگەندە يەنى 3 - ئەسىردە ساق تائىپىلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، باشقا تائىپىلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى» ①. بۇ يەردىكى «باشقا تائىپىلار» 3 - ئەسىردە شەكىللەنگەن ئۇيسۇن، قاڭلى (كانگۈي)، ئالان (يەنسەي) بىرلەشمىلىرىدۇر.

ئۇيسۇن، قاڭلى ۋە ئالانلارنىڭ ھەممە قازاق خەلقىنى شەكىللەندۈرگەن باشقا تائىپىلارنىڭ مەدەنىيىتى ساق تائىپىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇ ساقلار مەدەنىيىتى ئاساسىدا راۋاجلانغان. قازاق دېگەن نام ئەشۇ ساقلارنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. قەدىمقى زامانلاردا ئۇيسۇنلارنىڭ ئىچكى ئولكىلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۇلارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئۆزى قازاق خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان تائىپىلار بىلەن ئىچكىرى ئولكىلەردىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشتە بىر - بىرىگە ھەمنەپەس بولۇپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز ئارا يېقىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادى 1 -، 3 - ئەسىرلەردە، ئۇيسۇن تائىپىلىرى چۇ دەرياسى قىرغىقىدىن تىيانشاننىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگىچە، بالقاش كۆلىدىن ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىغىچە بولغان

كەڭ، بىپايان زېمىنگە ماكانلاشقان، ئۇلارنىڭ غەربىي چېگرىسى تالاس دەرياسىغىچە سوزۇلغان. قاڭلىلار بولسا ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرەپلىرىدىكى يەرلەرنى ماكان تۇتقان. ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى قاراتاغ ۋادىلىرىدىن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغىچە تارالغان. سابرومات — سارماتلارنىڭ ئەجدادى — ئالانلار ئارال دېڭىزىنىڭ غەربىگە يەرلەشكەن. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ تارىخ كىتاپلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئالانلار قاڭلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن تەخمىنەن 2000 لى كېلىدىغان يەرلەردە تۇرىدۇ، ئۇلار كوچمەن چارۋىچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورپ ـ ئادەتلىرى قاڭلىلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ .... ئۇلار قىرغاقلىرىدا ئىگىز يارلار بولمىغان بىر چوڭ كولنىڭ بويىدا ياشايدىغان قەبىلە» ②.

قازاق خەلقىنى شەكىللەندۇرگەن ئۇيسۇن، قاڭلى، ئالان تائىپىلىرىنىڭ تائىپىلىق چوڭ بىرلەشمىلىرىنىڭ 1 - ، 3 - ئەسىرلەردە پەيدا بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىشىغا، جەمئىيەت بىرلىگى شەكلى، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت ھەم تىل جەھەتلەردە ئالاھىدە يۇقۇرى دەرىجىگە كوتۇرۇلىشىگە سەۋەپ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

قازاق تىلى ئەشۇ تېرىتورىيەلەرنى ماكان قىلغان، كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى ئۇيسۇن، قاڭلى، قىپچاق، ئارغىن، نايمان، كىرەي، ۋاق ۋە باشقا قەبىلە ـ تائىپىلارنىڭ تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قازاق خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىگە، سىياسىي، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي تاكامۇللىشىپ، 14 - ، 15 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مىللىي تىلغا ئايلاندى.

ئورخۇن، يەنسەي، تالاس دەريالىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا ماكانلاشقان تائىپىلار ۋە خەلقلەر ئەڭ دەسلەپكى تۈرك يېزىغىنىڭ ھەرپلىرىنى (ئويۇپ يېزىلغان يېزىقلارنى)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ۋە سۇرىيە ئېلىپبەسىنى، كېيىنرەك ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەپ يېزىغىنى قوللاندى. ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئەرەمەي يېزىغى ۋە سەمىت يېزىغىدىن پەيدا بولغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇ بىلىگ» (ۋېنا نۇسخىسى)، «مىراج نامە»، «بەختىيار نامە» ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ بۇيرۇق - يارلىقلىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلغان.

1893 - يىلى دانىيىلىك ئالىم تومسون، رۇس ئالىمى رادلوف ئورخۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان يېزىقلارنى ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قازاق تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن قازاق خەلقى قوللانغان يېزىقنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» دىگەن ئەسىرىدە، كانۇمان تىلىدىكى «كودېـ

www.uyghurkitap.com



كىس كوماندكۇس » ( قىپچاق سۆزلىرى توپلىمى ) ناملىق ئەسەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » دىگەن ئەسىرى ئەينى زاماندىكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ھەممە جانلىق تىلىنى ئاساسىي ماتىريال قىلغان بولۇپ، 10 - 11 - ئەسىرلەردە قازاق تائىپىلىرىمۇ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تىلى بويىچە سۆزلىگەنلىكى مەلۇم، بۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان تەرەپتۇر. « دىۋان » نى ئوقۇساق، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەككە، تۇرمۇشقا، تارىخىي ۋاقەلەرگە، بىرلىك - ئىتتىپاق قىلىشقا دائىر ماقال - تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: « ئەمگەك قىلساڭ ئۇ نەرسەن »، « تاش باش يارار، ئەمگەك تاش يارار »، « يازدا ئەمگەك قىلساڭ، قىشتا شاتلىنىسەن »، « كۆزنىڭ بولمىشى باھاردىن مەلۇم »، « باشقىغا ئۇرا قازما، ئۆزەڭ چۈشىسەن »، « ئاتقان ئوق ئارقىغا قايتماس »، « ئايىغان پىيادە قالار »، « توگىگە مىنگەن قوي ئارىسىدا يوشۇرۇنالماس » دىگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر ھازىرقى قازاق ماقال - تەمسىللىرىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » دىگەن ئەسىرى 3 توملۇق چوڭ ئەسەر بولۇپ، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئۇلۇغ مىراسىدۇر. ئۇ، نادىر ئەسەردە شۇ زامان، شېئىر - قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان شائىرلار ۋە قوشاقچىلارنىڭ ئۈتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، قازاق خەلقىنىڭ تالانتلىق ئاقىنى ھىساپلانغان شۇجە قوشاقچىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە ( 11 - 12 - ئەسىرلەردە ) كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. قاراخانىلار دەۋرىدىكى شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىسى — « قۇتادغۇ بىلىگ » ( بەختلىك بولۇش توغرىسىدىكى بىلىم ) داستانى ئىدى. بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، شۇ ۋاقىتتا قەشقەرنى باشقۇرۇپ تۇرغان قاراخانىلار پادىشاسى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان.

« قۇتادغۇ بىلىگ » نىڭ 3 قوليازما نۇسخىسى، يەنى ھىرات، قاھىرە، نەمەنگان نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقى بىزگە مەلۇم. بىرىنچى نۇسخىسى 15 - ئەسىردە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، قالغان ئىككى نۇسخىسى ئەرەپ يېزىقى بىلەن يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھىرات نۇسخىسى ئەڭ قەدىمىي نۇسخا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. 1891 - يىلدىن 1910 - يىلغىچە، ئاكادېمىك رادلوف داستاننىڭ تولۇق تېكىستىنى روسىيەدە نەشر قىلدۇرغان.

« قۇتادغۇ بىلىگ » دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلىك يادىكارلىقلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى ناھايىتى گۈزەل.

بىز بۇ يەردە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقىرى

ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتىمىز ، بۇنىڭدىن مەقسەت، بىز ئىككى ئالىمنى قازاق جامائەتچىلىكىگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتىن ، بولۇپمۇ كەڭ قازاق خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخي جەريانىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقىرىلەرنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كىلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ ئۆز نوۋىتىدە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قالدۇرغان ئېسىل غەزنىلىرىنى ئۆز ئەدەبىياتى تەرەققىسىدە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تارىختا مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، رابغۇزى قاتارلىقلارنىڭ تىلى ۋە ئەسىرىنىڭ قازاق تىلى ۋە قازاق ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن كۆپرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقى، ئورتاق مەنبە بولۇپ كەلگەنلىگى ھەممىگە ئايان. ئاتاپ ئېيتقاندا، مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوللانغان تىل بىلەن ئورخۇن، يەنىسەي، تالاس يېزىقلىرىدا يېزىلغان يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ تىلى قازاق تىلىغا ناھايىتى يېقىن. بۇ پاكىتنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ:

| ئورخۇن، تالاس يېزىقىدا قوللىنىلغان تىلدا | مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوللانغان تىلدا | قازاق شېئىرلىرى تىلىدا |
|---|---|---|
| كۆنبا تىسقىڭا<br>دارىلقادى<br>ازىغ | كۆنبا توققا<br>يارلىقادى<br>ئازدىق | كۆنبا تىسقا<br>جارلىقادى<br>ازىشلىق |

دىمەك، تارىختا قازاق خەلقى خەنزۇ خەلقى بىلەن مەنىۋى مەدىنىيەت جەھەتتە ئىناق، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتتە بولۇپلا قالماستىن، تۈركى تىل سىستىمىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەنمۇ ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقە ئورناتقان، بىرلىكتە مەدىنىيەت ، ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ياراتقان. بۇ پاكىتلار ئۇلارنىڭ ماكانلىرى تۇتاش، مال - چارۋىلىرى ئارىلاش مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قازاق خەلقى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئۇرۇش - جېدەل، تالاش - تارتىش بولۇپ باققان ئەمەس.

## 2

ھەر قانداق بىر مىللەت ياكي خەلقنىڭ يازما ئەدەبىيات تارىخىنى شۇ مىللەت

www.uyghurkitap.com



ياكى خەلقىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ھەر قانداق مىللەت ياكى خەلقنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ، بىرلىككە كېلىپ، ھايات كەچۈرۈشتىن بۇرۇن، ئورتاق تىلى بولمايدۇ، خەلقنىڭ تىلى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمۇ بولمايدۇ. بۇ قەبىلە، تائىپىلار مىللەت ياكى خەلق بولۇپ شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى يوق ئىدى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. خەلقنىڭ يېزىقى بولمىغان زامانلاردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بارلىقى ھەممىگە مەلۇم. بەزى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى زامانىدا يېزىقى بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يېزىقى بولماسلىقى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

باشقا خەلقلەر قانداق قانۇنىيەت بىلەن شەكىللەنگەن بولسا، قازاق خەلقىمۇ شۇ قانۇنىيەت بويىچە 8 - 9 - ئەسىرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىغان، 14 - ئەسىردە، يەنى قازاق خەلقى ماكانلاشقان تېررىتورىيىلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ئاياقلاشقان.

قازاق دېگەن نام 8 - ئەسىردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم، يەنى شۇ زاماندا كونستانتىن ۋە فىرداۋسىلەر ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىدا قازاق ئىسمىلىك خەلقنىڭ ياشىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 9 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ئەبۇناسىر ئەل فارابى ئۆزى تۇغۇلغان ئوترار شەھىرىدىن شام (باغدات) شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتماي «مەن قاساق» دەيدۇ. فارابى بىلەن بىللە خەلىپە ئەل مۇقتەدىرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بارغان خىزمەتچىلەرمۇ ئۆزلىرىنى «ساق» لاردىنمىز دەپ ئاتىغان، ئۆزلىرىنى «ساق» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنىڭ باشقا تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى خەلقلەردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. «ساق» دېگەن سۆزنى گرېك ئالىمى گېرودوت ③ (5 - ئەسىردە ياشىغان) تۇنجى قېتىم قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگەن. شۇڭا قەدىمقى تارىخچىلار گېرودوتنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئېدىل دەرياسى قىرغاقلىرىدىن قارا دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە ياشىغان كۆچمەن قەبىلىنى — فارابىنىڭ قەبىلىداشلىرىنى «گېرودوت ساقلىرى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇنىڭدىن قازاق دېگەن نامنىڭ قازاق تېررىتورىيىسىدە ياشىغان ئەڭ قەدىمقى ساق تائىپىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، قازاق مىللىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان، ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى بولغان، خېلى بۇرۇنلا دۇنياغا تونۇلغان مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. قازاق خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن كلاسسىك ئېغىز ئەدەبىياتى قەدىمقى زاماندىلا خېلى

تەرەققىي قىلغان، ئۇلار قەدىمقى زاماندىلا ئۆز يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن قازاق خەلقىنى تەشكىل قىلغان قاڭلىلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلغان «قاڭلى پادىشاسىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى توپلىمى» دېگەن كىتاب تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭدا: «بۇ كىتاب قاڭلى پادىشاسىنىڭ ئۆز ئوردىسىدا ساقلىناتتى» ④ دەپ يېزىلغان. بۇ دەۋر — 1 — 3 - ئەسىرلەر بولۇپ، ھەقىقەتەن قاڭلىلارنىڭ تائىپىلىق ئىتتىپاقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. 5 — 6 - ئەسىرلەردە ئۇيسۇن، قاڭلى تائىپىلىرى ماكانلاشقان تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغان ئورخۇن يېزىقى بىلەن يېزىلغان «تالاس ئابىدىلىرى» ۋە ئارغىن تائىپىسى دالىسىدىكى بىلەن يېزىلغان مانىخېي تېكىستلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى، ئورخۇن يېزىقى يېزىلغان تۈركەش تەڭگىلىرى، شۇنىڭدەك، ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى بولۇپ ھېساپلانغان تۈرك قاغانى بىلگە قاغان ۋە كۈلتېكىن (7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرى) ئابىدىلىرى ۋە تونيۇقۇق ئابىدىلىرىدا يېزىلغان تېكىستلار قازاق ئەدەبىياتىدىكى باتۇرلار توغرىسىدىكى شېئىرلار، ئىشقى - مۇھەببەت شېئىرلىرى ۋە «سىڭسۇ» (مۇڭدۇشۇش، يوقلاش) بېيىتلىرىدىكە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ ۋە ئۇلاردا قازاق خەلق داستانلىرىدىكى بەزى ئاملىلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كۈلتېكىن ئابىدىسىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

ئاسمان ئۆرۈلۈپ يەرگە چۈشمىسە،
ئايىغىڭنىڭ تېگىدىن يەر يېرىلمىسا،
سېنىڭ مەملىكىتىڭدىن كىممۇ قورقىدۇ.

بۇنىڭدا سېلىشتۇرۇش، ئوخشۇتۇش ماھارىتى ئارقىلىق، باتۇرلۇق ئىدىيىسى تەسۋىرلەنگەن. يەنە كۈلتېكىننىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مۇنداق بىر پارچىمۇ بار:

پاقىرىغان كوزۇم سۇنغاندەك بولدى،
دانىشمەنلىك ئېقىل - پاراسىتىم ئاداشقاندەك بولدى.

بۇ پارچىدا قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «يوقلاش» نىڭ ئاملىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يوقۇرىدىكىلەردىن قازاق خەلقىنىڭ يېزىقى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ خېلى قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، قازاق خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك

ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆز يېزىغىنى ئۆزلۈكسىز ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئۇلارنىڭ بىر مەزگىل شامان دىنى ۋە بۇددا دىنىغا، بىر مەزگىل خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشى سەۋەپ بولدى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستۈنلىككە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردىن قالغان بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ئابىدىلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چىڭگىزخان تاجاۋۇزچىلىق قىلغان مەزگىللەردە، بۇرۇن مەدەنىيەت مەركىزى بولغان شەھەرلەر خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى، قەدىمقى مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە كۈتۈپخانىلار كۆيدۈرۈلدى. مەسىلەن: 1219 - يىلى كۈزدە چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى سىر دەرياسى بويىدىكى ئوترار (فاراپ) شەھىرىنى بېسىۋالغاندا، بۇ شەھەر قاتتىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، كىتاپ ۋە قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلىگى بويىچە دۇنيادا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان كىتاپخانا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭا زامانىمىزغا يەقەت كۆيدۈرۈلمەي قالغان ئابىدىلەر بىلەن باشقا ئەللەردە ساقلىنىپ قالغان مەدەنى مىراسلار، خەلقنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقالغان نامسىز ئېپوسلىرى ۋە ناخشىلىرىلا يېتىپ كېلەلىگەن.

قازاق خەلقى ئۆزى[ق] تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ مىللى مەدەنىيىتى ۋە مول ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تۆھپىكارلىرىنى، كىلاسسىك يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

بۇ يەردە «كىلاسسىك» دىگەن ئاتالغۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ. چۈنكى، كىلاسسىك شائىر، كىلاسسىك يازغۇچى، كىلاسسىك ئەسەر دىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ھەر خىل ئۇقۇم ۋە ھەر خىل تونۇشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بەزىلەر 16 - ئەسىردىن ئاۋال ياشىغان شائىرلار، يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەر كىلاسسىك شائىر، كىلاسسىك يازغۇچى، كىلاسسىك سەنئەتچى ھىساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كىلاسسىك ئەسەر دىيىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر قەدىمقى زاماندا ئۆتكەن شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتچىلەرنى كىلاسسىك شائىر، كىلاسسىك يازغۇچى، كىلاسسىك سەنئەتچى، ئۇلار يازغان ئەسەرلەرنى كىلاسسىك ئەسەر، دەپ ھىساپلايدۇ.

بىزنىڭچە، كىلاسسىك شائىر، كىلاسسىك يازغۇچى دىگەندە، يازغان ئەسەرلىرى خەلقنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى بىر پۈتۈن تارىخى ۋە ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شائىر - يازغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، كىلاسسىك ئەسەر دىگەندە، ئۇزاققىچە يەنى نەچچە ئەسىرگىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان، جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەدىمقى زاماندا ياكى 16 - ئەسىردىن ئاۋال ئۆتكەن شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىلاسسىك شائىر ۋە يازغۇچى بولۇشى، ئۇلارنىڭ

ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى كىلاسسىك ئەسەر بولۇشى ناتايىن. كىلاسسىك شائىر، يازغۇچى بولۇش ۋە كىلاسسىك ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلىش ۋاقىت بىلەن چەكلەنمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، بۇنىڭدا بەزىلەرنىڭ تازا مۇكەممەل بولمىغان ۋە ئانچە توغرا بولمىغان كوز قاراشلىرى ئاساس قىلىنسا، 16 - ئەسىردىن كېيىن ياشىغان ساۋ شۈېچىن، ئۇ - جىڭزى، پوشكىن، تولستوي، بايرون، ئاباي، توقاي قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلارنى كىلاسسىك شائىر، كىلاسسىك يازغۇچى دېگىلى بولماي قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كىلاسسىك ئەسەر دېگىلى بولماي قالىدۇ. دېمەك، 16 - ئەسىردىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ كىلاسسىك شائىر، يازغۇچىلار، كىلاسسىك ئەسەرلەر بولغان.

بۇ يەردە تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشكەن داڭلىق فەيلاسوف، كىلاسسىك ئەدەبىياتچى، پسىخولوگىيە ئالىمى، ئاسترونوم، مۇزىكانت، مۇتەپەككۇر — مۇھەممەت ئەبۇناسىر ئوغلى ئەل فارابىنى تىلغا ئېلىپ ئوتۇشكە ئەرزىيدۇ (تۆۋەندە فارابى دەپ ئاتىلىدۇ - ئاپتوردىن).

فارابى 870 - يىلى سىر دەرياسى بويىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى ئوترار شەھرىدە (ئەرەبلەر بۇ شەھەرنى «فاراب» دەپ ئاتىغان) دۇنياغا كەلگەن. فاراب شۇ زامانلاردىكى دەستۇر بويىچە، ئالىمنىڭ بىلىم ئالغان ئورنى بولغانلىقتىن، كېيىنچە ئۇ بۇ ئادەمنىڭ تەخەللۇسى قاتارىدا قوللىنىلغان. ئۇنىڭ قول يازما خاتىرىلىرىدە «ئوترار شەھرىدە تۇغۇلدۇم، تائىپەم قاڭلى - قىپچاق» دەپ يېزىلغانلىقى مەلۇم.

فارابى تۇغۇلغان شەھەر ئوترار ئەرەپ سودىگەرلىرى تەرىپىدىن «فارابا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «فارابا» دېگەن بۇ سوز ئەرەبچە سولەتلىك، سەلتەنەتلىك، باغلىق - گۈلزارلىق، مونچىلىق شەھەر، دېگەن كەڭ مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەرەبلەر قىپچاقلارنىڭ مۇشۇ شەھرىنى مال ئالماشتۇرۇش مەركىزى قىلىپ ئوزلىرىنىڭ بۇيۇملىرىنى مۇشۇ شەھەردە جۇڭگو، خارەزىم ۋە سامانىيە قاتارلىق دولەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن ئالماشتۇرغان.

فارابى ئوزىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە خاتىرىلىرىدە ئوز يۇرتى ئوترارنى «فارابا» دەپ تەسۋىرلىگەن. مەشھۇر «يىپەك يولى» بويىغا جايلاشقان بۇ شەھەر 10 - ئەسىردىن باشلاپ، پۈتكۈل شەرقتە «داڭلىق شەھەر» گە ئايلانغان.

فارابى 20 ياش ئوپچۆرىسىدە، ئىلىم - تەھسىل قىلىش ئۈچۈن، باغدات شەھرىگە بېرىپ ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىدۇ ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە ماقالا يېزىشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق لوگىكا ئالىمى ئەبۇ بەشىر مەتتا. بىننى يۇنۇستىن لوگىكا ئىلمىنى ئۆگىنىپ يازغان خاتىرىسى 70 جىلدگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئوقۇۋېتىپ شۇ ئەلنىڭ ئاتاقلىق گىراماتىكا

www.uyghurkitap.com



مۇتەخەسسىسى بىننى سا راجىلىغا لوگىكىدىن دەرس ئۆتكەن ھەمدە ئۇ ئارىستوتىلنىڭ «كىتابۇلنەفىس» (كىتاب روھى) دېگەن ئەسىرىنى «يۈز قېتىم ئوقۇدۇم» دەپ يازغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر فارابى پىكىر قىلىش جەھەتتە ئۆز زامانداشلىرىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، كېلەچەكنى كۆرەلىگەن ۋە چۈشىنەلىگەن كىشى. ئۇ ئالدى بىلەن ئارىستوتىلغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ كىچىك پېئىل شاگىرتى بولغان. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ 160 نەچچە پارچە ئەسىرىنىڭ 30 نەچچە پارچىسىنى ئارىستوتىلنىڭ پەلسەپە قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىلمىغا قوشقان تۆھپىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بېغىشلىغان.

دۇنيادىكى ئاتاقلىق ئالىملار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇلۇغ ئالىم فارابىنىڭ ئارىستوتىلغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىمگە قوشقان تۆھپىسىنى، پەلسەپە قارىشىنى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگىكىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى «ئىككىنچى ئارىستوتىل» دەپ ھېساپلىغان.

فارابى ــ يەنە داڭلىق شائىر بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىكى تارىخشۇناسلار: «فارابى پەلسەپە سۇئاللىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە شېئىر بىلەن جاۋاپ بېرەتتى» دەپ يازىدۇ.

فارابى فەيلاسوف ۋە شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرق پسىخولوگىيىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسىدۇر. ئۇ «جاننىڭ ئەھمىيىتى»، «جان ھەققىدە»، «جان ۋە قۇۋۋەت ھەققىدە»، «ئەقىل ۋە ئۇقۇم»، «چۈش كۆرۈش ھەققىدە»، «پاراسەتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە»، «ئىلىمنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ھەققىدە»، «مەسىلەلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شۇ زامانلاردا ئەۋلىيا ھېساپلانغان پىلاتونغا قارشى بىر مۇنچە كۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلغان.

فارابى پىلاتوننىڭ «جان تەندىن بۇرۇن پەيدا بولىدۇ، جان ئەبەدى ئۆلمەيدۇ» دېگەن چۈشەنچىسىنى خاتا چۈشەنچە دەپ قاراپ، «يۈرەك ــ ھاياتلىق تىرىدىكى، قان ئايلىنىش ۋە ھەركەت مەركىزى» دەپ يېزىپ، ئارىستوتىلنىڭ ماتېرىيالىستىك كۆز قارىشىنى ياقلايدۇ.

فارابى مۇزىكا ئىلمى ساھەسىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى يەشكەن. ئۇ «كىتابى مۇسقىيۇن كەبىر» (مۇزىكا ھەققىدە چوڭ كىتاب) دېگەن 12 قىسىملىق چوڭ كىتاپ يازغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرى مۇزىكا تارىخى، مۇزىكىنىڭ ئەھمىيىتى، مۇزىكا نەزەرىيىسى، مۇزىكا پراكتىكىسى، مۇزىكا ئەسۋاپلىرى، مۇزىكا چېلىش ماھارىتى، مۇزىكىنىڭ كومپوزىتسىيىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇزىكا نەتىلىق ھەققىدىكى بۇ ئەمگەكلىرى شەرق ۋە غەرپكە كەڭ تارقىلىپ، كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان (بۇ كىتاپ ھازىر ئىسپانىيىدىكى مادرىت كىتاپخانى-

سىنىڭ 602 – نومۇرلۇق دىلوسىدا ساقلانماقتا ) . ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا مۇزىكانت بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ ئۆز تائىپىسىنى ئۇنۇتماسلىق ئۈچۈن ئىككى تارلىق بىر مۇزىكىغا «قىپچاغى» ⑤ دەپ نام بەرگەن.

فارابى شۇ چاغدىكى ئەرەپ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزى بولغان باغدات شەھرىگە بېرىپ ئوقۇش ئارقىلىق، ئەرەپ، پارس، گىرېك، لاتىن تىللىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تىلىدا يېزىپ ئۆز ئەۋلاتلىرىغا 20 تومغا يېقىن كىتاپ، 200 پارچىدىن ئارتۇق قول يازما ئەسەرلىرىنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تىلىدا يېزىشىدىكى بىردىن – بىر سەۋەپ شۇكى، ئۇ ئەرەپ تىلىغا تولىمۇ ماھىر ئىدى. شۇ چاغلاردا ئەرەپ تىلى يۇقۇرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، باشقا خەلق ئاپتورلىرىنىڭ ئۆز تىلىدا ئەسەر يېزىشىغا چەك قويۇلغان ئىدى. شۇڭا فارابى ياشىغان دەۋردە ئۆتكەن ئالىملار، مەيلى ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تىلىدا يېزىشقا مەجبۇر بولغان. ئەلۋەتتە، ئۇلۇق ئالىم فارابى قايسى بىر مىللەت خەلقىنىڭلا پەخرى ئەمەس بەلكى ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەخرىدۇر.

فارابىنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغانلىقتىن، ئاۋام قازاق خەلقى ئۇنىڭدىن كۆپ خەۋەردار بولمىغان، لېكىن قەدىمقى زاماندا ياشىغان قازاق توھپىكارلىرى ئۇنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلىمىنى، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇتەپەككۇر ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قايىل بولغان. مەسىلەن، 19 – ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشىغان، رۇس، ئەرەپ، پارس، تۈرك تىللىرىنى قوللىنىپ، شەرق ۋە ياۋروپا بىلىملىرىنى ئالغان ئاتاغلىق شائىر ئۆزىنىڭ ياشىغان مەزگىلىدىكى بىر شېئىرىدا:

يېشىلەپ يەتمىش ئالتە، ئاتمىش ھەيدەپ،
بېكىتىپ قول ئاياقنى، يىپسىز باغلاپ.
دۇنيانىڭ ھەممە يېرى گۈگۈملەشتى،
چاپچىغان سۈزۈك سۇ ئىدىم تۇرغان قايناپ.
ئولتۇردۇق ئوتمىگىنىڭ بەلگىسى يوق،
پالان كۈن بارىمەن دىمەي سائەت ساناپ.
قۇترىغان يولۋاس كەبى كوپ يۇلقۇندۇم،
فارابى ئوزەك كەچۇر، ئەپۇ ئەيلەپ.
قەدرىم يېقىنغىمۇ يېتىپ قالار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈگۈتەر كومگەندىن كېيىن ئوبدان جايلاپ.
ئورنىمغا مەن كەتكەندىن كېيىن ئىككىن ئەكسۇن،
قىزغانچۇق دۈشمەنلىرىم چىشىن قايراپ.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئومرىگە پۈشايمان قىلىپ، قارابىدىن ئەپۇ سورايدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇلۇغ كلاسسىك شائىرى — ئاباي قۇنانباي ئوغلىدۇر. ئاباي ئۇلۇغ شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە ئۇلۇق مەرىپەتپەرۋەردۇر.

ئاباي 1845 – يىلى تۇغۇلۇپ، 1904 – يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا فېئودالىزمغا، زورلۇق – زومبۇلۇققا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە، بولۇپمۇ چاررۇسىيە پادىشالىغىنىڭ ئىستىبدات ھوكۇمرانلىغىغا قارشى قەلەم ئارقىلىق كۈرەش قىلغان جەڭگىۋار شائىردۇر.

ئۇ مۇنداق دەپ يازغان:

يۈرىگىمنىڭ تۈۋىگە چوڭقۇر بويلا،
مەن بىر جومباق ئادەممەن ئۇنى ئويلا.
ئەگرى – توقاي، چىغىر يوللۇق يەردە ئۆستۈم،
مىڭنى بىلەن بەك ئېلىشتىم – بۇنى ئويلا.

ئۇلۇغ شائىر ئاباي ئۆزى ياشىغان ئەشۇ قاراڭغۇ زاماندا جومباق دەپ قارالغان ئىدى. ئەمما، ئۇ، ئەمەلىيەتتە يېڭى زامان ئۈچۈن، يېڭى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئۇ قازاق ئەدەبىياتىنىڭ بوز يېرىدىن يول ئاچقۇچى ئىدى. ئۇ ئاخىرى قاراڭغۇ زاماندا قازاق دالىلىرىدا نۇر چاچقان مەشئەل بولدى.

قازاق خەلقىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى ۋە يېڭى ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان، قازاق كلاسسىك پوئېزىيەسىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئاباي خەلقنىڭ يۈرىگىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلمەس – ئۆچمەس شېئىرلىرىنىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇ يەردە.

ئاباي – يېڭى زامان قازاق ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ۋە قازاق ئەدەبىياتىغا كۆپ يېڭىلىق كىرگۈزگەن داڭلىق شائىر، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆچمەس مەشئىلى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇلار بىلەن پارلاق كېلەچەك يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلغان دانىشمەن شائىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابايىنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىگە ۋاقىت

چەك قويۇلمايدۇ. ئاباينىڭ تىلىمۇ، يۇرىگىمۇ خەلق بىلەن. بىز ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ 12 يېشىدىلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن.

ئاباي قازاق خەلقىنىڭ مۇزىكىسىنى تولۇق بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن ئاجايىپ تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى. ئۇ ئەرەپ، پارىس، رۇس تىللىرىنى ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ، 1880 - يىلىدىن باشلاپ كىرىلوپ، لېرمونتوپ ئەسەرلىرىنى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلدى. شەرق خەلقلىرىنىڭ «شاھنامە»، «لەيلى - مەجنۇن»، «گور ئوغلى» غا ئوخشاش ئاتاقلىق داستانلىرى ئاباي ئارقىلىق قازاق سەھرالىرىغا تارقالدى.

ئابايىنىڭ ئىجادىيىتى، مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەركەتلىرى نېپوداللار - بايلارغا، قەبىلىۋاز ئوكتەملەرگە، خەلقنى بوزەك قىلغۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىگى - چار پادىشاسىغا قارشى يۆزلەندى. شۇڭا ئاباي خەلق ياخشى چۈشىنىدىغان، بەكمۇ قەدىرلەيدىغان كىشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ناھايىتى يىراق جايلاردىكى شائىرلار، مۇزىكانتلار، ئاقىنلار، ئالىملار، جامائەت ئەربابلىرى كېلىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردى، ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەندى، كېيىنچە ئۇنىڭ تالانتىنى باھالىغۇچىلارمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى.

ئۇلۇغ شائىر ئاباينىڭ شېئىرلىرى، داستانلىرى، 45 تۈرلۈك پەلسەپىۋىلىك ئەقلىيە سۆزلىرى، تەرجىمىلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرى، قازاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تارىخىي ئوچېركلىرى قازاق خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يەكۈنىدۇر، ئۇنىڭ غايىۋى، بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە توختالغاندا، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ لۇشۈن، پوشكىنلەرگە ئوخشاش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئورتاق بولغان مىللىي شائىر ۋە خەلق شائىرى. ئۇ يېڭى پوئېزىيىنىڭ بۈيۈك مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسى — خەلققە خىزمەت قىلىش، كىشىلەرنى تەربىيىلەش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق ئاممىسىنى يېڭىلىققا يېتەكلەشتىن ئىبارەت دەپ چۈشەندى، شۇنداقلا ئۇ ئەمگەك قىلىش، ھۈنەر - بىلىم ئۆگىنىشلا خەلقنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى ياخشى ھاياتقا ئىگە قىلالايدۇ، دەپ ھېساپلىدى.

شەرق ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى كىلاسسىك شائىر ۋە يازغۇچىلاردىن ناۋايى، نىزامى، فۇزۇلى ۋە ئەخمەت يەسىۋى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ دانالىقى، ئوتكۈر پىكىرلىرى، ئىستىتىكىلىق كۆز قاراشلىرى بىلەن ئابايىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئاباي دەسلەپتە ئۇلارغا تەقلىت قىلىپ بەزى نەرسىلەرنى ئىجات قىلغان بولسا، ئوسۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ناۋايى، نىزامى، تابارى، رابغوزى، رەشىدادىن، بابۇرى ۋە ئوبۇلغازىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجادىي ھالدا تەنقىدى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قازاق ئەدەبىياتىنى، مەدەنىيىتىنى ئەسلىدىكى كونا قېلىپىدىن چىقىرىپ، يۇقۇرى بالداققا كۆتەردى. ۋەتىنىمىزدە دانىشمەن شائىر ئاباينىڭ كامالەتكە يەتكەن ۋاقتى يېڭى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىي-

ياتى بىخ سۈرۈشكە باشلىغان دەۋرگە توغرا كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالدى. ئوتكەندە ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر - بېيىتلىرى شۇ جايلاردىن تېپىلغان ئىدى، ھازىرمۇ شۇ جايلاردىن تېپىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىز ئوتكەن يىلى تولى ناھىيىسىدە ئەدەبىي مىراسلارنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئۇنىڭ بۇرۇن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان بۇنداق بىر رۇبائىيسىنى تاپتۇق:

قېرىلىقنىڭ كەينى ئەللىك، ئالدى سەكسەن،
ئولگەندىن كېيىن بولارسەن يەرگە يەكسەن.
قونانباينىڭ ئابايىدىن كوردۇق دەيسەن،
مەن كەتتىم ئەمدى ئورنۇمغا، ئېكىن ئەكسەڭ.

بۇ رۇبائىينىڭ ئوزىدىن ئۇ جۇمباق بولۇپ تونۇلغان ئەشۇ قاراڭغۇ زاماندا، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىشقانلىقىنى كورۇشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ، جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كورسەتكەن. ھازىر خەلقىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بەھرى ئالمىغان، ئۇزۇقلانمىغان شائىر ۋە يازغۇچىلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ئۇ ئىجات قىلغان ئاھاڭلار ھازىرمۇ ئەشۇ رايونلاردا ياڭراپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ مەڭگۈ ئولمەيدىغان ئەسەرلىرى بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئوزبەك، تاتار، قىرغىز ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كورسەتكەن.

18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قازاق خەلقى ئارىسىدىن ئەسەت نايمانباي ئوغلى، ئەرىمجان جانۇزاق ئوغلى، نوسۇپبەك خوجا شەيخ ئىسلام ئوغلى، كودەك مارالباي ئوغلى، ئاقىت، كۈتبەي، تولەۋ باي، كودەرى ئاقىن، ئاسىلقان قاتارلىق شائىرلار ۋە قوشاقچى - ئاقىنلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر شائىر، ماھىر ناخشىچى، كوزگە كورۈنگەن كومپوزىتور ئەسەت نايمانباي ئوغلىنىڭ ئورنى يۇقىرى ئىدى. ئۇ 1864 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1923 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە ۋاپات بولدى.

ئەسەت — قازاق خەلقىنىڭ باي فولكلورىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شۇ زاماندىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنى شەپقەتسىز پاش قىلغان، قاتتىق سوككەن ئىدى. ئۇ، خەلقنىڭ مۇڭ - زارىنى

چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ ياڭراق ناخشا - كۈيلىرى بىلەن خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇستۇردى ۋە ئۇلارغا تەسەللى بەردى. ئۇ ياڭراتقان ناخشا - كۈيلەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئەسەت يەنە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى، ئەكسىيەتچى باي - مولللارنى سۆكىدىغان، پاش قىلىدىغان، خەلقنى ئويغىتىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە «سالىقا - سەمەن»، «ياغاچ ئات»، «فرانسۇز پادىشاسى»، «نۇسۇپقان»، «جانىساپ»، «شەرىزات»، «كوركەمشە»، «قارغا باتىر» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ، قازاق ئەدەبىياتى غەزىنىسىگە مول مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

ئاقىنلار ئېيتىشىشى — قازاق خەلقى تارىخىدا قەدىمقى زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ ئەدەبىي ژانىر. شائىر ئەسەت بىلەن ئىرىسجاننىڭ ئېيتىشىشى بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دەرۋەقە، قازاق خەلقىنىڭ ئېيتىشىش تارىخىدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە مەزمۇنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئېيتىشىش — ئەسەت نايمانباي ئوغلى بىلەن ئىرىسجاننىڭ ئېيتىشىشىدۇر. ئېيتىشىش داۋامىدا دەرھال بېيىت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشنى بىلىش، ئۆتكۈر تىل، مەنىلىك سوز، چوڭقۇر پىكىر، ئوبرازلىق بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئېيتىشقۇچىنى قايىل قىلىش، ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش، قارشى تەرەپنىڭ ناتوغرىلىقىنى تونۇتۇش، قارشى تەرەپنىڭ ئوسال تەرەپلىرىنى چۈشىنىۋېلىپ، مۇۋاپىق بېيىتلەر ئارقىلىق ئۇنى يېڭىش، بىر تەرەپتىن ئىجات قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئېيتىش — ئالاھىدە تالانتلىق ئاقىنلارغىلا خاس خۇسۇسىيەت. بۇ بىر ئالاھىدىلىكنى ئەسەت بىلەن ئىرىسجاننىڭ ئېيتىشىشىدىكى مۇنۇ بېيىتتىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ:

ئىرىسجان (قىز) ئۆز بېيىتىنى مۇنداق دەپ باشلايدۇ:

ئاغرىقتىن بىر توگە ئولدى يىتىپ ئەجەل،
ئالتە پاتمان يۈكى بار، بەز بەنگە* سال

سۆڭگى يەردىن، كوكتىن تېپىلمايدۇ،
بىلىدىڭمۇ، بۇ ئوزى قايدا ئولگەن مال؟

بۇ چاغدا ئەسەت (ئەر) دۇدۇقلىماستىن مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

*بەزبەن — تارازا، جىڭ

دومبۇرا ـ ساڭا ئەگەشكەن چىچەن ئىكەن،
ئىرىسجان سوزلەر سوزگە كەسكىن ئىكەن.
ئورۇقلاپ ئوتلىيالماي ئولگەن توكەڭ،
ئەقىل بىلەن ئاۋايلىسام ـ بىر يىل ئىكەن.

ئىرىسجان رازى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:

بىغىمغا بۇلبۇل بولغان ئەسەت ئاقىن،
كىم سوكەر ئوتتۇرا يۈزنىڭ قول ـ قاناتىن،
سوز كوچىسىنى قىدىرغان زىرەككەنسەن،
يېرىڭ يوق بىر مۈدرەپ تولغۇنىدىغان.

بۇ يەردە ئىرىسجان ئەسەتنىڭ زادىلا دۇدۇقلىمايدىغان ئاقىن ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇلبۇل ئىكەنلىكىنى، دانىشمەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا يۈزنىڭ ئەزىمەت ئاقىنى ئىكەنلىكىنى ماختايدۇ، ئۇنىڭ ئىقتىدارلىقلىقىغا چىن كوڭلىدىن سويىنىدۇ.

دىمەك، ئەسەت بىلەن ئىرىسجاننىڭ ئېيتىشىشى ئالاھىدە بىر خىل ئېيتىشىش بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى توي ـ مەرىكىلەردە ئۇچرىشىپ قالغان قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئادىدىلا ئېيتىشىشى بولماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ قاشقىدەك تونۇلغان ئاقىنلىرىنىڭ، ھەقىقى ماھارەت كورسىتىش بەيگىسىگە چۈشكەن ئەزىمەتلىرىنىڭ نەمۇنىسى ۋە ئۈلگىسىدۇر.

ئەسەت بىلەن ئىرىسجاننىڭ ئەيتىششىدا زەڭ قويۇپ قارىساق، ئۇنىڭ قەبىلىچىلىك، يۇرتۋازلىق، ئاۋۇل ـ ئايماق پەرەستلىك قىلىدىغان ئېيتىشىش بولماستىن، بەلكى ھەقىقى چىچەنلىك ـ چېۋەرلىك بىلەن تولغان، خەلقنى سويىدىغان، خەلقنى شاتلىققا چومۇلدۇرىدىغان ئېيتىشىش ئىكەنلىكىنى، بىر ـ بىرىنى مەنىسىز قۇرۇق سوزلەر بىلەن مازاق قىلىدىغان ئېيتىشىش بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئوي ـ پىكىرلەر ئارقىلىق ئوز ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، بىر ـ بىرىنى قايىل قىلىدىغان ئېيتىشش ئىكەنلىكىنى كورىۋالالايمىز.

ئەسەت ئوزى ياشىغان ئەشۇ قاراڭغۇ زاماندا، ئوزىنىڭ شائىرلىق ۋە كومپوزىتورلۇق جەھەتتىكى ماھىرلىقىنى كورسىتىپ، كەڭ قازاق يايلاقلىرىنى بىيىت ۋە شېئىر بىلەن تولدۇرغان، كەڭ قازاق يايلاقلىرىنى ئوزىنىڭ ناخشا ـ كۈيلىرى بىلەن زىل ـ زىلىگە

كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر ئەسىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان ئىدى، شۇڭا، ئۇ بىر خىل ئارمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

ئۆتۈپتۇ ئەسەت، بىر جان پۇشمان بىلەن،
قاراڭغۇ - زۇلمەت تۈننى ئەن - ئەن * بىلەن بۇزۇپ،
جاراڭلاپ ئۈنلۈك ياڭراپ چىققان ئەنلەر
قالالارمۇ ئەۋلادىمغا مىراس بولۇپ.

ۋا دەرىخا، ئەشۇ ئىككەن ئۆلۈم دېگەن،
كوزۇڭگە كۆنلى - بۇرۇن كورۇنمىگەن.
ئابايدەك ئارقىسىدا سوز قالدۇرۇپ،
كېتەلىسە ياخشىكەنغۇ ئۆلۈم دېگەن.

دۇنيادا مەندەك شورلى ئاقىن بارمۇ،
مەتبۇئاتتا بىر سوزىمۇ كورۇنمىگەن؟

ئۆتمۈش زاماندا قاراڭغۇ زۇلمەتنى ناخشا - كۈيلىرى بىلەن پاش قىلغان شائىر، كومپوزىتور ئەسەتنىڭ ھېچقانداق ئارزۇسى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، يەنى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ، رېياللىققا ئايلاندى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئەدىبىي ئىجادىيەتكە دادىل قەدەم تاشلىغان ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ ناخشا - كۈيلىرىنى كەڭ يايلاقلاردا ياڭراتتى، ھازىر ئۇنىڭ مەڭگۈ ئولمەس ئەسەرلىرى توپلىنىپ نەشىر قىلىنىپ، گېزىت - ژورناللارغا بېسىلىپ، كەڭ تارقالماقتا. ئۇ، جۇڭگو قازاق ئەدىبىياتى تارىخىدا شانلىق ئورۇن تۇتقۇسى.

ئەرىمجان جانۇزاق ئوغلى، 1882 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1946 - يىلى ۋاپات بولغان يەنە بىر قازاق شائىرىدۇر. ئەرىمجانىنىڭ دادىسى جانۇزاق ماھىر ئاقىن - قوشاقچى ئىدى. «بەختىيارنىڭ قىرىق پۇتىغى» ناملىق مەشھۇر داستاننىڭ كوپ قىسمىنى ئۇ ئۆزى توقۇپ چىققان. «جانۇزاق بىر كۈن بېيىت ئېيتمىسا، ئاغزى قىيسىيىپ كېتىدۇ» دېگەن

* ئەنلە - ناخشا.

www.uyghurkitap.com



سۆزىنىڭ تەمسىلگە ئايلىنىشى ـ ئۇنىڭ تالانتلىق ئاقىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. «دادا كورگەن ئوق ئۈزىدۇ، ئانا كورگەن تون پىچىدۇ» دىگەندەك، ئۇ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بالىلىق چېغىدىن تارتىپ قولىغا دومبۇرا ئېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ، بولۇپمۇ، باتۇرلار قوشىقى بىلەن ئاشىقلار داستانىنى يادلاشقا كىرىشىدۇ، بۈگۈن يادلىغان داستانلىرىنى ئەرتىسىلا ئاھاڭغا سېلىپ، جاراڭلىتىپ ئېيتىدۇ. قازاقلار ئىچىدە قىز ياتلىق قىلىش، كېلىن كۆچۈرۈش مەرىكىلىرىدە، بەيگە ۋە بەزمىلەردە ئۇ بولمىسا، ئۇ دومبۇرا چېلىپ ناخشا ئېيتمىسا ياكى ئۇ باتۇرلۇق داستانى ۋە ئىشقى ـ مۇھەببەت داستانلىرىنى ياڭراتمىسا، شۇ توي مەرىكىسىنىڭ، شۇ بەيگە ۋە بەزمىنىڭ پەيزى بولمايدۇ، ئۇ ناخشا ـ كۈيىگە ئامراق كەڭ جامائەت توپلانغان سورۇنلاردا، قازاق خەلقىنىڭ باي ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا تارقىتىش يولىدا ئوبدان ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ «قوزى كورپەش ـ بايان سۇلۇ»، «قىزجىبەك»، «ئايمان ـ چولپان» غا ئوخشاش ئىشقى ـ مۇھەببەت داستانلىرى بىلەن «قابانباي باتۇر»، «بۆگەنباي باتۇر» قاتارلىق قەھرىمانلىق داستانلىرىنى دومبۇرىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىپ، تارباغاتاي ۋادىسىغا تارقاتقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، «مىڭ بىر كېچە» گە ئوخشاش ۋەقەلىكى بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن «بەختىيارنىڭ قىرىق پۇتىغى» دىگەن ئەسەرنى تولۇق يادلىۋېلىپ، زامانىمىزغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ قازاق كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا قوشقان چوڭ توھپىسىدۇر.

«بەختىيارنىڭ قىرىق پۇتىغى» دىگەن بۇ ئەسەر ۋە قەلىكى ناھايىتى قىزىق ۋە مۇرەككەپ ئەسەر بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغاندا نۇرغۇن ئاجايىپ قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ۋەقەلەرگە دۇچ كېلىمىز. بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: بەختىيار ئۆزىدە ھېچقانداق ئەيىپ يوقلىغىنى ئىسپاتلاپ، خان ئالدىدا 40 كۈن ھېكايە ئېيتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىلىرىدا خاننىڭ ئوردىسىدىكى ياۋۇزلۇقلارنى، جەبرى ـ زۇلۇمنى ۋە توھمەتخورلۇق قىلىش، مەنسەپ تالىشىش قاتارلىق رەزىللىكلەرنى پاش قىلىدۇ. ھەق بىلەن ناھەقنى، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنى سېلىشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا سۇيىقەستچىلەرنىڭ پاش قىلىنىپ جازالانغانلىقى، بەختىيار ئازات بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇرات ـ مەقسىدىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

«بەختىيارنىڭ قىرىق پۇتىغى» دىگەن ئەسەرنىڭ قانداق ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش، تەتقىق قىلىش ـ بىر ئىلمىي مەسىلە. بىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزچە، ئۇ «پادىشا ئازادە بەخت»،

«بەختىيار ۋە خۇدايدات» ، «ئاق بەزەرگەن» ، «داستارقان» ، «شاكىم ـ شاكرات» ، «سەۋرچان پادىشا» ، «سەۋرىسىز پادىشا» ، «ئابدۇسەمەت» ، «ئالتۇن بېلىق» ، «نوشىمان ـ نەئىم» ، «تاجىك بالىسى» ، «قاسىم جۇمارت» ، «كوركەمشە» ، «جامىساپ» ، «زىيادا شاھ مۇرات» ، «مارغۇزار» ، «ئەر شەھرىزات» ، «سامۇرىق» ، «مەلىكە چىركىن» ، «ياغاچ ئات» ، «ئەبۇ شاھما» ، «ئىلان پادىشاسى شاھ مارانىڭ 12 ھىكايىسى» ، «مۇڭلۇق ـ زارلىق» ، «ئىبرەن غايىپ» ، «نۇر غازارىن» ، «مەڭگۈ ئىناق ئەرلى ـ زارىپ» ، «ئوراز موللا» ، «جاھانشا» ، «شەمسىيە» قاتارلىق ھىكايە ، داستانلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇ پەقەت يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھىكايە ۋە داستانلارنىلا ئوز ئىچىگە ئالامدۇ ياكى باشقا داستان ، ھىكايىلارنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالامدۇ دىگەن بۇ مەسىلىنى كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقاتتا ئېنىقلاپ كورۇشكە تېگىشلىك دەپ قارايمىز.

ئەرىمجان ئوزىدىن بۇرۇن ئوتكەن تالانتلىق ئاقىن ـ شائىر ، قوشاقچى ، داستانچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ ، ئۇلارنىڭ تالانتىنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە توھپىسىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مۇنۇ بىر كوپلىت شېئىرىدىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇ :

ئېيتىششىنىڭ بىر جان سارا سوز بېشى ئىدى ،
ئىرىسجان ، ئاقىن ئەسەت ئەجداتى ئىدى .
ئۇچ يۇزگە داڭدار بولغان ئۇ سابىر باي ،
قازاقلارنىڭ ئېيتار سوزىنىڭ غەزنىسى ئىدى .

سابىر باي ــ ئاتاقلىق تارىخچى ئاقتايلاقنىڭ بالىسى بولۇپ ، ئۇ ئۇلۇغ شائىر ئاباي ئۇستاز تۇتقان مەشھۇر شائىر ، مۇتەپپەككۇر ئىدى. سابىر باينىڭ مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ مۇنۇ بېيتلىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ :

مۇھىم ئىشنى كوپ بىلەن يەشكىن ،
چىگىشلەرنى ئەپ بىلەن يەشكىن .
بەك چىگىشتاك ئۇزۇلىدۇ ،
بوگۇن قويۇپ ئەرتىسى يەشكىن .
سوزىنى ئاڭلا كەلگەنلەرنىڭ ،
نام ـ دىرەكسىز ئولگەنلەرنىڭ .

www.uyghurkitap.com



قازىلىقتىن ئاداشما ،
كەينىدىن ئەگىشىپ بەرگەنلەرنىڭ *
نەپسىگە ئەگىشىپ ئازغاننىڭ ،
بىر مەزگىل چېپىپ – ئۇچقاننىڭ ،
سوز ئاڭلىماس پاكلارنىڭ ،
قۇرۇق – گەۋدە جانلارنىڭ ،
پايانى يوق ئەسەمنىڭ ،
چۇلۇۋرى يوق چېچەننىڭ ،
تالىيىنى كورگەنمەن .

مۇتەپپەككۇر سابىر باينىڭ بۇ شېئرى چوڭقۇر پەلسەپۋى مەزمۇن ، چوڭقۇر ئوي – پىكىرگە ئىگە بىر شېئىردۇر .

نوسۇپبەكخۇجا شەيخ ئىسلامئۇز ئەۋلاتلىرىغا ئولمەس مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن شائىرلارنىڭ بىرىدۇر . ئۇ 1857 – يىلى تۇغۇلۇپ ، 1937 – يىلى تېكەس ناھىيىسىدە ۋاپات بولغان . ئۇ بالىلىق ۋاقتىدا مەدرىستە ئوقۇپ كونىچە بىلىم ئالغان . كېيىنچە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان . بۇ مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىپ ، ئۇنى تەتقىق قىلغان ، شەرقنىڭ مەشھۇر شائىر ، يازغۇچىلىرى — پىردەۋسى ، نىزامى ، ناۋايى ، خامى ، فۇزۇلى ، ھاپىز شىرازى ، سەئىدى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان . كىلاسسىك شائىر ئابايدىن تەلىم ئالغان . ئەرەپ ئەللىرىدە ۋە تۈركىيىدە خېلى ئۇزۇن تۇرغان . ئۇ مەشھۇر شائىر ۋە قوشاقچى بىر جانسال بىلەن كوپ قېتىم ئۇچرىشىپ ، بېيىتچىلىكنى ئۆگەنگەن . پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىپ ، يەنە ئەرەپ ، رۇس ، پارس ، چاغاتاي تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ، « قىز جىبەك » ، « ئەر نازار بەكەت » ، « شىرنىياز » ، « قارغىنىڭ زارى » قاتارلىق ئېپىل داستانلارنى يېزىپ چىققان . ئۇنىڭ يەنە « مۇڭ – زار » ، « مىڭ بىر كېچە ھېكايىسى » ، « تۇتىنىڭ توقسان چوچىگى » ، « يۇسۇپ – زىلەيخا » قاتارلىق داستانلارنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرىنى يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم .

نوسۇپبەكخوجا شەيخ ئىسلام بۇ ئېپىل ئەسەرلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە « قىزجىبەك » ( 1894 – يىل ) ، « ئايمان – چولپان »

---

* بۇ يەردە « پارا بەرگەن » دىگەن مەنىدە .

( 1896 - يىل ) ، « بىر جان بىلەن سارانىڭ ئېيتىشىشى » ( 1898 - يىل ) ، « ئالپامىش » ( 1899 - يىل ) قاتارلىق داستان - ھېكايىلارنى پېتربۇرگ ، قازان ، ئۇفا ، ئورېنبۇرگ ، تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھەرلىرىدە ئايرىم - ئايرىم كىتاپچە قىلىپ باستۇرغان ھەمدە شەرقىنىڭ « سال - سال » ، « زەرقۇم » ، « يۈسۈپ - زىلەيخا » ، « مۇڭ - زار » ، « شاكىم - شاكرات » قاتارلىق قىسسىلىرىنى ، « مىڭ بىر كېچە » ھېكايىلىرىنى ، « تۈتىنىڭ قوقسان چوچىگى » ، « كەر بالا چولىدە » ، « دەرىيخا قىز » قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ، مەتبەدە باستۇرغان . ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالغان . ئۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شېئىرلارنى يازغان .

مەسىلەن : ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە شېئىرىدا ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا :

كارغا كەلمەس كۈمۈشتىن ،
ياخشىلاپ سوققان مىس ئارتۇق .
ھۆرمەتسىز ئۆتكەن ئۆمۈردىن ،
ئۆيىقىدا كۆرگەن چۈش ئارتۇق .
چوقچايتىپ تىككەن ئاق ئۆيدىن ،
يارامىلىق قارا ئۆي ئارتۇق .

دېسە ، « يەتمىش بەش » دىگەن يەنە بىر پارچە شېئىرىدا :

بىراۋ بىلىپ ، بىراۋلار بىلمەي يۈرەر ،
بىلىملىكنى يۈرت كۆزگە ئىلماي يۈرەر .
بىلىملىكنىڭ بارچىسى ئۆيدە يېتىپ ،
باش قوشۇلغان كېڭەشكە كىرمەي يۈرەر .
بىلىمسىزنىڭ بارچىسى ئەل قورقىتىپ ،
ئەل بېشىنى ئەيتاۋۇر ئازدۇرۇپ يۈرەر .

دەپ ، بىلىملىكلەرگە ئىجتىمائى ھاياتقا ئارىلىشىپ يۈرۈشنى نەسىھەت قىلىدۇ .

بۇ يەردە ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ مەشھۇر ئاقىن بولۇپ يېتىشكەن كودەك مارالبايىنمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر .

www.uyghurkitap.com



كودەك مارالباي 1888 - يىلى تۇغۇلغان ، 1939 - يىلى تىبكەس ۋە مۇڭغۇلكۈرە ئارىلىغىدىكى « مىس » دىگەن يەردە ۋاپات بولغان . كودەك - ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىغى تۈپەيلىدىن ، مەكتەپتە ئوقىيالمىغان . ئۇ پەقەت ئۆزى تىرىشىپ خەت ساۋادىنى چىقارغان .

كودەكنىڭ ئۆز دادىسى بايشقانمۇ ، چوڭ دادىسى مارالبايمۇ خېلى مەشھۇر خەلق ئاقىنى ئىدى . ئائىلىسىنىڭ ھۈنىرى كودەككە تەسىر قىلغان . قازاق فولىكلورىنىڭ كەڭ تارقالغان تۈرلىرىدىن بىرى بولغان « ئېيتىشىش » ژانىرى كودەككە دادىسىدىن مىراس قالغان ، ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا ، ئېيتىشىشقا كىرىشكەن . ئۇنىڭ :

ئون ئىككىدىن ئون ئۈچكە قەدەم باستىم ،
ئېيتىمنى ئۆزەم توقۇپ يېتەكلىدىم .
توي بولغان قىزىقچىلىق يەرگە بېرىپ ،
بېيىتچىلىككە شۇ ۋاقتىمدىن كىرىشىپ كەتتىم .

دىگەن بۇ شېئىرىدىن ئۇنىڭ بېيىتچىلىككە ئون نەچچە يېشىدىن باشلاپ قىزىققانلىغىنى ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپرىغى خەلقنىڭ « ئېيتىشىش » سەنئىتى ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . كودەك ـــ پەقەت ئېيتىشىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئاقىن بولۇپ قالماستىن ، بەلكى بىرمۇنچە شېئىرلارنىمۇ يازغان . ئۇنىڭ « قايىنغا بارغاندا » دىگەن داستانى ، « قالايى قوشىق » ، « تۇرغىن ئەلنى ئارىلاش » ، « كەڭ تىبكەس » ، « ساسان ئاۋۇلىغا بارغاندا » دىگەن شېئىر - بېيىتلىرى ئۇزاقتىن بۇيان ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ئېيتىلىپ ۋە ئوقۇلۇپ كەلمەكتە .

قاراڭغۇ جەمىيەتتە كودەك مارالباينىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ، مەتبە يۈزىنى كۆرەلمىگەن مىراسلىرىنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەنلىگى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۆلمەس شېئىرلار ئىكەنلىگىنى ، ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان نامايەندە ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ .

تارىختا ئۆتكەن قازاق ئاقىن - قوشاقچىلىرىنىڭ كۆپچىلىگى ئەمگەكچى خەلق بولۇپ ، تولەۋباي يۈجەك ـــ ئەنە شۇنداق ئاقىنلارنىڭ بىرىدۇر .

تولەۋ باي پادىچى تايىغىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاقىنلىق قىلغان . 1848 - يىلى ئالتاي ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ، 1921 يىلى 73 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن .

تولەۋ باي ياشىغان دەۋر ـــ فېئوداللىق تۈزۈم ئالتاي دالىلىرىدىكى خەلقنى ئېغىر زۇلۇمغا

گىرىپتار قىلىنغان دەۋر ئىدى. ئېغىر ئالۋان - سېلىق، تۈرمۈش ئېغىرچىلىقى، ئاچ - يالىڭاچلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق تولەۋباينى بېيىت - شېئىر ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرى بىلەن دالا زومىگەرلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق تىلى بىلەن سوكىدۇ، مەمى بەيسى * ئۇنىڭ يالغۇز ئېتىنى تارتىۋالغاندا، ئۇ ئۇنى قوشاققا قوشۇپ:

مەن سېنى ماختىمايمەن قورۇلمىسام،
كورگىنىم يوق بىر تىيىن پايدا زارلىمىسام.
ئۈچ يۈزنىڭ ھەممىسىگە پاش قىلاتتىم،
پەقەت يالغۇز تۇقۇنۇمنى ئويلىمىسام.

ئىككى ئامبال، توت بەيسى بىلەن پەتتى،
بۇلارنىڭ يەيدىغىنى قوينىڭ ئېتى.
نامراتتىن يالغۇز ئاتنى - قوينى ئېلىپ،
ئېچىلدى ئەل غەزنۇي - ئەلنىڭ بېتى.

قەدىمىم قىسقىرايدۇ، ئۇزۇن بولماي،
تۇگىشەر بولدۇم خۇدا جاننى ئالماي.
بىيەمنىڭ بىرسىنى تۇتۇۋاپسەن،
مەن كەلدىم قەددىم پۈكۈپ چىدىيالماي!

دەپ، ئاچكوز زالىملارنى شەپقەتسىز ھالداسوكىدۇ، پاش قىلىدۇ.

لېكىن تولەۋباينىڭ بېيىت - قوشاقلىرى تېخى تولۇق توپلانغىنى يوق. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا «دومبىۇرا»، «دوربا» ناملىق راۋان داستانلارنى، «ئاقىت ئاۋۇلغا بارغاندا» دىگەن مەزمۇنغا باي بېيىتلەرنى ئىجات قىلغان. ئۇنىڭ بىر مۇنچە ئېيتىشىش بېيىتلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئاقىت — 1867 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە بولغان ئارلىقتا ياشىغان، تولاراق دىنىي مەزمۇندىكى شەرئەت بېيىتلىرى بىلەن خەلق ئىچىگە تونۇلغان ئاقىندۇر.

دەرۋەقە، قازاق خەلقىنىڭ ئوتمۇش زاماندا ئوتكەن ئاقىن - قوشاقچىلىرىنىڭ

* بەيسى - مىڭ بېشى

www.uyghurkitap.com



ئەجا دىيىتىدە پاترىئارخاللىق ، قەبىلىچىلىك ئىدىيىلىرى ۋە دىنىي كۆز قاراشلار خېلى كۈچلۈك . ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىدا مەلۇم ئوبيېكتىپ سەۋەپلەر بار ، مەسىلەن ئېيتايلۇق : قازاق خەلقى ئەسىرلەر بويىچە چەكسىز تاغ - داللاردا كوچۇپ يۈرگەن بولغاچقا ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ھەر قاچان — مەيلى ياز ، مەيلى قىش بولسۇن — تەبىئەت بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان ، تەبىئىي ھادىسىلەرگە ئىشىنىش - يېلىنىش ئارقىلىق چارۋا - مالنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالغىلى ، ئولۇم - يېتىمدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ ، دەپ ھىساپلىغان . ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان ئاينى « ياخشىلىق » دەپ بىلگەن . كونا زاماندىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن ، ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇلاردا « يېڭى ئاي قۇتلۇق بولسۇن ، كونا ئاي ئەستىن چىقسۇن » دەپ پاتىھە ئوقۇپ ، چارۋا مالنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيدىغان دىنىي ئادەتلەر بار . ئەنە شۇنداق دىنىي ئادەت ۋە دىنىي چۈشەنچىلەر بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن ئاقىنلار بىلەن قوشاقچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ ، ئاقىنىنىڭ ئەسەرلىرى دەل ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردۇر . بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ قازاق خەلق پوئېزىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى چوڭ بولمىسىمۇ ، لېكىن قازاق خەلقىنىڭ ھەر بىر دەۋردىكى ئىلاھقا ۋە ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقات قىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، سەل قاراشقا بولمايدىغان پايدىلىق ماتىرىياللاردۇر . ( داۋامى بار )

# « ماركسىزمنىڭ يېڭى راۋاجى »

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ تەييارلىق گۇرۇپپىسى تۈزگەن

بۇ كىتاپقا شىنجاڭ ھەرمىللەت ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغان ماقالىلىرىدىن 15 پارچىسى ( خەنزۇچە خەت ھىساۋىدا 200 مىڭ خەت ئەتراپىدا ) كىرگۈزۈلدى ، بۇ كىتاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى ، پات ئارىدىلا نەشردىن چىقىدۇ . سېتىۋېلىشنى خالىغۇچى يولداشلارنىڭ ئالدىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇشىنى قارشى ئالىمىز . ئالدىن تىزىملاش ئورنى : شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

تەھرىر بولۇمى

# شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

لىيۇ بىڭ

يېقىندا پروفېسسور جى شيەنلىن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، [1] خەنزۇ يېزىقىدىكى «ئۇلۇغ بۇددا نوملىرى» (《大藏经》) بىلەن شىنجاڭدىكى توخار تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن «ياغاچچىنىڭ ھېكايىسى» نى قىسقىچە سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ توخار يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نوم جۇڭگو ھېكايىلىرى دۇنياغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر ئۆتكۈنچى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ يەكۈن ئىلھام بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدا تېخىمۇ كۆپ مىسال - ئىسپاتلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىپ كۆرمەكچىمەن.

## (1)

خەلقارا سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى تەشەببۇسچىسى، گېرمانىيىنىڭ كىلاسسىك يازغۇچىسى گېتى: «شەرق بىلەن غەرپنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ سۆز ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىدا ئىزدىنىشكە بولىدىغان ئورگانىك مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بەردى.

شەرق بىلەن غەرپنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىسىنى «ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ» غانلىقىدا مۇقەررەر ھالدا مەلۇم ۋاستە رول ئوينىغان. بۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرى ئۇچراشقان جايلاردا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتۈشى ۋە بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ياكى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر خىل مەدەنىيەتكە بولغان كۈچلۈك تەسىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇلار بىر مىللەت، بىر جاي ياكى بىرنەچچە مىللەت بىللە ياشىغان تارىخي مەدەنىيەت بەلۋىغى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەملىكىتىمىزدىكى شىنجاڭ دەل مۇشۇنداق رايون.

شىنجاڭدا 13 مىللەت بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى «چېگرا ئاتلىغا مىللەت» لەر بولۇپ، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقالغان. تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە، دائىم تومتاق ھالدا «تۈرك قەبىلىلىرى» دەپ ئاتالغان، ئۇزاق تارىخي جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن يېقىن شەرققىچە بولغان جايلاردا تۈركى قەبىلىلەردىكى خەلقلەر غايەت زور تارىخي رول ئوينىغان. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات كەلگۈسىدە تۆۋەندىكى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئاساسلىنىپ قانات يايدۇرۇلىدۇ:

بىرىنچى، ئۇزاق دۇنيا تارىخىدا شىنجاڭ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان، ۋە تىنىمسىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت 4 قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى قوشۇلىدىغان جايغا جايلاشقان. ئەڭ بۇرۇنقى خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى، كېيىنكى ئىسلام دىنى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بۇ جايغا تارقالغان. كاسان ② شەھرىدە ساقلىنىپ كەلگەن بىر بىنا بۇ جاينىڭ ئېتنوگرافىيىلىك جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكىنى مەركەزلىك ۋە تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بىنانىڭ شىمال تەرىپىدىكى تېمىغا جۇڭگو پادىشاسىنىڭ رەسىمى، شەرق تەرىپىدىكى تېمىغا ھىندىستانلىق بىراخمان بىلەن تۈرك خاقانىنىڭ رەسىمى، غەرب تەرىپىدىكى تېمىغا پىرسىيە پادىشاسى بىلەن رىم پادىشاسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان ③.

ئىككىنچى، جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ تارىخىدا ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلار بار، يەنى ئۈچ رايوننىڭ ھەممىسىدە قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىلەر قۇرۇلغان، بۇ كەڭ جۇغراپىيىلىك دائىرە ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ھەر بىر رايوندا قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق تەرەققىيات دەۋرى بولغان. ئىدىيە تارىخى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدا «مەشھۇر ئەسەرلەر» مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان كىلاسسىك ئەسەر ۋە ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك نەمۇنە دەپ ماختالغان. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى ئۆز جايىدا پەيدا بولۇپ، ئۆز جايىدا يېتىلىش جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل «نەمۇنە» لەرنىڭ تاۋلىشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن

قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈرك، موڭغۇل، تۇڭگۇس تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئەرەپ - يەھۇدى تىل سىستېمىسى قاتارلىق تۆت چوڭ تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولغان نۇرغۇن تىل ئائىلىلىرىگە ئايرىش مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىشتا ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، مانى يېزىقى، توخار يېزىقى، رىم يېزىقى، سوغدى يېزىقى، پارس يېزىقى، ئەرەپ يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە ۋاستە قىلغان. بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى باشقا مىللەت ۋە باشقا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان تىل - يېزىقلارنى پۇختا بىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتتا بىۋاستە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋاستىلىرى ۋە يوللىرىنى بەرپا قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردە ئۆتكەن خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەكىلى جاڭ چيەننىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭئەن شەھىرىدىن بىۋاستە غەربىي ياۋروپادىكى رىمغا بارىدىغان „يىپەك يولى“نى ئاچقانلىقىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇرۇن كىشىلەر ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىگە قاراتقان. ئەمەلىيەتتە، „يىپەك يولى“ زور قوش نەتىجىگە ئىگە ئىدى. بۇ ھەقتە چەتئەللىك ئالىملار مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: „ئۇلار تۈركىستاننىڭ ئارغىماقلىرىنى ۋە ئۈزۈمگە ئوخشاش يېڭى ئۆسۈملۈكلىرىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەتتى، ھەمدە غەرپنىڭ قىممەتلىك قاش تېشى بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەش توغرىسىدىكى خەۋىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار يەنە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھىندىستان، پېرسىيە چۆچەكلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇنداق ھوكۇملەردە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە قارشى تەرەپتىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىگە ئىگە بولۇش، تەبىئىيكى، مەنتىقىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان گۈزەل - چىرايلىق ئارقا كۆرۈنۈش تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ — سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا تېخى ئېچىلمىغان كەڭ بىر پارچە „بوز يەر“ دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار غەرپ ئالىملىرىنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شەرققە يۆتكەيلى دەپ مۇراجىئەت قىلىشقا ئۈندىگەن بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ھېسسىيات ۋە خام ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەردى. ئوخشاش بولمىغان ئىلىم ئېقىملىرى قەدىرلەپ ئىسپاتلىغان „ئوخشاشلىق“

www.uyghurkitap.com



(anlogy) ۋە «سېلىشتۇرما» (contrast) لار قىلچە سىرتتا قالماي، مۇشۇ يەردە يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. بۇلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، «جۇڭگونىڭ ئىلىم ئېقىمى» مۇشۇ يېڭى ئاساسنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مۇكەممەل ھالدا قۇرۇلۇشى ھەمدە بۇ ئارقىلىق سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل بولغان جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى ۋە جۇڭگو — چەتئەل مەدەنىيەت مۇناسىۋەتى تارىخى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

## (2)

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى تارىختا ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا، پارس ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇنچە تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇنداق تەسىر شەكىل جەھەتتىكىگە قارىغاندا، مەزمۇن جەھەتتە كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرلىرىدىكى بىر مۇنچە مەشھۇر شەكىللەر، ۋەزىنلەر، تەسۋىرلەش، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسلۇپلارنىڭ ھەممىسى پارسلاردىن كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنداق دەپ قاراشقا ھەقلىقمىزكى، پارس - ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى سىرتىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ قەدىمقى ئىبراي ئەدەبىياتى ۋە يەھۇدىلار ئەدەبىياتىغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. دۇنخۇاڭدا يەر ئاستىدىن چىققان 8 - ئەسىردىكى ئىبراي يېزىقىدا يېزىلغان پۈتۈكلەرنىڭ پارچىلىرى شىنجاڭدا يەھۇدىيلەرنىڭ ئىزى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى ⑥. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئىبرايلار، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەدىمقى رىۋايەتلىرىنىڭ تەسىرى بار. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچى نەسىرىدىن رابغۇزى يازغان 72 بابلىق پىروزا شەكلىدىكى ھېكايىلار توپلىمىدا، 9 «قىسسە سۇل ئەنبىيا» دا «تەۋرات» نىڭ تەسىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان رىۋايەتلەر ۋە ھېكايىلار بار. مەسىلەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەسەل بىلەن تولغان «قىيامەت خاتىرىلىرى» دېگەن ھېكايىدە، ساچقان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى تېشىۋېتىپ، دۇنيانى قىيامەتكە يۈزلەندۈرۈپ قويغانلىقى تېما قىلىنغان.

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى يەنە ھىندى كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. ئىدىقۇت ئەدەبىياتى — بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالىدۇر. بۇنداق تەسىر نەتىجىسىدە، ئۇ ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر نەچچە مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشتىكى ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ كوپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمۇ پاكىت. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەتبىقلىنىپ كېلىۋاتقان ياۋروپاچە ئېپىك شېئىر — „ باللادا „ ( bällăda ) مانا مۇشۇ يول بىلەن تارقىلىپ كىرگەن .[7]

بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىمىز ئوتكەندە ئۇزاققىچە سەل قارىلىپ كەلگەن مۇنداق ئىككى مەسىلىدىن، يەنى شىنجاڭنىڭ كوپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى بىلەن غەرپ ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ ـ قانداق ؟ ، ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى توھپىسى ۋە تەسىرى قانداق ؟ دېگەن ئىككى مەسىلىدىن ئىبارەت .

بىز ، گەپنى شېكىسپىردىن باشلايلى . ئوتكەندە مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىملار خەنزۇ كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى ياكى دىرامىلىرىدىكى مۇھەببەت تىراگېدىيىسىنى مىسال قىلىپ ، « رومېئو بىلەن جولىيېتتا » ئۇستىدە „ تەكشى سېلىشتۇرما تەتقىقات „ ئېلىپ بارغان.

ئەمىلىيەتتە „ جۇڭگونىڭ رومېئوسى بىلەن جولىيېتتاسى „ دېگەن ئوخشىتىش ئۇيغۇر ۋە ئوزبەك كىلاسسىك يازغۇچىلىرى كوپ قېتىم يازغان « لەيلى ـ مەجنۇن » ، « پەرھات ـ شىرىن » دېگەن ئىككى ئەسەر ئۇستىدە ئىشلىتىلگەن بولسا تېخىمۇ جايىدا بولغان بولاتتى . بۇ ئىككى ئەسەر شېكىسپىرنىڭ ئەسىرى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان بىرمۇنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە : ئالدىنقىسى، شېكىسپىر دىرامىسىنىڭ ئاساسىي سيۇژېتلىرىنى ھازىرلىغان . كېيىنكىسى، شېكىسپىر دىرامىسىدەك تىراگېدىيىلىك ئاخىرلىشىشنى نامايان قىلغان . بۇلارنى تامامەن „ پاراللېل تەتقىقات „ بىلەن „ تەسىر تەتقىقاتى „ نى بىرلەشتۇرۇش ئاساسىدا چوڭقۇر سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ ، بەلكى بۇنداق تەتقىقاتنىڭ ئۇنۇمى كوپتەرە لىمىلىك بولۇشى مۇمكىن .

شېكىسپىر تەتقىقاتىدا، كىشىلەر ئادەتتە ئۇ 1554 يىلى يازغان « رومېئو بىلەن جولىيېتتا » دىرامىسىنى ئىتالىيە خەلق رىۋايىتى ۋە ـ ئەنگلىيە شائىرى ئا بى . بورگ 1562 ـ يىلى ئەشۇ رىۋايەتكە ئاساسەن ئوزگەرتىپ يازغان ئېپىك داستانىنى ئاساس قىلىپ ، يازغان دەپ قارايدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئىتالىيىدىكى ۋېرونا شەھىرىدە رومېئو بىلەن جولىيېتتانىڭ ئائىلىسىنىڭ كونا ئولتۇراق جايى — ئىككى قەلئە ھازىرمۇ بار ئىكەن . « پەرھات ـ شىرىن » ، « لەيلى ـ مەجنۇن » 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېقىن شەرقتىكى كەڭ رايونلاردا تارقالغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغىمۇ تارقالغان [8] . 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ يازما ئەدەبىيات بولۇپ شەكىللەنگەن . كوپىنچە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى يازغۇچىلار ئىجادىي قىلغان «خەمسە» ( Həmsə ) گە ئوخشاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاكى 19 ـ ئەسىردە «ئەرەپ شېرىيىتىنىڭ پادىشاسى» دەپ ئاتالغان ئەخمەدى شاھىدى «لەيلىنىڭ مەجنۇنى» يەنى «لەيلى ـ مەجنۇن» دىگەن مەشھۇر ئوپېرانى يېزىپ چىققانغا قەدەر، بۇ ئەسەر ئەرەپ تۇسىنى ئالغان «رومىئو ۋە جولىيتتا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 9 ـ 10، ـ ئەسىرلەردە ئىسلام ئىسپانىيىسى ۋە سىتسىلىيە ئاراللىرىدىكى ئەرەپلەر كەلكۈن سۇدەك ياۋروپاغا ئېقىپ كىرگەن چاغدا، ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ۋە ئەدەبىيات ماتېرىياللىرى (راۋايەت، ھىكايە ۋە رەسمىي تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەقە قاتارلىقلار) نى ئېلىپ كىرمىگەن دەپ ئېيتىش قىيىن.

«13 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا گۈللىنىشكە باشلىغان تەمسىللەر، تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەقەلەر ۋە پەندى ـ نەسىھەت چۆچەكلىرى قاتارلىقلار ھىندىستان ۋە پىرسىيىدىن كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەرەپ ئەسەرلىرى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئىسپانىيىنىڭ «قاراقچى» ناملىق ھىكايىسى ئەرەپ تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان «مەكمە» بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى.»؛ فرانسۇز يازغۇچىسى لەۋىن دەنىڭ ئەرەپ تەمسىلى «كەلىلە ۋە دەمنە» نىڭ ئۆز ئەسىرىنىڭ ماتېرىيالى ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلغان، ⑨. شېكىسپىرنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىچىدە ئەرەپ راۋايەتلىرى ياكى ئەرەپ تارىخىدىن ماتېرىيال ئېلىپ يېزىلغانلىرى ئاز ئەمەس. مىلادىنىڭ 1550 ـ 1600، ـ يىللىرى ئېنگلىز تىلىنىڭ ئەرەپ تىلىدىن تاق سۆز ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش نىسبىتى 14 پىرسەنتكە يەتكەن، شۇڭا، شېكىسپىر دىراملىرىدىكى سەھنە سۆزلىرىدە ئېنگلىزچە ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ئەرەپچە سۆزلەرنىڭ كورۇلۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ⑩. ئەگەر بىز يەنە شېكىسپىرنىڭ ئۆزىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، «رومىئو ـ جولىيتتا» بىلەن «پەرھات ـ شىرىن» ۋە «لەيلى ـ مەجنۇن» ھىكايىلىرىنىڭ ئەسلى شەكلى مەنبەداش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەپلەرنىڭ بەدەۋى قەبىلىسىنىڭ قەدىمىي راۋايەتلىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دىگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھەقلىقمىز.

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەسەرلەر بىلەن شېكىسپىر ئەسەرلىرىدىكى سيۇژېت جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى جايلار يالغۇز يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىر مىسال بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «سەرگەردانىنىڭ ھىكايىسى» دىگەن قازاق خەلقىنىڭ ئېپىك داستانىنىڭ بىر مۇھىم ۋەقەلىگى مۇنداق: سەرگەردان دەريادىن ئوتمەكچى بوپتۇ. كېمىچى دەريادىن ئوتكۈزۈپ قويۇش ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر پارچە گوش شىلىپ ئېلىۋالماقچى بوپتۇ. سەرگەردان بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ، لېكىن دەريادىن ئوتۇۋېلىپلا قېچىپ كېتىپتۇ. كېمىچى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىككىيلەن ئەۋلىيا

مۇساۋەرەنىڭ ھوكۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئەۋلىيا ھوكۇم قىلىپ: «كېمىچى، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ ھوكمىمنىڭ ئەتراپلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئاڭلاپ باققىن: ئۇنىڭ پۈتىدىن ئالغانچىلىك گۆشنى كېسىپ ئالغىن. ئۇنىڭ بىلەن كېمەڭنىڭ كىرا ھەققى ساڭا تولۇق قايتۇرۇلسۇن. بىراق سەن بىر قېتىملا كېسىسەن، ئازراق ئارتۇق ياكى ئازراق كەم كەسسەڭ بولمايدۇ، ئوشۇق كېسىپ قويساڭ ئۆزەڭنىڭ گۆشى بىلەن تولەپ بېرىسەن، ئاز كېسىپ قويساڭ ئۆزەڭنىڭ گوشى بىلەن تولۇقلايسەن» دەپتۇ. بىز بۇ سىيۇژىتتىن شېكىسپىرنىڭ «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» دىگەن مەشھۇر دىراممىسىدىكى ئاندىيۋ، شايلوك ۋە بىئۋاسيادىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي شەخسنىڭ كۆلەڭگىسىنى كورگەندەك بولىمىز. بۇنداق «ئوخشاشلىق» شېكىسپىرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى ئىلھام بېرەلەمدۇ - يوق؟

ساپ «پاراللېل تەتقىقات» نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ كوپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى بىلەن غەرب ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسىلەر تېخىمۇ كوپ. قازاق خەلق ئەپسانىلىرىدا: ئاللا - تائالا ئىگىز تاغ ئارقىلىق يەر زېمىننى كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە بىكىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كالا بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا قونۇۋالغان چىۋىننى قورىغان چاغدا ياكى يەر - زېمىننى ئۇ مۈڭگۈزىدىن بۇ مۈڭگۈزىگە يوتكىگەن چاغدا، يەر تەۋرەش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كولۇمبىيە خەلق ئەپسانىلىرىدا بولسا، قۇياش مۇئەككىلى بۇچكا دىۋە (chibcăcoum) چىچىمكا كومنى جازالاپ، يەر شارىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ قويغان ئۇ ھېرىپ كېتىپ يەر - زېمىننى ئۇ مۈرىسىدىن بۇ مۈرىسىگە يوتكىگەن چاغدا، ئاندىن تېخى بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىدا يەر تەۋرەيدۇ، ⑪ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. يەنە مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئۆرپ - ئادەت ناخشا - قوشاقلىرىنى (توي ناخشىلىرى، مەرسىيىلىرى ۋە خوشلىشىش ناخشىلىرى) نى تامامەن ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ، «ئارىلىقى ئەڭ يىراق بولغان، پەرقى ئەڭ چوڭ بولغان مىللەتلەرنىڭمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان ناخشا - قوشاقلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بارلىقى سېزىلىدۇ ...... بىز دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ توي - نىكا ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ناخشا - قوشاقلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن كورگەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ يېقىن جايلاردىن يىراق جايلارغا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پاكىتنى، ناھايىتى مۇھىم بىر پاكىتنى، يەنى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كىچىك جەھەتلەردە پەرقلىق بولغان بىر باسقۇچنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» ⑫.

دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى ئەدەبىيات — سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى تۈپەيلىدىن، ئىتالىيە ئەدەبىياتىنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، شۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىمۇ بىر ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىم مەيدانغا كېلىپ، ئۇ، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، غەربىي ياۋروپانىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىغا ھەمنەپەس بولدى. 14 — ئەسىردىن باشلانغان ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە چوڭ شائىر ئەلىشىر ناۋايى ۋەكىللىكىدە، رابغوزى، لۇتپى، خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار كوتۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە دىندىكى زاھىتلىق دادىل، ئاشكارا تەنقىت قىلىندى. ئىنسانلارنى ئازات قىلىش مۇراجىئەت قىلىندى، زاھىتلىق، تەركى دۇنيالىق پەلسەپىسى مەسخىرە قىلىندى. مۇھەببەت ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى بەختلىك تۇرمۇش قىزغىن، سەمىمى ئارزۇ قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ مۇددىئاسىغا قاتتىق مۇخالىپ كېلەتتى، لېكىن، بۇلار پېتراك، بوككاچچو قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ روھى بىلەن بىردەك ئىدى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشقان تۆھپىسىنى تولۇق ۋە توغرا بايان قىلىپ ئۆتۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى كەڭ كولەملىك ئۇرۇشلار، كۆچۈپ يۈرۈشلەر، دىنىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە بۇلاڭ — تالاڭ قىلىشلار تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ يوقۇلۇپ كەتكەن، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ۋە بۇزۇپ تاشلانغان. يەنە بىر تەرەپتىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىرمۇنچە جەۋھەرلەر سىغىمچانلىقى ئىنتايىن زور بولغان ئەرەپ مەدەنىيىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن تارىختىكى ماتېرىياللار كۆمۈپ تاشلانغان، پېچەتلەنگەن ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلگەن، شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى پەرقلەندۈرۈش خېلى قىيىن. لېكىن يەنىلا بەزى ئومۇمۇيۈزلۈك تورلىرى ۋە چومۇلە ئىزلىرىنى بويلاپ، ئانچە — مۇنچە پايدىسى بولغان ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

قازاقلارنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى خەلق داستانلىرى «تۇتاشتۇرۇلۇش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ۋە ئون نەچچە پارچە داستانى بىر — بىرىگە تۇتاشتۇرۇلسا ئاساسلىق پېرسوناژلار مۇقىم بولغان، سيۇژىتلىرى بىر — بىرىگە باغلىنىدىغان «چاتما داستان» ھاسىل بولىدۇ. قازاقلارنىڭ بۇنداق داستانلىرى نەچچە ئون پارچىغا يېتىدۇ.

بەختىيار » داستانى 14 داستاندىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭدا غەيۋەتكە ئىشەنگەن پادىشا-نىڭ بەختىيارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى، بەختىيار ھەر كۈنى پادىشاغا بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەنلىكى، ئۇدا 14 كۈن سۆزلەپ بەرگەنلىكى، نەتىجىدە ھەقىقى ئەھۋالنىڭ ئايدىڭلاشقانلىقى، بەختىيارنىڭ ئەسلىدە پادىشانىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىكەنلىكى، غەيۋەت قىلغان 15 ۋەزىرنىڭ جازاغا ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنغان. « تۇتىنامە » داستانىمۇ 14 داستاندىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇمانخور ئەر سىرتقا سودىگەرچىلىك قىلىشقا چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئاتۇتىنى خوتۇنىغا ئۇدا 40 كۈن ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە بۇيرۇپ، بۇنىڭ بىلەن خوتۇنى-نىڭ ئۇزگىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. « قىرىق ۋەزىر » 80 تەمسىل ــ شېئىردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا 40 ۋەزىرنىڭ نۆۋەت بىلەن پادىشاغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ، تۆھمەتكە ئۇچرىغان شاھزادىنىڭ جازا مۇددىتىنى ئارقىغا سوزماقچى بولغانلىقى، شاھزادىگە تۆھمەت قىلغان مەلىكىنىڭ ئۇدا 40 پارچە ئەكسىچە ھېكايە سۆزلەپ، شاھزادىغا ئۆلۈم جازاسىنى بېرىشنى تېزلەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنداق شەكىل ئۆتكەندە ئادەت جەھەتتە « مىڭ بىر كېچە » نىڭ تەسىرى دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قاراشلار مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. « مىڭ بىر كېچە » نىڭ بىكىتىلگەن ۋاقتى خېلى كېيىن ( 14 - ئەسىر ) بولۇپ، بۇ خىل شەكىل بۇرۇنلا شىنجاڭ-دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا جانلىنىپ كەتكەن، بەلكى شىنجاڭ-نىڭ تارىخي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ كۆچمەن مىللەتلەر ئارىسىدا مۇقىم ئولتۇ-راقلاشقان مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ بايان قىلىنىش ئالاھىدى-لىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىنى ئالغان دەپ ھېساپلاش قەدىمقى تۈركى كۆچمەن قەبىلە بىلەن « يىپەك يولى » دىكى بىرنەچچە تۈركى قەبىلە سودىگەرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ، ئەرەپ ئىمپېرىيىسى مەركىزىنىڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك - شەھۋانىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، پىسخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكتىن قارىغاندا، يازغۇچىلار ياكى تەھرىرلەر ئەسەرلەرنىڭ شەكلى مەسىلىسى ھەققىدە باش قاتۇرغاندا، ھامان ئۆزلىرى ئالدىن كۆرەلەيدىغان دائىرە ئىچىدە كىتاپخانلار يېڭى نەرسە ئىكەن دەپ ھېس قىلىدىغان پىكىرلەردىن پايدىلىنىدۇ، ھەرگىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەپ كىتاپخانلىرى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ.

ئۇنداق بولسا، بۇ خىل تەسىر، قۇرۇلمىسىدا نۇرغۇن چاتما ئالاھىدىلىك سىنا قىلىنىپ كەلگەن ھىندىستان كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن كەلگەنمۇ قانداق؟ « تۇتىنامە » دىگەن ئەسەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئازراق تەسىرى باردەك تۇرىدۇ. لېكىن بۇ بىر نۇقتىنى كىشىنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نۇرغۇن مول بۇددا

نۇم ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا نىمە ئۈچۈن چاتما قۇرۇلمىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغانلىقىنى، قازاق خەلق ئەدەبىياتى بىلەن ھىندى كىلاسسىك ئەدەبىـياتىدىكى شەكىل جەھەتتىكى مۇنداق «ئوخشاشلىق» نىڭ پاراللېل ھالدا پەيدا بولغان يا كى ئۇنداق بولمىغانلىقىنى كىشىنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىم.

بىز شۇنداق دەپ قارايمىزكى، قەدىمقى زاماندىكى شەرقنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى پارس، ھىندى، ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بىر نەچچە مەملىكەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئۇزۇقلۇق ئالغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى بىر نەچچە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۇزۇقلۇق ئالغان. ئۇنىڭغا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك خەلق لەتىپىسىنى ئىجات قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تولۇقلاش ۋە تارقىتىشقا نۇرغۇن مىللەتلەر قاتناشقان، ئۇنى قايسى بىر دۆلەت يا كى مىللەتنىڭ دەپ ئېيتىش ناھايىتى قىيىن. تۈركىيە ئالىملىرى نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ خاتىرىلىنىش مەنبەلىرىدىكە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەپسىلىي دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ھەرگىز دۇنيانىڭ باشقا رايون ۋە مەملىكەتلىرىـدىكى خەلقلەرنىڭ تۆھپىسىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ جوخا لەتىپىسىنى مەنبە قىلغان ئەپەندى لەتىپىلىرى 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئاندىن توپلىنىپ كىتاب قىلىنغان؛ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى يوق، ئېھتىمال ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ يېڭى نۇسخىسىدىكى لەتىپىلەر ئەسلىدىكى نۇسخىسىدىكى لەتىپىلەردىن تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈركىيە ئالىمى ۋىلىدا ئىمىز بوداق «ئاساسلىق ئەنئەنىۋى كۆلكىلىك گەپلەر» دەپ ئاتىغان 97 لەتىپە ئىچىدىكى بەزى لەتىپىلەر مەملىكىتىمىزدىكى شىنجاڭدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپىلەرگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ⑭. ئەمەلىيەتتە، كەڭ مەنىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاچقۇچ — ئەپەندى دېگەن كىشى ئۆتكەنمۇ ـ يوق يا كى ئۇ قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى دېگەن مەسىلىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دۇنيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بىر ھادىسىنى، يەنى بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، يۇمۇرلۇق شەخسلىرىنىڭ تىپى بارلىقىنى، يەنى ئەرەبلەرنىڭ جوخا، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ زورو، زاڭزۇلارنىڭ ئاكۇدىنبا، موڭغۇللارنىڭ بۇلغۇنسان قاتارلىق شەخسلىرى بارلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدە. ناھايىتى روشەنكى، ئەپەندى ئوبرازىنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلۈشى

« مىڭ بىر كېچە » نىڭ شەكىللىنىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان موللا زەيدىن، سەلەي چاققان (15)، قازاق ـ قىرغىزلاردىن كېلىپ چىققان ئالدار كۆسا (16)، تاجىكلاردىن كېلىپ چىققان موللا مۇسپىق، تاتارلاردىن كېلىپ چىققان ئەخمەت ئەكەي قاتارلىق يۇمۇرلۇق ئېقىل ـ پاراسەتلىك تىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكى قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ « قايتۇرما تەسىرى » گە ئۇچراش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قېقىشقىمۇ بولمايدۇ.

بىزنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تەھلىللىرىمىز تۆۋەندىكى ئەڭ ئاساسلىق بەزى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغان:

بىز « ئەرەپ مەدەنىيىتى » نى تىلغا ئالغاندا، پەقەت ئەرەپلەر ياراتقان مەدەنىيەتنىلا كۆزدە تۇتمايمىز. بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ئەرەپلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئەرەپ تىل ـ يېزىقى بىلەن بايان قىلىنغان ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىملەر ۋە مەۋەپپەقىيەتلەردۇر. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاپتورلىرى خەلىپە ئىمپېرىيىسىدە ياشىغان پېرسىيىلىكلەر، سۈرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلار ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى بىر نەچچە تۈركى مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا شەرھلەپ ئۆتكەن بىلىملەر يۇنان، پېرسىيە، ئەرمېنىيە، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ دەۋردىكى ئەرەپ ئەدەبىياتى ئاساسى بولمىغان بىر ئەھۋال ئاستىدا بەرپا قىلىنغان. دەھشەتلىك ئۇرۇش يىللىرىدا « ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى شائىر بولغان مىللەتلەر ئارىسىدا بىرەر شائىرمۇ ئىلھاملىغا ئىگە بولمىغان » (16). ئەرەپ ئالىملىرىنىڭ ئۆزى: « ئەرەپلەر پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغان » (18). « بىز ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەم قويۇپلا، بۇ چاغدىكى ناھايىتى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئەرەپلەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرەپلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان چەتئەللىكلەر ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدۇق » (19) دېيىشكەن. ۋاھالەنكى، بۇ « چەتئەللىكلەر » ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى بىر نەچچە تۈركى مىللەت كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەرەپ دۇنياسىدا چوڭ شۆھرەت قازانغان مۇنەۋۋەر شائىر خارازمى ئېبىن سىنا (ياۋروپالىقلار « ئاۋىسىننا » Aviccnna دەپ ئاتايدۇ) ۋە فارابى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ئىدى. « جۇڭگودىكى تۈركىستاندىن سېتىۋېلىنغان قۇللار سېرىق تەنلىكلەر ئىدى ...... مۇسۇلمانلارنىڭ سەركەردىلىرى پەقەت تۈركىستاندىنلا يۈزمىڭ ئادەمنى ئەسىرگە ئالغان » (20). پۈتكۈل 11 ـ ئەسىردە، ئەرەپ دۇنياسىغا تامامەن دېگىدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى قۇرغان

سالجۇق تۈرك ئىمپېرىيىسى ھوكۇمرانلىق قىلغان ئىدى (21). ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە، مەشھۇر قۇللار سۇلالىسى — «مامۇرۇق سۇلالىسى» نىڭ ئاساس سالغۇچىسى بەيبۇرىس سۇلتانمۇ ئەسلىدە تۈركلەردىن كېلىپ چىققان قول ئىدى (22)؛ «مىڭ بىر كېچە» نىڭ خېلى كۆپ قىسمى دەل مۇشۇ قول پادىشالىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلاردىن ئىبارەت. بۇ كىتاپتىكى بىر ھېكايىدا: «چىراي ۋە ماھارەت جەھەتتە تەڭدىشى بولمىغان بىر ئايال قول تۇۋار دورتتىكى كۆپ پەنلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھانىدا پارلاق نەتىجىگە ئىگە بولغانلىقى، رەشىتنىڭ ئونى ئونمىڭ دوللارغا سېتىۋالغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى بەزى قۇللارنىڭ ھەقىقەتەن بىر قەدەر يۇقۇرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەرەپ ئەدەبىياتىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى بىر نەچچە تۈركى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزىغىنى سىڭدۈرۈش ۋە جۇڭگو توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» نىڭ بىرىنچى كېچىسىدە سۆزلەنگەن ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى جۇڭگو بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىرلىيا ۋۇيندىڭ - جۇڭگو پايتەختىدىكى بىر ھونەرۋەننىڭ ئوغلى. ئۇ ئەڭگۈشتەرنى جۇڭگونىڭ ئەركاراس دېگەن بىر شەھىرىنىڭ سىرتىغا كۆمۈپ قويىدۇ؛ چېپاتىنىڭ دېڭىز سەپىرى توغرىسىدىكى ھېكايە ئۇنىڭ جۇڭگوغا 7 قېتىم كەلگەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ، «ھازار ئەپسانە» («ئون كېچىلىك ھېكايە») دىكى «6 - كېچىدە سۆزلەنگەن 10 - ھېكايە» دە جىبۇرا دېگەن ئادەمنىڭ «ياشلىق دەۋرى» دىلا «كۈن چىقىدىغان شەرق» قە بېرىپ پار - پۇر بويۇملىرىنى ياساش جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۈگەنلىگى سۆزلىنىدۇ، 11 - ئەسىردە يېزىلغان فىرانسىيە تارىخي داستانى — «رورەن — ئەسەبىلەشكەن مۇھەببەت» (23) تەسالى ئىمپېرىيىسى پادىشاسىنىڭ شاھزادىسى رورەننىڭ جۇڭگو مەلىكىسىنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولالماي ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى يېزىلغان ...... بۇنداق مىساللار دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. غەرپنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىكى دېڭىز يولى ترانسپورتى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى جۇڭگو توغرىسىدىكى بارلىق بىلىملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى، روشەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى بىر نەچچە مىللەت ئارقىلىق تارقالغان، بۇ ئەسەرلەردە يېزىلغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسىم - فەمىلىسى ۋە جۇڭگونىڭ يەر - جاي ئىسىملىرى توقۇپ چىقىلغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردا ھېمىشە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ فونېتىكا ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز خەنزۇ تىلىنىڭ ھەقىقى فونېتىكىسى ئەمەس.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە شىنجاڭلىقلارنىڭ خىلمۇ - خىل ئالاھىدە

توھپىسى تۈپەيلىدىن، ئەرەپ مەدەنىيىتى ھەممىنى ھەزىم قىلىۋاتقان دەۋرلەر ( 8 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ) دە، باغداتقا توپلانغان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سالجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ سارىيىدا مۇستەقىل تۇرۇپ كەلگەنلىكى، ھۆرمەتلىنىدىغان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن (22). بۇنى ئۇلۇغ ئۇيغۇر كلاسسىك تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «كىرىش سۆز» ىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «قادىر ئىگەم تۈركلەرنىڭ يۇلتۇزلىرى ئارىسىدىن قۇدرەتلىك قۇياشنى چىقاردى ھەمدە پەلەكنى ئۇنىڭ بويلاپ ئايلىنىدىغان قىلدى. ھازىرقى زامان خەلقلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاغامچىسىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.» بۇ دەۋردە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قاراخانىلار سۇلالىسىدا ئۆز نۇرى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىككى پارچە قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەرنى دۇنياغا كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى دۇنيادا شۆھرەت قازاندى.

ئالىملارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇت قەشقەرى شىنجاڭدىكى قەشقەرنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ كېيىن بىرمۇنچە تۈرك زىيالىيلىرى بىلەن بىللە ئالىي ئىلىم – مەدەنىيەت مەركىزى — باغداتقا بارغان ھەمدە ئۇ يەردە ئەرەپ يېزىقى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ چىققان. سالجۇق تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئەرەپ تارىخىدىكى باشقا سۇلالىلەرنىڭ پايتەختىگە ئوخشىمايتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىر قەدەر يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە ئىدى. بۇ شۇ ئىمپېرىيىگە ئاساس سالغان ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئاساسىي تەركىۋى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىمپېرىيە سۇلتانىنىڭ مەلىكىسىنىڭ شىنجاڭدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەزاسى ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «قاراخانىلار سۇلالىسىدىكىلەر، روشەنكى، سالجۇقلاردىن تېخىمۇ ئىلغار ئىدى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تۈركىستان ۋە ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن (25)، بۇنىڭ نەتىجىسىدە «قاراخانىلار سۇلالىسى گۈللەندۈرگەن ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينىغان» (26). قەدىمقى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەدەبىيات، مىللەتشۇناسلىق، تارىخ، تىل، جۇغراپىيە، ئىجتىمائىي ئۆرپ — ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرى توپلانغان بۇ «تۈركلەر قامۇسى» ئىنتايىن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە تېپىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ تۈرك يېزىقى، نېمىس يېزىقى ۋە ئۆزبېك يېزىقىدىكى تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى، ۋە ئىنگلىز يېزىقى، فرانسۇز يېزىقى، ۋېنگرىيە يېزىقى، ۋە ياپون يېزىقىدىكى پارچىلىرى ۋە ئۇنىڭغا بېرىش يۈزىسىدىن يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. مەملىكىتىمىزدە ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

بۇ كىتابتىن سەل بۇرۇنراق يېزىلغان يەنە بىر كاتتا ئەسەر يەنى ئۇيغۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان پەلسەپىۋى داستان «قۇتادغۇبىلىك» مۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرگە ئىگە. بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەتكە ئايلىنىش جەريانىدىكى ئۆز پەلسەپىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە ياڭلىغىنىڭ يەكۈنىدۇر. ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. دۆلىتىمىزدىكى ئالىملار سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئەسەردىن سەل كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن، ئۇيغۇر يازغۇچى ئەخمەت يۈگنەكى يازغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغان، دەپ قارىماقتا. 1909 ـ يىلى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ساراي چىك كەنتىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» دىگەن كىتاپتىكى شېئىر مىسرالىرى ئويۇلغان كوزا تېپىلغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 19 ـ ئەسىردىن بۇيان ھەر قايسى ئەللەردىكى شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار مۇشۇ كىتابنى مۇھىم تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل يېزىقتىكى تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كەلدى. مەملىكىتىمىزدىمۇ بۇ كىتابنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى پارچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى [28].

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ۋە تۆھپىسى ئۈستىدە توختالغاندا، يەنە قىرغىز خەلق داستانى «ماناس» نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ داستان تەخمىنەن 300 مىڭ مىسرا بولۇپ، چەتئەللەردە ئۇنىڭ پارچىلىرىنىڭ رۇس، نېمىس، فرانسۇز، تۈرك، تاجىك يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بار. بۇ داستان توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىمۇ نەشر قىلىندى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بىز تېخىچە دۆلەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ «ماناس» بىلەن يونان، ھىندىستان ۋە ياۋروپادىكى مەشھۇر تارىخىي داستانلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆرمىدۇق.

شىنجاڭنىڭ كوپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان مۇنداق ئىككى ھادىسە بار : بۇنىڭ بىرى، نۇرغۇن ئەسەرلەردە ژانىرلارنى » ئارىيەت ئېلىش « ئەھۋالى بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى ئوخشاش بولمىغان ئاپتورلارنىڭ » خەمسە « لىرىدىكى ژانىرلار دائىم كېيىنكى يازغۇچىلار تەرىپىدىن » ئارىيەت ئېلىنغان «. يەنە بىرى، ئىجادىيەت ژانىرلىرىنىڭ» مەنبەداش « ( ئۇلار ئوخشاش چوچەك، راۋايەت، ۋە قىزىقچى شەخسلەردىن ئېلىنغان ) لىقى. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا، سېلىشتۇرما تەتقىقاتتا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بىر ژانىرنى ئوخشاش چۈشەنمىگەنلىكى ۋە ئۇنى بەدىئى جەھەتتە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلمىغانلىقى « پەرھات – شىرىن » نىڭ بىر نەچچە مەشھۇر نۇسخىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردە ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزىرىيىسىدە ئېيتىلغان چۇڭقۇر مەنىلىك » ئىجادىي ئاسىلىق« ( erea + 1ve neason ) روھى گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

مىلادى 7 – ئەسىردىن 10 – ئەسىرگىچە، بۇ ژانىر ھەممىدىن ئاۋال ئىران خەلق داستانلىرىدا پەيدا بولغان. ئۇ 7 – ئەسىردىكى ئىراندىكى ساسان پادىشالىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھى خىسراۋ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى – « خىسراۋ ۋە شىرىن » ئىدى. 10 –ئەسىردە پارىس شائىرى ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى ئۇنى قول يازما ئەدەبىيات ئەسىرى قىلىپ كوچۈرۈپ چىققان. 12 – ئەسىردە ئەزەر بەيجانلىق شائىر نىزامى گەنجىۋى ئۇنىڭغا ئاساسەن پارىس يېزىقىدا ئوخشاش تېمىلىق بىر داستان يېزىپ، ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپىقىيەت قازانغان، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 2 ئەسىردە خىسراۋ ئەر باش قەھرىمان قىلىنغان. پىردەۋسىنىڭ ئەسىرىدە پەرھاتنىڭ ئوبرازى كورۇنمەيدۇ. لېكىن نىزامى جۇڭگوغا بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەن بىلىملىك ياش پەرھاتنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەر ئىچىدە مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا قويغان. 14 – ئەسىردە ئەمىر خىسراۋ دەھلىۋى نىزامىنىڭ ئەسىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يازغان. 15 – ئەسىردە ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايى يازغان « پەرھات – شىرىن » داستانىدا، ژانىردا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان، پەرھات بۇ ئەسەردە قىزغىن مەدھىيىلىنىدىغان ئىجابى قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا جۇڭگو شاھزادىسى دىگەن سالاھىيەت بېرىلىدۇ. بۇ ئەسەردە بېيجىڭ شەھرىدە شاھزادىنىڭ ساياھەتكە قىزغىن ئۆزىنىلغانلىق كورۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ يۇنانغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ۋە غەرپ ئالىملىرى تەرىپىدىن » يۇناندىكى كۆكزى « دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ پەيلاسوپ سۇقرات بىلەن كورۇشكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ؛ ئۇنىڭدا ئەسلى ئەسەردىكى خىسراۋ ئوز قۇلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىلەن ئەر قەھرىمان ۋە ئايال قەھرىماننىڭ مۇھەببەت تىرادىگىيىسىنى[?] پەيدا قىلغان سەلبىي شەخسى ۋە باش جىنايەتچى قىلىپ يېزىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئەسەر يېڭى قىياپەت بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ تارقالغان ㉙.

## ( 3 )

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى بىلەن خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش — مەملىكىتىمىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن.

بىز تارىختا مۇنداق بىر خىل قىزىقارلىق ھادىسىنى كۆرىمىز: ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب مەدەنىيىتى 9 –، 10 – ئەسىرلەردە كەلكۈن سۈدەك شەرققە قاراپ ئاققان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ رايونىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ھەيۋىسى پەسىيىپ قالغان. قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بىر شەكىلسىز توسالغۇ باردەك، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بولغان تەسىرى توسۇلۇپ قالغان. قاراخانىلار سۇلالىسى باشلامچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئەرەب مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۇزاققىچە تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ھەتتا ئۇنىڭ قۇدرىتى 12 –، 13 – ئەسىرلەرگە كەلگەندە خوراپ تۈگىگەن. بۇنى، ئەلۋەتتە، دىنىي، ھەربىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەپلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، يەنە ئۇنىڭدا خېلى مۇھىم بولغان سىياسى ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى بار. « نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، جۇڭگو خېلى مۇقىم ۋە مۇستەھكەم ئىمپېرىيە بولۇپ كەلدى؛ گەرچە بۇ ئىمپېرىيە ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە دىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە سىرتقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىچكى ئۆرۈشنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىرلىككە كەلگەن ھالدا تۇرۇۋەردى، ئۇ ھەر قايسى تارماقلارغا سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل ئورتاق مەدەنىيەت تەرىپىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى. موڭغۇللار، تاتارلار ۋە باشقا بارلىق ئىرقلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىن باشلاپ، ئىشنى ھېمىشە مەدەنىيلىشىش، بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، يەنى ئۇلار جۇڭگوچە ئورپ – ئادەتلەرنى قوللاندى » ㉚. خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مەھكەم بىرلىشىپ، ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ بۇ يەردە دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدا قازانغان نەتىجىلىرىگە تەڭ كېلىدىغان غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى توسۇپ قالدى.

خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى خېلى قەدىمقى چاغلاردىن ئىزدەش مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ۋە 1 ـ ئەسىرلەردە «مىس قورال دەۋرى مەدەنىيىتى — ئاندىرىيۋ مەدەنىيىتى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى قاراسۇك تىپىدىكى مەدەنىيەت قازاق قىرغىزلارغا تارقالغان. بۇخىل مەدەنىيەت جۇڭگو ۋە جەنۇبىي سىبىرىيەدىن كىلگەن تەسىرگە ئۇچرىغان، بۇ، ئاساسەن، چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغان (كومارۇۋانىڭ 1962 ـ يىلىدىكى ئەسىرىگە قارالسۇن)، بىراق تىيانشان ئەتراپىدىمۇ بار» ㉛.

دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش پۈتۈك ئەدەبىياتىدا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: دەسلەپكى دەۋرلەردىكى كۆك تۈرك ـ يېزىقى باسقۇچىدىكى ئورخۇن مەڭگۈ تېشى پۈتۈكلىرىدە يىللار تامامەن خەنزۇلارغا ئوخشاش 12 مۇچەل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 732 ـ يىلى) ئۇيغۇر قاغان كۆلتېكىنگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى پۈتۈكلەر كۆك تۈرك يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى خەنزۇ يېزىقىنى تاڭ شۈەنزۇڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان. ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنقى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا تونيۇقۇقنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇش تارىخى چىرايلىق پىرۇزا تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتايىن روشەن تەسىرى بار. تۇرپاندا يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىلغان سوغدى يېزىقىدىكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ پارچىلىرىدا ھەر ھەپتىدىكى 7 كۈننىڭ ھەممىسى سوغدى تىلىدىكى 7 كۈننىڭ نامى بويىچە خاتىرىلەنگەن؛ ھەم خەنزۇچە 甲乙丙 قاتارلىقلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 12 مۇچەلنىڭ نامى ۋە خەنزۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىپ كېلىۋاتقان «بەش قەنە» نىڭ كۈن ۋە ئاينىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشى خاتىرىلەنگەن. بۇ رايوندا خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەدەبىياتقا ئائىت بىرمۇنچە كىتابلار ساقلانغان، مەسىلەن: «بۇددا نوم»، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلار نىڭ ۋەزنى»، «قاش تېشى پۈتۈكلەردىن پارچىلار»، «جىن يىن» ㉜ قاتارلىقلار ساقلىنىپ كەلگەن. بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنىڭ، مەسىلەن، سىنقۇ سېلى، بىراتيارا كىشت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق نوملىرى سانسكرىت تىلى ۋە خەنزۇ تىلى قاتارلىقلاردىن ئۇيغۇر ۋەباشقا تۈركى تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ㉝. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ نوملار سادىقلىق بىلەن تەرجىمە قىلىنغان، تەرجىمىنىڭ گىراماتىكىسى جايىدا

www.uyghurkitap.com



بولغان، تىرمىنلار مول، جۈملىلەر راۋان بولغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىدىكى تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقىنى، ھەتتا بۇنىڭدا كونكرېت يازغۇچى ۋە ئەسەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1959 - يىلى شىنجاڭنىڭ چارقىلىق ناھىيىسىدىكى قەدىمىي شەھەر مىرانىدىن تېپىلغان، مىلادى 815 - يىلى يېزىلغان «كەكمەنىر شېئىرلىرى» ئۇنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە دەلىلىدۇر. ئۇنىڭدا بەيجۈيىنىڭ خەنزۇ يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن «كومۇر ساتقۇچى خوجايىن» دىگەن شېئىرىدىن باشقا، يەنە كەكمەنىر ئۆزى تىما قويۇپ يازغان 3 پارچە شېئىرمۇ بار. ئۇنىڭ بىر پارچىسىدا بوۋىسى، ئاتىسى ۋە نەۋرىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلادىنىڭ خەنزۇچە ئۆگەنگەنلىكى ئېيتىلغان ۋە «لى بەي، دۇفۇ شېئىرلىرىدىن ئېلىپ بەھرە، شۇ ئۇسلۇبتا يېزىش ئۈچۈن قىلدىم ئەجرە» دەپ يېزىلغان.

بىر ئەرەب ئالىمى: «ئەرەپ مەدەنىيىتى يوسۇپ كىرگەن مەملىكەتلەردە ھەر قانداق چەتئەل ئەدەبىياتى قەد كۆتىرىپ تۇرالمىدى، ھەتتا ئەرەپلەر تىلىنى يوقىتا چىقىرىۋېتەلمىگەن دۆلەت — پىرسىيەمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى» ㉞ دىگەن ئىدى. بۇنىڭدا ئازدۇر - كۆپتۇر مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىز شىنجاڭدا باشقا بىر خىل ئەھۋالنى، يەنى بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى تولۇق قەد كۆتىرىپ تۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پارىس ئەدەبىياتىدەك رەھىمسىز ھالدا يوقىتىپ كېتىلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. غەرىپ ۋە ياۋروپا ئالىملىرى ئېيتقان ئەرەپلەر ئىستېلاسىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا — تىل ئىستېلاسى باسقۇچىدا «ئىستېلا قىلىنغۇچىلار ئەڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇنىسى روشەن ئىدىكى، كىشىلەر سىياسىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن، ھەتتا دىنىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغانىكى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدىن ۋاز كەچمىگەن.» شىنجاڭدىكى مىللەتلەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق قىلغان، نەتىجىدە، شىنجاڭنىڭ ھەر قانداق رايونىدا ئەرەپ تىلى ئىلىم تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تولۇق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا ئۇنىڭ يېقىن شەرقتىكى كەڭ رايونلار ۋە ياۋروپادىكى بەزى رايونلاردىكىگە ئوخشاش جانلىق تىل بولۇشى ۋە غەلىبە قازىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى بالدۇرقىدەكلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەنئەنىنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدا يېقىندىن بۇيان ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۈنۈملۈك ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىدىن دېلىل - ئىسپاتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ ㉟. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ ھازىرغىچە، تارىختا تۈركلەرنىڭ باشقا زېمىنلىرى-

دىنكى بىر نەچچە قەبىلىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىسى دەسلەپتە ئەرەپلەشتۈرۈۋېتىلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياۋروپالاشتۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ھازىرقى ۋاقىتتا ئەڭ پاك، ئەڭ مۇكەممەل بولغان «تۈرك فولكلورى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ مۇزېيى» غا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خىل ئەنئەنە ئەينى ۋاقىتتا ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئەرەپ مەدەنىيىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچكە ئايلانغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىگ» — بۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى گەۋدىلىك مىسالىدۇر.

«دىۋان» نىڭ ئاپتورى: «مەزكۇر كىتاب ئەرەپ تىلى ۋە تۈرك تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىل، خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاپ قالغان» ۋەزىيەت ئاستىدا يېزىلغان، بۇنىڭدىن مەقسەت — ئەرەپلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت» (36) دەپ جاكالىغان. ئاپتور زەھىن قويۇپ تۈرك تىلى ئەدەبىياتىغا دائىر پارچىلاردىن 242 نى بۇ كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈپ، تۈرك تىلىنىڭ ئەرەپ تىلىدىن تېخىمۇ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى پارچىلاردا بۇرۇنلا خەنزۇ تىلىدىن ئارىيەت ئېلىنىپ تۈركى تىل سېستىمىسىغا كىرگەن سۆزلەر ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. توغرى كېلىپ قالغاچقا، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، 15 — ئەسىردە ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان دەپ ئاتالغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئەسىرى «ئىككى خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرۇلۇشى» نى يېزىپ، ئەدەبىي تىللار ئىچىدە 14 — ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا شەكىللەنگەن بىر نەچچە تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق يازما ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلىنىڭ پارس تىلىدىن تېخىمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

«قۇتادغۇبىلىگ» تە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيىسى بىلەن خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك ھالدا قوشۇلۇشى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

پۈتۈن كىتابتا ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەر كۆپ ئەمەس. ئاسترونومىيىگە دائىر بىر مۇنچە ئاتالغۇلار ۋە باشقا ئابستراكىت ئىسىملارنىڭ ھەممىسى تۈركى تىل ئاتالغۇلىرى ۋە تۈركى تىللاردا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت (37). بۇ ھال ياۋروپا تىللىرىدىكى زور كۆپ ساندىكى تېرمىنلارنىڭ ئەرەپ تىلىدىن كەلگەنلىكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. ئۆتكەندە بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى

www.uyghurkitap.com



پىرسىيىنىڭ ساسانى سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دىگەن داستانىغا تەقلىت قىلىپ يېزىلغان ئەسەر دەپ قارىدى. روشەنكى، بۇ، بىر سەپسەتىدىن ئىبارەت. شىبىر ۋەزنى ۋە ئايىرىم تەسۋىرلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىككى كىتاپتا پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلەنگەندىن باشقا، ژانىر، پىكىر ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىككى ئەسەر بىر - بىرىگە قىلچە يېقىن كەلمەيدۇ. چەتئەل ئالىملىرى ئارقا-ئارقىدىن: «قۇتادغۇبىلىگ» دىگەن كىتاپتا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى چىقىپ تۇرىدۇ. (38)، «بۇكتاپتا ھەم جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تەمسىللىرىنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيە ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ» (39) دەپ كورسىتىشتى. يەنە بەزىلەر تېخىمۇ كونكىرىت ھالدا كۆكزى تەلىماتىنىڭ بۇ كىتاپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ كوردى (40)؛ بەزىلەر بۇ كىتاپتا «يالغۇز لياۋسۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋىلاسوۋلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ ئىدىئولوگىك ئالاھىدىلىكى بار» دەپ ھىساپلىدى (41). بەزىلەر ھەتتا ئەجەپلەنگەن ھالدا: «ئۇ، قارىسىڭىز، خەنزۇچە ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن» دېيىشتى (42). بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويىدىغان بىر خىل خاتا تۇيغۇ، ئەلۋەتتە. ھەتتا يەنە بىر ئالىم گەرچە يېتەرلىك تارىخىي ماتىرىيال ئاساسى كەمچىل بولسىمۇ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەنزۇچىنى بىلىدىكەن، خەنزۇ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى بىۋاستە ئوقۇيالايدىكەن» دەپ ھوكۇم قىلدى (43). يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار بۇ جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى.

بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى تېخىمۇ كەڭ كولەمدە ئالماشتۇرۇلدى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ كوپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىغا قانداق تەسىر كورسەتكەنلىكىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. پىروفېسسور چېن خېڭ ئوزىنىڭ «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى غەربىي رايونلىقلارنىڭ خەنزۇلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇلاھىزە» دىگەن ئىلمىي ئەسىرىدە: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ھازىرقى جەنۇبىي روسىيىدىن ئورال تاغلىرى ئەتراپىغىچە تارقالغان، دەپ كورسەتكەن. قارىشىمىزچە، ئۇ بۇنداق تەسىرنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ يەردە قىزىقارلىق مۇنداق بىر پاكىتنى ئەسلەپ ئوتۇش كۇپايە قىلىدۇ: پارس ئەدەبىياتىدا مەشھۇر ئەسەرلەرگە قىستۇرما رەسىم قىلىپ بېرىلىدىغان «پىرسىيە نەپىس رەسىمى» موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە راۋاجلانغان،

« ئۇ قەدىمىي ئەنئەنە بىلەن يېڭىچە جۇڭگو - ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىنىڭ بىرىكىشى » بولۇپ ھېساپلىنىدۇ (44). ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىككى بوشلۇق ۋە ئۇلاردا تەتبىقلانغان تارقاق توچكىلارنى كۆزىتىش ۋە يەككە سىزىق بويىچە تەكشى بوياش ئۇسۇلى كىشىلەرنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى رەسىملىرىنى كۆرگەندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. رەسىم ئارقىلىق ئەدەبىياتنى سېلىشتۇرۇش كىشىلەرگە غايەت زور ئىلھام بېرەلمەمدۇ؟ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامانغا كەلسەك، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن قوبۇل قىلغان تەسىرى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىكتۇر. لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇن قاتارلىق مەشھۇر خەنزۇ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە تارقىتىلىشى، ماۋدۇن، ساكۇڭلياۋ قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ 30 - يىللاردا شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 30 - يىللاردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ يالغۇز ياشلار ئارىسىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، لۇشۈننى « بىزنىڭ گوركىمىز » دەپ ئاتاپلا قالماستىن، بەلكى گېزىت - ژۇرناللارغا ماقالا يېزىپ لۇشۈننى مەدھىلىگەن ئىدى. ئەخمەتجان قاسىم مىللى ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا لۇشۈننىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدا بىر تۈركۈم ئەڭ بۇرۇنقى « لۇشۈنچە » فېلىيەتونلار ئېلان قىلىنغان (45). ئىچكى رايونلار ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، يېقىنقى زاماندا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى پروزا ئىجادىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان باسقۇچقا قەدەم قويدى. بىرمۇنچە يېڭى ژانىرلار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ھەمىشە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى بېيىتىش، تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، ئۇلار نىڭ ئەدەبىياتىدا 10 نەچچە خىل يېزىق ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئېسىل تارىخ، دىن، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خاتىرىلەنگەن، تەرجىمە قىلىنغان، تارقىتىلغان ۋە ساقلانغان. بۇ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىدۇر (46). ئۇلار يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شۆھرەت قازىنىپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، ژانىر ۋە تېما ساھەسىنى كېڭەيتتى، ئېلىمىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئۇسلۇپ ۋە ئېقىملارنىڭ خىللىرىنى كۆپەيتتى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئېلىمىزدىكى

www.uyghurkitap.com



ئاساسى [illegible] مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىي بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق ـ شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ھاسىل قىلدى. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان „ قايتۇرما تەسىر “ شەكىللىرىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل توھپىسى ۋە تەسىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تارىختا خېلى زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە ناھايىتى چوڭ شۆھرەت ۋە ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كېيىنكى زامانلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆز مىللىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى „ ئىككى چوققىسى تەڭ تۇرىدىغان “ ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ بىرى دەپ ئاتالغان رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇستازى لى بەي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاساغۇنلۇق (سۇيئاپ ـــ قارا خانىلار خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى) ئۇيغۇر ئىدى؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچى گۇەن يۈنشى، مازۇچاڭ قاتارلىقلار جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا „ دائىم تىلغا ئېلىنىپ “ تۇراتتى، يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. بۇ يەردە ۋېي سۇلالىسى، جىن سۇلالىسى، شىنىڭدەك جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى «شىمال مىزىكا مەھكىمىسىدىكى خەلق ناخشىلىرى» نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئوتۇشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ناخشىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن 70 پارچە تېكستىنىڭ بىرمۇنچىسى شىنجاڭ رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بىر نەچچە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ياكى شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. لېكىن تاللاپ تەھرىرلىگۈچىنىڭ تىلى تەپسىلىي خاتىرىلەنمەگەنلىگى ۋە ئەسلىدىكى „ ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر “ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ساقلاپ قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئۇنىسى پەرقلەندۈرۈش تەس بولۇپ قالغان. بىر قەدەر روشەن بولغىنى ـــ شىمالىي چى دۆلىتىدىكى دۇلۇيجىن ئېيتىپ بەرگەن مەشھۇر «چىرىيە قوشاقلىرى» بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى تەتقىقاتچىلار بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن قەدىمقى زاماندىكى تۈركىي خەلق قوشاقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، تېما، تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ۋە يېتىلىش جەھەتتە تۈركىي خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ، ـ دەپ قارىدى ھەمدە ئۇنىڭ تېكستىنىڭ تىلى تۈركىي تىل بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلدى (47). ئەگەر بۇنداق سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ شېئىرلىرىدىكى „ ۋەزىنشۇناسلىق “ ۋە „ فونېتىكا “ دائىرىسىگىچە كېڭەيتىلسە، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. روشەنكى، بۇ سېلىشتۇرما تەتقىقاتتىكى بىر قەدەر قىيىنراق ئىش، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى كىشىنى ناھايىتى جەلىپ

قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەزى ئالىملارنىڭ «شېكسپىرنىڭ 14 مىسرالىق شېئىرلىرى جۇڭگو ئارقىلىق ئەرەپ شائىرلىرى تەرىپىدىن غەرپكە تارقالغان بولۇشى مۇمكىن» [48] دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان (ياكى تېخىمۇ سۆز بىلەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان) بىر ھالقا بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن.

## (4)

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۆتكەندە شىنجاڭدا ئاساسەن ئاق قالغان تارماق ئىدى. ھازىر قېرىنداش مىللەت ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى ۋە خەنزۇ ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئۇ، ئېلىمىزدە ئەۋج ئېلىنىۋاتقان، يېقىندىن بۇيان دۇنيادا بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىنىۋاتقان پەن تارماقلىرىنىڭ شىنجاڭدا تەتقىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغۇسى. بىراق، بۇ تەتقىقاتنى چوڭقۇر، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلىش لازىم: بىرىنچىدىن، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتىنى توغرا تونۇش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، غەرپنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى تەنقىدى قوبۇل قىلىش لازىم.

پۈتۈن مەملىكەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا «غەرپنى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسى» ياكى «شەرقنى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسى» نى يۆلەپ كۆككە كۆتۈرمەسلىك كېرەك؛ شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتقاندا، چوڭ دۆلەت زومىگەرلىكى ئۈچۈن مەدەت بەرمەسلىك ياكى چوڭ مىللەتچىلىكنى يۆلەپ كۆككە كۆتۈرمەسلىك كېرەك، بۇرۇنلا تارىخ ئەخلىتىگە ئايلىنىپ قالغان پان ئىسلامىزىم ياكى پان تۈركىزىمنى تەشۋىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇش ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايمىز. بۇ — ماركسىزىمچە ئەدەبىياتشۇناسلىق ئېچىپ بەرگەن ئەدەبىيات تەرەققىياتى قانۇنىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. ھەقىقەتەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان تارىخىي پاكىتلار ياكى نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى شەرھىلەپ بېرىش — ھەرگىز

www.uyghurkitap.com



« ۋەتەنگە ساتقۇنلۇق قىلغانلىق » ياكى « دۆلەتنىڭ ئابرۇيى، مىللەتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان سالغانلىق » بولمايدۇ. قىلچە باغلىنىشلىقى بولمىغان ئەسەرلەر بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولسىلا، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ .

سېلىشتۇرۇش ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ۋە ۋاستە. ماركس ، ئېنگېلسلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئەدەبىي – سەنئەت ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ .ماركس ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى يىگىرۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان . يولداش ماۋزېدۇڭمۇ بۇرۇنلا : « سېلىشتۇرغاندا ئاندىن پەرقلەندۇرگىلى بولىدۇ » دەپ كۆرسەتكەن . بىز سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، سىرتتىن كەلگەن ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىنى پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تەسىرى ۋە

توھپىسىنىمۇ پەرق ئېتەلەيمىز .

سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىق غەرپتە ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئېقىملار بارلىققا كەلگەن . بۇ ئېقىملارنىڭ نەزەرىيىلىرى، تەشەببۇسلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بىر – بىرىگە ئوخشىمايدۇ . بىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز غەرپكە قارىغاندا بىر ئەسىرگە يېقىن ئارقىدا قالدى، بۇ پۈتۈنلەي يامان ئىش ئەمەس. تارىخ بىزگە ئالدىنقىلارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى « سېلىشتۇرۇش » پۈرسىتىنى يارىتىپ بەردى . بىز « تەنقىدىي قوبۇل قىلىش » ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، ھەر قايسى ئېقىملارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىمىز ، ھەرقايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەڭ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم . مەيلى فرانسىيە ئېقىمى، ئامېرىكا ئېقىمى ، گېرمانىيە ئېقىمى بولسۇن ياكى روسىيە ئېقىمى بولسۇن، بىزگە « پايدىلىق » يېرى بولىدىكەن ، ئۇنى « ئېلىپ كىرىشىمىز » لازىم . ھەرقايسى ئېقىملارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ، يېتەرسىزلىكىنى تۈگەتكەن، « چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان » دىلا، بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى قوزغايدىغان جۇڭگوچە ئېقىمنى شەكىللەندۈرەلەيمىز . روسىيە ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى ئا . ن . ۋېشىروۋىسكى قاتارلىقلارغىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشىمىز لازىم، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا « بۇرژۇئا ئەدەبىياتشۇناسلىقى نەزەرىيىسى » دەپ چاكالىنىپ ، ئۇنىڭغا « ئۇزۇل – كېسىل زەربە بېرىش » ، ئۇنىڭ «ئىلىم – پەنگە قارشى ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاش » لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى، بۇ — سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، مەدەنىيەت مەسىلىسىدە يۈز بەرگەن ئىنتايىن « سول » ئېغىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەرەققىي قىلىپ

چوڭ دۆلەت زومىگەرلىكى ۋە چوڭ دۆلەت شوۋىنىزىمىغا ئايلىنىپ كېتىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ۋىشروۋىسكى نەزەرىيىسىگە بولغان بۇنداق تونۇش 50 - يىللاردا ئەدەبىيات - سەنئەت دەرسلىكى شەكلىدە ئېلىمىزدە تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان ھەممە ھېچبولمىغاندا خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن. ۋىشروۋىسكىنىڭ ئاتالمىش «تارقىلىۋچان سىيۇژېت نەزەرىيىسى خاتالىقى» نى تەنقىت قىلىش بىزنىڭ ئەپەندى لەتىپىلىرىنى توغرا تەتقىق قىلىشىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ۋىشروۋىسكىنىڭ نەزەرىيىسى تامامەن خاتا نەرسە ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئورنەك قىلىشقا بولىدىغان ئېقىلغا مۇۋاپىق قىسمىمۇ بار ئىدى. ۋىشروۋىسكى نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەنقىتنى قوزغىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ 60 - يىللاردىن بۇيان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى پەيدىن - پەي ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى ھەممە ۋىشروۋىسكىغىمۇ تارىختىن مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىپ، ئۇنىڭ روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئارقا - ئارقىدىن يازغان مەخسۇس ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، دوكتۇر لىيۇ سىسىل مۇنداق كۆرسەتكەن: «جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى خوشنا دۆلەتلەر شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى خوشنا دۆلەتلەرنىڭ بېرىش - كېلىشلىرى ۋە ئىنكاسلىرى ئىلگىرىكى ئىزچىل قاراشلاردىكىدىن كۆپ بولغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت قېلىپىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئۆزىنىڭ روشەن بولغان، ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىغان سىتخىيىلىكىنى ساقلاپ قالغان. بۇ جۇڭگونىڭ، دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغان، دىگەن سۆزنىڭ ھەقىقى مەنىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇرۇن جۇڭگو چەتئەللەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان. لېكىن، بۇ خىل ئۇچرىشىش ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم - پەن ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن» [49]. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنداق تەھلىل ئوبيېكتىپ ۋە دەل مۇۋاپىق تەھلىل بولۇپ، تەبىكى، ئۇ شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات — دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي پائالىيىتىنىڭ كۆرۈنىشى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۇ بىزگە تېخىمۇ كۆپ ھالدا: دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەرگىز بىر مۇقىم مەركەزنى ئوق قىلىپ ئايلىنىۋەرمەيدىغانلىقىنى، غەرپنىڭ ھەممە نەرسىسىنىڭ ئىلغار بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، شەرقنىڭمۇ ھەممە نەرسىسىنىڭ قالاق بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئوتتۇشى بىلەن شەرقنىڭ ئىلغار بولغان ۋاقتى، غەرپنىڭ ئارقىدا قالغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان! ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ توھپىسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردا ئىلگىرى - كېيىنلىك، چوڭ - كىچىكلىك ۋە ئاز - كۆپلۈك پەرقى بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەزەلدىن يۇقۇرى - تۆۋەنلىك، قەدىرلىك - پەسلىك پەرقى بولغان ئەمەس!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىزاھاتلار :

① « شىنجاڭ ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل تۇنجى سانىغا بېسىلغان .

② بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكىستان چېگرىسى ئىچىدە .

③ ( سوۋېت ئىتتىپاقى ) ۋ . ۋ . بارتولد : « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى » ، 18 - بەت .

④ ( ئامېرىكا ) خەيس ، مۇئىن ، ۋىلان بىرلىشىپ يازغان ئەسەر : « دۇنيا تارىخى » 1 - توم ، 313 - بەت .

⑤ بۇ — فرانسىيىنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئېتىمبورگىنىڭ نۇقتىسىنەزىرى . « چەتئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى » ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان « سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ، فرانسىيە ئېقىمى ۋە ئامېرىكا ئېقىمى » دېگەن ماقالىغا قارالسۇن .

⑥ پەن گۋاڭدەن : « جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى يەھۇدىلەرگە ئائىت بەزى تارىخىي مەسىلىلەر » ، « جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى » ژورنىلى ، 1980 - يىل ، 3 - سان .

⑦ « باللادا » — فرانسۇز تىلىدىكى baIIade ، نېمىس تىلىدىكى ballada ، رۇس يېزىقىدىكى ballada نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، خەنزۇ تىلىدا 叙事谣曲 دەپ تەرجىمە قىلىنغان . بۇ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئېپىك خاراكتېرلىك قاپىيىداش خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل قاتارلىقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار . شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپا كىلاسسىك مۇزىكىسىدىمۇ باللادا ژانىرى بار . بەزى مەشھۇر يازغۇچىلار ، مەسىلەن ، گېيوتې ، شىللېر ، پوشكىن قاتارلىقلار « باللادا » ژانىرىغا كىرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان . 叙事诗, 民谭,

⑧ ھازىر بۇلغارىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىدە كىنو قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ئېكرانغا ئېلىپ چىقىلغان .

⑨ چېيەن جۇجۇن ، شېن گۇەنشېڭ : « ئەرەپ شېئىرىيىتىنىڭ پادىشاسى — ئەخمەت شاھ » ، « ئەرەپلەر ۋە دۇنيا » ، 1981 - يىل ، 2 - سان .

⑩ ( ئامېرىكا ) شىت : « ئەرەپلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، خەنزۇچە نەشرى ، 204 - بەت .

⑪ ( مىسىر ) ساۋا . خىروس : « ئىنگلىز تىلىدىكى ئەرەپچە تاق سۆزلەر » ، « ئەرەپ

دۇنيا سى » ژورنىلىنىڭ 1981 – يىلى 1 – ، 2 – سانلىرى .

⑫ ( فرانسىيە ) بازىر . بىوس . پىلافارگ . پىچ : « چوڭ زىمىندىكى گىولدۇرماما » Lafərr en colere . « دۇنيادىكى كىتاپلار » A توپلام ، 1981 – يىلى ، 4 – سان .

⑬ لافارگ : « توي قوشاقلىرى ۋە ئادەتلىرى توغرىسىدا » ، « لافارگنىڭ ئەدەبىيات ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما » ، 11 – ، 12 – ، بەتلەر .

⑭ گېي باۋچۇەن : « ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى » ، « ھەرخىل بىلىملەر » ژورنىلىنىڭ ئومۇمى 195 – سانىنىڭ 35 – بېتىگە قارالسۇن .

⑮ شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر ، خەنزۇ ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى ئارقا – ئارقىدىن « سەلەي چاققاننىڭ يېڭى لەتىپىلىرى » نى يىغىپ ، رەتلەپ ۋە ئېلان قىلىپ ، بىزنىڭ بالدۇر بىلگەنلىرىمىزنى تولۇقلىدى .

⑯ بۇ لەتىپىلەرنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كورمەكچى بولغانلار جىڭ بىڭجى تەرجىمە قىلغان « ئالدار كوسا لەتىپىلىرى » نى كورسە بولىدۇ . « شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ژورنىلى، 1981 – يىل ، 1 – سان .

⑰ ( ئامېرىكا ) شىت : « ئەرەپلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، 122 – بەت .

⑱ ( مىسىر ) ئەخمەت. ئىمىن : « ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ سۇبھى مەزگىلى » ، « شەرق ئەدەبىياتى توغرىسىدا مەخسۇس توپلام » ، ( 1 – توپلام ) .

⑲ ( مىسىر ) تاھا . ھۈسەيىن : « ئەرەپ ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىر نەچچە چوڭ ئەدەبىيات ئىچىدىكى ئورنى » ، « شەرق ئەدەبىياتى توغرىسىدا مەخسۇس توپلام » ، ( 1 – توپلام ) .

⑳ ( ئامېرىكا ) شىت : « ئەرەپلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، 118 – بەت .

㉑ جۇيىلياڭ ، ۋۇزىچىن تۈزگەن : « دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى » ( ئوتتۇرا قەدىمقى زامان قىسمى ) ، 97 – ، 98 – بەتلەر .

㉒ ( ئامېرىكا ) شىت : « ئەرەپلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، 278 – ، 281 – ، بەتلەر .

㉓ ئېنگىلىسنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە : بۇ تارىختىي داستان 11 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەسەر ئىكەن . خۇاڭ چىڭيۈنىڭ « غەرپتىكى تەبەسسۇم ۋە شەرقتىكى توي » دىگەن ماقالىسىغا قارالسۇن، « ياش چىڭ كەچلىك گېزىتى » نىڭ 1981 – يىلى 21 – نويابىردىكى سانىنىڭ ئىككىنچى بېتىگە بېسىلغان .

㉔ « تۈركى تىللار دىۋانى » ، كىرىش سوز، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 – توم، 9 – بەت . 1981 – يىلى 9 – ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(25) ( سوۋېت ئىنتسىپاقى ۋ . ۋ بارتولد : « موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى تۈركىستان » .

(26) « تۈركى تىللار دىۋانى » ، « كىرىش سۆز » ئۇيغۇرچە نەشرى ، 10 – بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

(27) ( سوۋېت ئىنتسىپاقى ) ۋ . ۋ . بارتولد : « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى » 25 – بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

(28) گىڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان : « قۇتادغۇبىلىگ » نىڭ خەنزۇچە نەشرى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 – يىل 8 – ئايدا نەشر قىلىنغان .

(29) ر . جارى ( ئۇيغۇر ) تۈزگەن : « پەرھات – شىرىن » « مۇقەددىمە » ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

(30) ( ئامېرىكا ) خەيس ، مۇئىن ، ۋىلان بىرلىشىپ يازغان ئەسەر : « دۇنيا تارىخى » ئوتتۇرا قىسمى ، 688 – بەت .

(31) ( ئەنگلىيە ) پىرومېتىن : « سوۋېت ئىنتسىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېولوگىيىسى » ، ( شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى تەرىپىدىن 1981 – يىلى نەشر قىلدۇرۇلغان )

(32) « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، ( شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ) 1 – قىسمى 165 – بەت .

(33) ك . پ . مالوۋ : « قەدىمقى تۈركى يېزىقتىكى ھۆججەتلەر » ، لى جىڭۋېينىڭ « ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ( ئالتۇن ياروق ) توغرىسىدا » دىگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى .

(34) ( مىسىر ) تاھا . ھۈسەيىن : « ئەرەپ ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىر نەچچە چوڭ ئەدەبىياتقا تەسىرى » ، « شەرق ئەدەبىياتى توغرىسىدا مەخسۇس توپلام » ، ( 1 – توپلام ) .

(35) ئابدۇشۈكۈر تۇردى ( ئۇيغۇر ) : « مەشرەپ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىۋى » ( خەلقارا 2 – نۆۋەتلىك تۈرك فولكلورى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ، 1981 – يىلى تۈركىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ) .

(36) « تۈركى تىللار دىۋانى » ، « كىرىش سۆز » ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1981 – يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ) .

(37) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : « ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 – ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە

فىلاسوفى يۈسۈپ خاس ھاجىپ »، « شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى »، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، 1981 - يىل، 3 - سان.

38 (سوۋېت ئىتتىپاقى) ۋ. ۋ. بارتولد: « موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى تۈركىستان » دىگەن كىتاپقا قارالسۇن، ۋېنگىرىيە ئالىمى ۋامبېرىمۇ شۇنداق قارايدۇ.

39 (تۈركىيە) رەشىت رەھمەتى ئارات: « قۇتادغۇ بىلىگ »، ( 1 - توپلام) 1 - بەت، (ئىستانبۇل، 1947 - يىل نەشرى)

40 (تۈركىيە) س. مەخسۇدى: « تۈرك تارىخى ۋە قانۇن »، 64 - بەت (1947 - يىل نەشرى).

41 (تۈركىيە) نەجىپ ئاسىم: « تۈرك تارىخى »، « قۇتادغۇ بىلىگ » بابى.

42 (ۋېنگىرىيە) ج. تېيورى: « 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تۈركى تىل مىراسلىرى »، 2 - توم، 91 - بەت (116 - يىل نەشرى).

43 (تۈركىيە) ئا. دىلاچار: « قۇتادغۇبىلىگ تەتقىقاتى »، 22 -، 148 - بەتلەر، (1972 - يىل نەشرى).

44 (ئاۋىستىرىيە) كورت خورتىر: « پىرسىيە نەپىس رەسىملىرى » 1951 - يىل، ۋېنا نەشرى، « دۇنيا گۈزەل سەنئىتى » ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 4 - سانىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

45 توختى باقى (ئۇيغۇر): « لۇشۈن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا »، « شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى »، 1981 - يىل، 2 - سان.

46 « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى »، 1 - قىسمى.

47 ئابدۇشۈكۈر تۇردى، خېيى گۇەنجۇڭ: «، تۈركى تىللار دىۋانى، » غا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلارنىڭ تەرجىمىسىدىن تاللانمىلار »، « كىرىش سۆز ». « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلى (خەنزۇچە نۇسخىسى).

48 جاۋ رۇيخۇڭنىڭ: « سونىتلەر ئېھتىمال جۇڭگودىن ياۋروپاغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن » دىگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. « چەتئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى » ژورنىلى 1982 - يىل، 2 - سان.

49 (ئەنگلىيە) لىۋسىن: « جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تارىخى » 1 - توم، 2 - كىتاپ، 1975 - يىلى ئىلىم - پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

يۈسۈپ ھۈسەيىن تەرجىمىسى

# تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش ( 1 - قىسىم )

شۈي زۇڭجىڭ

**تەھرىر ئىلاۋىسى :** ئاكادېمىيىمىزنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنىستىتۇتى قەدىمقى زامان تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداش شۈي زۇڭجىڭ كۆپ يىلغىچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، « قەدىمقى تۈرك خانلىقى تارىخى » دېگەن كىتابىنى يېزىۋاتىدۇ ، پۈتۈن كىتاب (1) تۈركلەر ئەجدادى ھەققىدىكى راۋايەتلەر توغرىسىدا ئازغىنە يېڭىچە پىكىر ؛ (2) تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش ؛ (3) غەربىي تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە مۇستەقىللىقى ؛ (4) شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە زەئىپلىشىشى ؛ (5) غەيرى پامىلىلىك تۈركلەرنىڭ قوزغىلىڭى ۋەسور — تاردۇشلار خانلىقى ؛ (6) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلەردىكى سىياسى جەھەتتىكى تالاش - تارتىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زەئىپلىشىپ يوقىلىشى ؛ (7) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ باش كۆتىرىپ چىقىشى ؛ (8) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىپ يوقىلىشى ؛ (9) تۈرگىش خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە يوقىلىشى ؛ (10) قەدىمقى تۈرك مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت جەمئىي ئون بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . خەت سانى 300 مىڭغا يېقىن بولغان بۇ كىتابنىڭ بەش بابى يېزىلىپ بولدى ، بىز بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بابىنى ژورنىلىمىزنىڭ ئىككى سانىغا ئارقا - ئارقىدىن بېسىپ ، كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنماقچىمىز .

مىلادى 6 - ئەسىردە، تارىخ سەھنىسىدە يېپ - يېڭى بىر شىمالىي ئاسىيا مىللىتى باش كۆتىرىپ چىقتى، ئۇلار شەرقتە جۇجانلارنى، غەربتە ئېفتالىتلارنى يوقاتتى ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، جەنۇپتا خۇۋاشىيا ( خەنزۇ ) غىچە قىستاپ بېرىپ ، كوچمەن چارۋىچىلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى

قۇدرەتلىك خانلىغىنى قۇردى. بۇ مىللەت ئاشىنا ئۇرۇغىنى يادرو، دىل* (تېلى) لارنى ئاساسىي كوپەيتكۈچى قىلغان تۈرك مىللىتىدۇر. مىلادى 460 - يىلى ئاشىنا ئۇرۇغى قوچو (ئىدىقۇت) نىڭ شىمالىغا كۆچكەندىن تارتىپ، تاسپار قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، تۈرك خانلىغى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنگە قەدەر بولغان دەۋرنى، تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى تارىخ تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاۋالقى راۋايەت دەۋرىگە تۇتىشىدۇ، بۇ ھەقتە يازما يادىكارلىقلاردا ئاز - تولا خاتىرە بولسىمۇ، ئەمما تەپسىلى بايان قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۇ ماقالىغا «ئىزدىنىش» دەپ ماۋزۇ قويدۇم.

## 1. جۇجان، ئىگىز قاڭقىللارنىڭ كۆچىيىشى - زەئىپلىشىشى ۋە ئازىيىشى - كوپىيىشى بىلەن ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن قوچونىڭ شىمالىدىكى تاقىقا كوچۇشى

مىلادى 460 - يىلى ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردە باشلانغان ئەڭ ئاخىرقى كوچۇشى چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كورۇنىشكە ئىگە، شۇ قېتىمقى كوچۇش، جۇجان، ئىگىز قاڭقىلدىن ئىبارەت موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى ئىككى قۇدرەتلىك دولەتنىڭ كۈچىيىشى - زەئىپلىشىشى ۋە ئاھالىسىنىڭ كوپىيىشى — ئازىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ تۈرك مىللىتىگە ئۇزگىرىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ باسقۇچ بولغان.

### (1) جۇجانلار بىلەن ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ مۇنقەرىز بولۇپ قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغدا پاناھلىنىشى

جۇجانلار( 柔然 روەن)بەزىدە رۇرۇ( 茹茹 )دەپ ئاتالغان بولۇپ، «شەرقىي خۇلارغا تەۋە مىياۋ*

---

* ئاپتور ئۇزى يېزىۋاتقان كىتاۋىنىڭ 1 - بابىدا دىلى، تېلى، دىڭلىن دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى دىل دىگەن نامنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قارىغاچقا، شۇبويىچە ئىپلىندى — ت.

* مياۋ - قەدىمقى مىللەت نامى، راۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇن دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىغا كوچۇرۇلگەن — ت.

www.uyghurkitap.com



ئەۋلاتلىرى » ① ، ئۇلار ئىرق جەھەتتىن موڭغۇل ئىرقىغا ، تىل جەھەتتىن ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۇڭگۇس تىل تارمىقىغا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ نامى يەنە (芮芮 رۇيرۇي، 擅擅 شەنشەن ، 蠕蠕 رۇرۇ) دەپمۇ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «رۇرۇ» ( 蠕蠕 ) دېگەن نام ، شىمالىي ۋېي خانلىقىدىكىلەرنىڭ جۇجانلارنى كەمسىتىپ ئاتىغان نامى، يا پونىيىلىك ئالىم بەيئۇ كۇجىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ناملار ئوتتۇرا قەدىمقى دەۋردە ژۇژېن ياكى ژوژو دەپ ئوقۇلغان ② . جۇجانلار ئەسلىدە ئورخۇن دەرياسى بىلەن تۇلا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشىغان، 5 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا تۇلىنىڭ تىن دەۋرىدە ، ئۇلار تەدرىجى كۆچۈپ، خۇن ، سيانپىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ، ئۇلار جەنۇپتا ۋېي خانلىقىغا ، غەرپتە ئېفتالىت ۋە يابانلارغا قارشى تۇرۇپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرگەن ۋە دىل ( تېلى ) لارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان، ۋېي دۆلىتىنىڭ خانى ئىلگىرى ــ كېيىن بىرنەچچە قېتىم زور كۆلەملىك شىمالغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، بۇ قۇدرەتلىك كۈچنى بويسۇندۇرالمىغان. جۇجان قەبىلىلىرى ئەسلىدە ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن قالاق بولۇپ، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي رايوندىكى قەلئەلىك بەگلىكلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇلاردا تەدرىجى ھالدا مۇھىم ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تارىخىي مەزمۇنىنى ۋېي دۆلىتى تەيزۇ خانىنىڭ : « جۇجانلار بۇرۇندىنلا جاھىل ئىدى، ئۇلار ھەر قېتىم بۇلاڭچىلىققا كەلگەندە ، ئۆزۈغا ئىنەكنى چېتىپ ھايداپ كېلەتتى، ئىنەك ماڭماي يېتىۋالسا ، ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيتتى، باشقا قەبىلىدىكىلەردىن بەزىلەر ئۇلارغا ئىنەكنى ئۆزۈغا ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسەتسە ، جۇجانلار ئۇنىڭ ئانىسى ماڭماي ۋاتقان يەردە بالىسى قانداق ماڭسۇن! ، دەپ تىڭشىمىدى، ئەتىجىدە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالاتتى . ھازىر تۇلۇن دەۋرىدە ئۇلار جۇڭگودىن ئۆگىنىپ، قانۇن تۈزۈپ، ئىستىھكام قۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان بولدى ۋە چېگرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى .» ③ دېگەن بىر ئابزاس مۇھاكىمە سۆزى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ، تاكى ياگىيالىك گاج قاغان، تەگرى قاغان ۋە دىجىبى ( dJe ) قاغان دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشقان . دىسىلا ( dsila ) قاغان دەۋرىدە، جۇجانلار غەربىي رايوننى شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن تېخىمۇ كەسكىن تۈردە تالاشقان. مىلادى 422 – يىلى ( شىمالىي ليانگنىڭ شۈەنشى 11 – يىلى ) ، غەربىي ليانگنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان لى باۋ ئۆزىنىڭ يولەنچۈگى ئاكا ــ ئۇكا تاڭچى، تاڭخېلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارنى باركۆلگە ئورۇنلاشتۇرغان ، ۋە ئۇلارنى ئىئۇرغول ( ھازىرقى قۇمۇل ناھىيىسى ) نىڭ خانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلاردىن

ئاشلىق – رەخت سېلىقى ئېلىپ تۇرغان، كېيىن تاڭچى ۋېيخانلىقىغا بەيئەت قىلماقچى بولغاندا، جۇجانـلارنىڭ دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ زەربە بېرىشى بىلەن بىراقلا يوقۇتۇلغان، مىلادى 439- يىلى ( يۈڭخېنىڭ 7 – يىلى )، شىمالىي ۋېي خانلىقى شىمالىي لياڭنى يوقاتقاندىن كېيىن، قۇتقۇ ئۇرۇغى خان جەمەتىنىڭ قالدۇق ئەۋلاتلىرى غەربتىكى قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، قوچو ( ئىدىقۇت ) دا قۇتقۇ ئۇرۇغىدىكىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، بۇ ھاكىمىيەت ئىگەللىگەن جايلار يىپەك يولىنى قامال قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ شىمالدىكى جۇجانلارغا بويسۇنماي جەنۇبتىكى سۇڭ خانلىقىغا ئىتائەت قىلغانلىقى، تەبىكى جۇجانلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىغان، مىلادى 460 – يىلى ( سۇڭ خانلىقى دامىڭنىڭ 4 – يىلى )، جۇجان قوشۇنلىرى قوچوغا يۈرۈش قىلىپ „ قۇتقۇ ئەنجۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قۇتقۇ ئۇرۇغىدىكىلەرنى يوقاتقان " ④، ئۇلارنىڭ دولىتى „ جۇجانلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان " ⑤.

جۇجانلارنىڭ قۇتقۇ ئۇرۇغىدىكىلەر قۇرغان قوچو ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلىشىنىڭ مۇھىم ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى، قۇتقۇ ئۇرۇغىدىكىلەرگە بويسۇنۇپ كەلگەن ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەرنىڭ شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىدۇر.

تۈركلەرنىڭ يادرو ئۇرۇغى بولغان ئاشنا ئۇرۇغى ئۆز تەرەققىياتىدا، تارىختىن ئاۋالقى دەۋرلەردە كۆپ قېتىم كۆچكەن. مەن ئۆزەمنىڭ « تۈركلەر ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر توغرىسىدا ئازغىنە يىغىنچاق پىكىر » دېگەن ماقالامدا: تۈركلەرنىڭ يىراق ئەجدادى ئەسلىدە غەربىي دېڭىز ( ئارال دېڭىزى ) ساكلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار شەرقتىكى موڭغۇل دالاسىغا كۆچكەندىن كېيىن، خەن، ۋېي دەۋرلىرىدە خۇدات ( 呼揭 )، خۇداك ( 呼得 ) دەپ ئاتالغانلىقىنى، دولىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ قول – دىدەكلىرىگە ئايلانغانلىقىنى، ھۇنلار زەئىپلەشكەندە جەنۇبقا قېچىپ بېرىپ، جىن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ئارىلاشما خۇ دەپ ئاتالغانلىقىنى، تۈركلەرنىڭ يېقىنقى ئەجداتلىرىنىڭ تىگى – تەكتى، شىمالىي لياڭ پىڭلياڭ ( ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى پىڭلياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ) ئارىلاشما خۇلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدىم. بۇ ھەقتە چاڭسۇن ۋۇجى تۈزۈپ چىققان « سۇي نامە » نىڭ 84 – جىلدىدا: „ تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭلىق ئارىلاشما خۇلار بولۇپ، پامىلىسى ئاشنا ئىدى، كېيىن ۋېي دۆلىتىنىڭ تەيۋۇخانى قۇتقۇ ئۇرۇغىدىكىلەرنى يوقاتقاندا، ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەردىن 500 تۈتۈن جۇجانلار يېنىغا قېچىپ كەتتى ۋە ئالتاي تېغى ( ئالتۇن تاغ ) دا ئولتۇراقلىشىپ تۆمۈرچىلىك قىلدى، ئالتاي تېغىنىڭ شەكلى تۇركە ( دۇبۇلغا ) شەكلىدە بولغاچقا، ئۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر مۇشۇ نام بويىچە ئاتالدى " دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ تارىخىي ماتېرىيالدىن نۇرغۇن گۇمانلىق تەرەپلەرنى ئاسانلا تېپىۋې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدا قارىماققا ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ شىمالدىكى جۇجانلار يېنىغا قېچىپ بېرىشى بىلەن ۋېي دۆلىتى تەيۋۇ خانىنىڭ شىمالىي لياڭنى يوقۇتۇشى بىر يىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇنى باشقا يازما يادىكارلىقلاردىكى خاتىرىلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، مەسىلىنى ئۇنداق چۈشىنىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. 439 - يىلى، ۋېي قوشۇنلىرى شىمالىي لياڭنىڭ پايتەختى گۈزاڭ شەھرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، قۇتقۇ ئورۇغىدىكىلەر قۇرغان شىمالىي لياڭنىڭ خانى ۋۇماۋ ئۆزىنى باغلىتىپ ۋېي خانلىقىغا تەسلىم بولغان بولسىمۇ، ئەمما قۇتقۇ ئورۇغىدىكىلەر خان جەمەتىنىڭ ھوكۇمرانلىق نەسەبنامىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان، قۇتقۇ ۋۇخۇي، قۇتقۇ ئەنجۇلار قالدۇق قەۋمىنى باشلاپ غەربكە يەنى قوچوغا كۆچكەن، ئۇلارنىڭ ماڭغان يولۇشى شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ دەل شىمالى تەرىپىگە توغرى كېلىدۇ. «ئارىلاشما خۇ» دەپ ئاتالغان ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ قۇتقۇ ئورۇغىدىكىلەر ھوكۇمرانلىقىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كۆچۈشىگە شىمالىي ۋېي خانلىقى ئەمەس، بەلكى جۇجانلار تۈرتكە بولغان، شۇ قېتىمقى كۆچۈشمۇ 439 - يىلى ئەمەس، بەلكى 460 - يىلى بولغان.

شۇنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەككى، ئاشنا ئۇرۇغى جۇجانلار يېنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى بېسىم تۈپەيلىدىن قېچىپ بارغان، شۇڭا ئۇلار دەسلەپتە ئالتاي تېغىنى كۆچۈش نىشانىسى قىلماستىن بەلكى قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغنى نىشان قىلىپ كۆچكەن ۋە ئۇجايىدا بىر نەچچە دەۋر پانالىنىپ، ئاندىن ئالتاي تېغىغا بېرىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان. «جۇنامە» نىڭ 50 - جىلدىدا بايان قىلىنغان بورە ئەجداد ھەققىدىكى راۋايەتتە مۇشۇ تارىخىي مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ «سۇي نامە» دىكى بايان ئۈچۈن دەل تولۇقلىما بايان بولالايدۇ، چۈنكى قوچودىن شىمالدىكى ئالتاي تېغىغا كۆچۈش ئۈچۈن، قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغدىن ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ:

«(تۈركلەرنىڭ ئەجدادى — بورە) قوچو دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ كېتىپتۇ، تاغدا چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن، بۇ تەكشى جىلغىنىڭ دائىرىسى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىكەن، جىلغىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدىكەن، بورە شۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە پانالىنىپ، ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرتتىن خوتۇن ئېلىپتۇ، ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ، بالا تۇغۇپتۇ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم پامىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ پامىلىسى ئاشنا ئىكەن، بۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى كۆپىيىپ، بىر نەچچە يۈز تۈتۈنلۈككە يېتىپتۇ، بىر نەچچە دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار جىلغىدىن چىقىپ جۇجانلارغا بېقىندى بولۇپتۇ، شۇندىن باشلاپ، ئۇلار ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، جۇجانلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشىپتۇ.»

قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغ، يەنى ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا تامغان تېغى دەپ خاتىرىلەنگەن بۇ تاغ، «پادىشا ھوزۇرىدا يېزىلغان غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» غا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى تىيانشان (تەڭرى تېغى) نىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان بوغدا تېغىدۇر؛ لى گۇاڭيەن يازغان «خەن دەۋرىدىكى غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىسى ھەققىدە مۇلاھىزە» گە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاققا توغرى كېلىدۇ، ياپونىيىلىك سۇڭتىيەن شۇنەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇ تاغنىڭ ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ شۇيشىگۇ جىلغىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ⑥. شۇيشىگۇ جىلغىسى دەل ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ جاينىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىگى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان راۋايەتتە بايان قىلىنغان جىلغا ئىچىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاھىدىلىگى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ بۇ جايدىن چىقماي پانالانغانلىقى، ئۇلاردا جۇجانلارغا بەيئەت قىلىش نىيىتى يوقلىغىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«سۈي نامە. قوچو تەزكىرسى» دە: «(قوچو) نىڭ شىمالىدا قىزىلتاش تېغى بار، ئۇنىڭ شىمالىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تەنيۇ تېغى بولۇپ، ياز كونلىرىمۇ قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ تاغنىڭ شىمالى دىل (تېلى) لارغا چېگرىداش» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خاتىرىدە تامغان (贪汗) دىگەن ئىسىم، تەنيۇ (贪污) دەپ باشقىچە يېزىلىپ قالغان بولۇپ، قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغنى كورسىتىدۇ، بىز بۇنىڭدىن تامغان تېغى ئەتراپلىرى دىل (تېلى) لار تارقالغان رايون ئىكەنلىگىنى كورۈۋالالايمىز. تېلىلار يەنى دىللار، قەدىمقى دەۋردە دې (狄)، خەن دەۋردە دىڭلىن، ۋىي دەۋردە چۆلى دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىدىكى سانى ناھايەت كوپ قەدىمقى خەلقتۇر. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. دىل (تېلى) لار تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، دىل (تېلى) لارنىڭ ئوتتۇكەن تاغلىرىنىڭ غەربىدىن غەربىي دېڭىز (ئارال دېڭىزى) نىڭ شەرقىغىچە «تاغ ـ ئېدىرلارنى بويلاپ ماكانلاشقان» لىغىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئىچىدىكى قارا تەلپەك (چۆبە)، بۇرج، ئىسكە (ئازىلار)، سۇبۇ (سىپتا)، ناخ (ناگە)، ئوغۇز، قىرقىز، ئىرتوش (ئىكدىل)، ئونغۇ (ئونقۇ) قەبىلىلىرى ئۇۋرغول (ھازىرقى قومۇل ناھىيىسى) نىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالى ۋە تىيانشان (ئاقتاغ) ئەتىراپلىرىدا، سور ـ تاردۇش، جىلىر (جەرۆق)، زابىندىر، داك قاتارلىق قەبىلەر ئالتاي تېغىنىڭ غەربى جەنۇبىدا ياشىغان. ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەر شىمالغا كوچكەندىن كېيىن سانى ناھايەت كوپ بولغان دىللارنىڭ ئادەم دېڭىزىغا قوشۇلغان، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەشۇنداق مۇھىتنىڭ تاۋلىشى بىلەن ئەسلىدە غەربىي دېڭىز ساكلىرى ئۇرقىدىن بولغان ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەر تامەمەن دىللىشىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## (2) ئىگىز قاڭقىللار ۋە ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ ئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشى

جۇجانلارنىڭ بوكخۇدۇ قاغانى دەۋرىدە، مۇڭغۇل دالاسىنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش بىلەنلا، ئەسلىدە جۇجانلارغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن دىل (تېلى) لارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. ئۇلار ئىچىدىكى ئىگىز قاڭقىللىق دىگلىنلار 487 - يىلى ئاۋۇزلۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭ چىنىڭ باشچىلىقىدا «غەرپتە ئىسيان كۆتۈرۈپ ئالدىنقى قانقىلنىڭ غەربىي شىمالىغا بارغان، ئاۋۇزلۇ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ دۆلىتىدىكىلەر «ئۇنى كۆرلۈق بەگ» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ سۆز ۋېي خانلىغىدىكىلەرنىڭ ئۇلۇغ خان دىگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ؛ چۇڭچىنىڭ نامى «كۆل بەگ» بولۇپ، ۋېي خانلىغىدىكىلەرنىڭ خان دىگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئىككىسى ئىناق ئۆتۈپ، دۆلەتنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ باشقۇرغان، ئاۋۇزلۇ شىمالدا، چۇڭچى جەنۇپتا تۇرغان، دۆلۈننىڭ جازا يۈرۈشلىرى ھەر نۆۋەت ئاۋۇزلۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان»⑦. ئىگىز قاڭقىل دىگەن نام، ئىگىز قاڭقىللىق دىگلىن دىگەن نامنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، دىگلىنلار ئەمەلىيەتتە دىل (تېلى) لار بولۇپ، ئۇلار ئىگىز چاقلىق ھارۋىلاردا ئولتۇرۇپ يول يۈرۈشنى ياخشى كۆرگەچكە، يەنى «ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئىگىز، شادىسى كۆپ» ⑧ بولغاچقا، ئىگىز قاڭقىللار (ئىگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ دۆلىتى دې (دىھار)، باز، چارۇقلۇق (كۆلۈگۈ)، چەپنى، قىرقىز، قوغۇرسۇ، ئىتىپكىن قەبىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئىگىز قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىگىز قاڭقىللار يەنە شىبىل، تۇرلەم ئۇيبۈر، يىجان، سۇخا، دالان، داۋغان، ئارزۇغۇن، مورون، ئىۋا، مەركىت، چىئۇن (بىكقۇلو)، يۈسپلەردىن ئىبارەت 12 ئۇرۇغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىگىز قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ نامى دائىم ئارىلاشما قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان دىل (تېلى) لار بىلەن ئوخشاش نامدا ئاتالغان، مەسىلەن، ئىگىز قاڭقىللارنىڭ داۋغان قەبىلىسىنىڭ نامى دىل (تېلى) لاردىكى داڭ ئۇرۇغىنىڭ نامىدىن، «纥奚世» ئۇرۇغىنىڭ نامى دىل (تېلى) لاردىكى «吐如纥» (ھەر ئىككى خەنزۇچە نام تورگىش دىگەن نامنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى — ت) ئۇرۇغىنىڭ نامىدىن ئۆزگەرتىلىپ ئاتالغان، بۇنىڭدىن ئىگىز قاڭقىللار دىل (تېلى) لارنىڭ بىر قەدەر تەشكىللىك قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇلار قۇرغان دۆلەت ئالدىنقى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئالدىنقى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ يېرى بولسا، قوچو دۆلىتىنىڭ يېرى بىلەن تۇتاشقان، بۇ ئەھۋال، ئىگىز قاڭقىل دۆلىتىنىڭ جايلاشقان ئورنى قوچونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارغا توغرى كېلىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئاشىنا ئۇرۇغى 487 - يىلى يەنى قوچونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاققا كۆچۈپ بېرىپ 27 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىگىز قاڭقىللارغا بېقىندى بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قوچو دۆلىتى كۆچۈيگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇنىڭ شەرقىگە ئەينى چاغدا موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىغا زومىگەرلىك قىلىۋاتقان جۇجانلار، غەربىگە غەربىي رايوندا زومىگەرلىك قىلىۋاتقان ئېفتالىتلار جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان، ئىگىز قاڭقىللار ئېفتالىتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ چۆكچى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىتو ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئاۋۇزلۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئېپتالىتلارغا جۇجانلار بىلەن بولغان زومىگەرلىك تالىشىشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىگىز قاڭقىللارنى كونترول قىلىشقا، مىتونى يۆلەپ تەختكە چىقىرىشقا ۋە ئۇنى قوراللىق كۈچ بىلەن دۆلىتىگىچە ئاپىرىپ قويۇشقا توغرى كەلگەن، 508 - يىلى، مىتو ئېفتالىتلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا جۇجانلارنىڭ ئۇتاخان قاغانى بوگدا بىلەن بارىكولدە ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن غەرپكە كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن، ئۇتاخاننىڭ قوشۇنلىرى ئۇۋرغولنىڭ شىمالىدىكى تاققا ئورۇنلاشقان. دەل شۇ چاغدا قوچو خانى چۈيجا ۋېي خانلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈش تەلىۋىنى يەتكۈزگەن، ۋېي خانلىقى لۈكشياڭنىڭ سانغۇنى (سەنگۈنى) مىڭۋېينى زور قوشۇن بىلەن ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇلار جۇجان قوشۇنلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن جۇجانلار، ئىگىز قاڭقىللار بىلەن ۋېي خانلىقى بىرلىشىپ، بىزنى قىستاپ ھوجۇم قىلماقچى بولىۋاتىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ، ئالدىراپ - تىنەپ چېكىنگەن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىگىز قاڭقىللار ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، بارىكولدە ئۇتاخان قاغاننى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى مىڭۋېيگە ئەۋەتكەن ھەم ئەلچى ئارقىلىق ۋېي خانلىقىغا سوۋغات يوللىغان.

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 98 - جىلد ئىگىز قاڭقىللار تەزكىرىسىدە: «ئىگىز قاڭقىللار، قەدىمقى دى (دىھار) لارنىڭ كېيىنكى ئۇرۇغى بولۇپ، دەسلەپتە دىلى (狄历) دەپ ئاتىلاتتى، شىماللىقلار ئىگىز قاڭقىللىق دىڭلىنلار دەپ ئاتايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىگىز قاڭقىل دېگەن نام ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن ئاتالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا ئىگىز

قاڭقىلىلار ئۆزلىرىنى نىمە دەپ ئاتىغان ؟ مەن غەرپىنىڭ كىتاپلىرىدا ئاۋارىس دىيىلگەن يەنى گىرىكلار ئابارىرس دەپ ئاتىغان خەلقلەرنى، چاۋانىس قاتارلىقلار ئاۋارىسلار — جۇجانلار دۇر ، دىگەن كوز قاراشنى تەشەببۇس قىلىشى بىلەنلا، ئومۇمىخۇر باشلىنىش بىلەن باشقىلارمۇ تەكلا قوشۇلغاندەك ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ كوز قارىشى ئىلىم ساھەسىدە ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغان دەپ ھىساپلايمەن. ۋاھالەنكى، چوڭقۇر ئىزدىنىپ كورۇلسە، ئۇ خىل قاراشنىڭ دەلىللىرى يىتەرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ، ( 1 ) ئاۋارىس دىگەن نامىنىڭ ئوقۇلىشى بىلەن ژۇژىن ( 柔然 ) ، ۋو ۋو ( 茹茹 vo vo ) دىگەن نامىلارنىڭ ئوقۇلىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ مىنىڭ گۇمانلىنىشىمدىكى 1 - سەۋەپ، ( 2 ) ئاۋارىسلار غەرپكە، جۇجانلار شەرققە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىگىز قاڭقىللار جايلاشقان بولغاچقا، ئاۋارىسلار بىلەن جۇجانلارنىڭ يىرى ئوز - ئارا تۇتاشمايدۇ، بۇ مىنىڭ گۇمانلىنىشىمدىكى 2 - سەۋەپ، ( 3 ) جۇجانلار بىلەن ئىپتالىتلار كونا رەقىپلەردىن بولغاچقا، مەغلۇپ قىلىنغان جۇجانلارغا ئۇلارنىڭ باشپانا بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى تارىخنامىلاردا ئاۋارىسلارنىڭ غەرپتىكى ئىپتالىتلار يىنىغا قىچىپ بارغانلىغى خاتىرىلەنگەن، بۇ مىنىڭ گۇمانلىنىشىمدىكى 3 - سەۋەپ، يۇقۇرقى ئۈچ گۇماندىن ئاۋارىسلارنىڭ ھەرگىزمۇ جۇجانلار ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە يۇرگۇزۇپ: ( 1 ) يادرو قەبىلە ئارقىلىق بۇنى ئىسپاتلىغاندا: قەدىمقى دەۋرلەردە دولەت نامىنى دائىم دىگىدەك شۇ دولەتتىكى يادرو قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان، ئىگىز قاڭقىللارنىڭ يادرو قەبىلىسى ئاۋارىس (副伏罗) لار بولغان. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. ئىگىز قاڭقىللار تەزكىرسى» دە: „بۇرۇن ئاۋارىس قەبىلىسى جۇجانلار تەرىپىدىن قۇل قىلىناتتى، دۇلۇن دەۋرىدە جۇجانلاردا قالايمىقانچىلىق يۈز بىرىپ ، دولىتى پارچىلىنىپ كەتتى، ئاۋارىسلاردىن ئاۋۇزلۇ بىلەن ئىنىسى چۇڭچى ئىگىز قاڭقىللارنىڭ ئون تۇمەندىن ئارتۇق تۇتۇنىگە باشچىلىق قىلدى“ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئىگىز قاڭقىل دولىتىنى قۇرغۇچى خانلار — ئاۋۇزلۇ بىلەن چۇڭچىلارنىڭ ئاۋارىس قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يىلنامە» نىڭ 156 - جىلدىدا «ۋېي نامە» دىن شاپائەتلىك جىڭدى خانىنىڭ شىنئىي 2 - يىلى( 540 - يىلى ) :„ ئاۋۇزلۇخان ئاۋارىسلارنىڭ پادىشاسى بولۇپ، مىھمان سۈپىتىدە ئوردىغا كەلدى ۋە خانلىقىمىزغا بەيئەت قىلدى، ئۇنىڭغا ئاۋارىسلار ( ئىگىز قاڭقىل ) خانى دىگەن ئۇنۋان بىرىلدى“ دىگەن بايان نەقىل كەلتۇرۇلگەن، بۇ يازما ماتىرىيال، ئاۋۇزلۇ = ئاۋارىس = ئىگىز قاڭقىللار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىرىدۇ. ئۇلارنىڭ دولەت نامى ئەمەلىيەتتە يادرو قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش بولغان. ( 2 ) ئاۋارىس ( 副伏罗 ) نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئارقىلىق ئىسپاتلىغاندا:

« 副 » 4 – ئاھاڭدىكى « 宥 » ( iəu ) گە، يىنىك ئاھاڭدىكى (uk، İuk) كە، بۇ يىنىك ئاھاڭدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا ( wək، iək) كە تەئەللۇق بولۇپ، « ə »، « w » غا نوۋەتلىشىدۇ، يىنىك ئاھاڭدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، « iəK » 3 – يۈنمۇ غا تەئەللۇق بولىدۇ، « 伏 » يىنىك ئاھاڭدىكى « 屑 » ( iətiwət )كە تەئەللۇق بولۇپ، « تەلەپپۇز » قىلىنغاندا « t » « K » غا ئالمىشىپ، (iək، iwək) دەپ ئوقۇلۇپ 2 – يۈنمۇغا تەئەللۇق بولىدۇ ، قەدىمقى دەۋردە لەۋ چىڭجۈپلۈشۈپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولسا، ھازىر لەۋ بوش جۈپلۈشۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلاردىكى تون « 帮 » نىڭ يۈنمۇسى ( b ) بولىدۇ، « 罗 » نى چەتئەل تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، كۆپىنچە « ra » دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ، « 副伏罗 » نىڭ ئوتتۇرا قەدىمقى دەۋردىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى « “ukbiətra” » بولۇپ، كېيىن لەۋلەشكەن لەۋ ھەركىتى لەۋلەشمىگەن لەۋ ھەركىتىگە ئۆزگىرىپ « abiəra » دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان، بۇ دەل گىرىك يېزىقىدىكى « Abareis » نىڭ ئوقۇلۇشىغا ئوخشايدۇ. ( 3 ) جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئىسپاتلىغاندا: پىرىسۇسنىڭ كىتاۋىدا، 461 – يىلىدىن 465 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاۋارېسلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ سابىرېسلار يېرىگە تۇتاش ئۆز ماكانلىرىغا قاچقانلىقى خاتىرىلەنگەن ، ئۇنىڭدىن باشقا ، مېرئاندېرنىڭ « گىرىك تارىخىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرى » دىمۇ، ئاۋارېسلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، غەرپتىكى ئېفتالىتلار يېنىغا قاچقانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەردىن دىزابۇن 562 – يىلى ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى تۈگىتىپلا، غەرپتىكى ئاۋارېسلارغا زەربە بېرىدىغانلىقىنى جاكالىغانلىقى ئېيتىلغان ، سابىرېس ۋە ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىكەن ، ئۇنداقتا ئاۋارېسلارنىڭ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىرىگە تۇتاش جايلاردا ماكانلاشقانلىقى ناھايىتى ئېنىق، شۇڭا بۇ جايدا ئىگىز قاڭقىللار ماكانلاشقان دېيىشكە بولىدۇكى، جۇجانلار ماكانلاشقان دېيىشكە بولمايدۇ. ( 4 ) تەۋە قەبىلىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغاندا: تېخىپوخانىنىڭ « يىلنامە تەپسىراتى »⑨ غا ئاساسلانغاندا ، مىلادى 563 – يىللىرىدا خېرمىچونىسلارنىڭ ئاۋارېسلار ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى خاتىرىلەنگەن ، مېرئاندېرنىڭ « گىرىك تارىخىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرى » دىمۇ، مىلادى 563 – يىلى ئۇلاردىن شەرقىي رىمغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىنىڭ ئاۋارېسلار ئەلچىسى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ، بۇلاردىن خېرمىچونىسلارنىڭ ئاۋارېسلارغا تەۋە قەبىلە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، خېرمىچونىسلار يەنە بەزىدە كېمىچونىسلار دەپمۇ خاتىرىلەنگەن ، بۇ ھەر ئىككى نامنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى « چونىس » بىلەن ئاياقلاشقان

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ئىگىز قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى ئىچىدىكى چىمون قەبىلىسى نامىنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئوخشايدۇ . يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار ئىگىز قاڭقىل دىيىلگەنلەرنىڭ ئاۋارىسلار ئىكەنلىگىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

ئىگىز قاڭقىللار (ئاۋارىسلار ) ئىپتالىتلارغا تايىنىپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا زومىگەرلىك قىلىۋاتقان جۇجانلار بىلەن ئۇزاق مەزگىللەرگىچە قارشىلاشقان بولسىمۇ، غەلىبە قازىنالمىغان، جۇجانلارنىڭ تۇرۇ قاغانى چىنو دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ غەرپتىكىلەردىن كەك كولەمدە ئىنتىقام ئېلىپ، 516 - يىلى ئىگىز قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلىپ " ئۇلارنىڭ خانى مىتونى ئەسىر ئالغان، ئۇنى ئاساۋ ( شاش ) ئاتقا سورۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ باش سوڭىگىدە ئىچىملىك قاچىسى ياساتقان ، خوشنا دولەت كاپچا ( كەشمىر ) لىقلار ئاۋال جۇجانلارغا تەۋە بولۇپ، كېيىن ئىسيان كوتەرگەن، تۇرۇ قاغان كاپچالىقلارنى يوقۇتۇپ، دولىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. " ⑩، شۇنداق قىلىپ ، جۇجانلار ئىگىز قاڭقىللارنى ئالدىنقى قانقىلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەسلى ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان ، قىپچاقلىغانلىرى ئىپتالىتلارغا بېقىندى بولغان . ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغدىن كوچكەن ۋاقتى مۇشۇ مەزگىلگە توغرى كېلىدۇ ، بىز بۇنى «جىۇنامە» دىن سىتات ئېلىنغان راۋايەتتىكى بايانلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىساق، تۈركلەرنىڭ ئەجداتلىرى 460 - يىلى قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغدا پانالىنىپ " بىرنەچچە دەۋر ئوتكەندىن كېيىن " ئالتاي تېغىغا كوچۇشكە باشلىغان، ئەگەر ھەر بىر دەۋرنى 20 يىلدىن دەپ ھىساپلاپ، ئۇلار توت دەۋر ئوتكەندىن كېيىن " جىلغىدىن چىققان " بولسا، ئۇنداقتا ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ شىمالغا كوچكەن ۋاقتى دەل 516 - يىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇرۇقتىكىلەر دەسلەپ قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغدا پانالانغاندا، ئاران 500 تۇتۇن بولۇپ، ھەر بىر تۇتۇندە بەش جاندىن ئادەم بار دەپ ھىساپلىغاندا، 2500 ئادەم بولىدۇ، ئەگەر بۇلارنى ھەر بىر دەۋردە بىر ھەسسىدىن كوپەيگەن دەپ ھىساپلىساق، ئۇنداقتا ئۇلار توت دەۋر ئوتكەندىن كېيىن تاغدىن يوتكەلگەن ۋاقىتتا ، ئاشنا ئۇرۇغدىكىلەرنىڭ ئاھالىسى توت تۇمەن ئادەمگە يەتكەن بولىدۇ، سانى خېلى كوپ بولغان بۇ بىر تارماق كۈچ ئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئوز ئەتراپىدىكى دىل قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ " تۈرك " دىگەن ئورتاق نامنى قوللانغان ۋە ئاھايىتى تىز ئارىدىلا يېڭىدىن كۈچەيگەن چوڭ مىللەتكە ئايلانغان .

## 2 . ئاكىن شادنىڭ ئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇراقلىششىدىن ئىلىگ قاغاننىڭ دولەت قۇرۇشىغىچە

### ( 1 ) دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ھوكۇمرانلارنىڭ نەسەبنامىسى

ئاشنا ئۇرۇغىدىن تۈرك مىللىتىگىچە، تۈرك مىللىتىدىن تۈرك خانلىغىغىچە بولغان تارىخىي ئوزگىرىش ئۇلاردىكى ھوكۇمرانلارنىڭ ئۇنۋانلىرىدا ئەكس ئىتىدۇ ، تۈركلەرگە

ئائىت ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى دەۋردىكى راۋايەتلەر ۋە تارىخي كىتاپلاردىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى نەسەب ۋارىسلىقىنى، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى سەك (سوك) دولىتى دەۋرى ۋە قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغ — ئالتاي تېغى دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى مەزگىلگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىچىدە، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى سەك دولىتى دەۋرىدىكى مەشھۇر ھۆكۈمرانلاردىن:

ئاپامبەگ — ئىگىل نىساچۇر — نۇرتۇرك شاد — ئاكىن شاد لار بار.

قوچونىڭ شىمالىي تېغىدىكى دەۋردىن تۈرك خانلىقى دەسلەپتە قۇرۇلغان دەۋرگىچە ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار ئۇنۋانىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىۋى مۇنداق:

ئاكىن شاد — ئۇلۇغ يابغۇ — تۇمەن يەنى ئىلىگ قاغان.

يۇقۇرقىلاردىن، راۋايەت دەۋرىدىن تارىخ دەۋرىگىچە ئۆتكەن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇنۋانى تۆۋەندىكىدەك تارىخي ئۆزگىرىشنى يەنى بەگ (步، 匐، 鼻، 靡.،) — چۇر (啜، 都) — شاد (设، 沙، 杀، 熬) — يابغۇ (叶护)، ئەڭ ئاخىرىدا قاغان بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قاغان دەپ ئاتىلىشتىن ئاۋالقى ھەر قايسى ئۇنۋانلار غەربتىكى ئىران تىل سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرى، مەسىلەن، ئۇيسۇن خانى «بەگ» (靡)، پارس خانى «شاد» (沙)، توخرى (توخار) خانى «يابغۇ» دەپ ئاتالغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، «قاغان» ئۇنۋانى بولسا، شەرقتىكى موڭغۇل تىل سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ سۆزى، بۇخىل تارىخي ئۆزگىرىش، ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەرنىڭ دىللىشىش جەريانى ئىلىگ قاغان دەۋرىگە كەلگەندە ئاياقلاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## (2) ئاكىن شاد

يۇقۇرىدىكى ھۆكۈمرانلار نەسەبنامىسىدا ئاكىن شادنىڭ ئىسمى ئىككى قېتىم كۆزگە چېلىقىدۇ، «جۇنامە» نىڭ 50 - جىلدىدا، ئاكىن شادنىڭ راۋايەتتە ئېيتىلغان نۇر تۈرك شاد (تۈرك) نىڭ ئاشنا شىر ئىسىملىك ئوغلى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ باشچى بولۇپ سايلانغانلىقى بايان قىلىنىپ:

«نۇر تۈرك شادنىڭ ئون خوتۇنى بار ئىكەن، ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللارنىڭ ھەممىسى ئانا جەمەتىنىڭ پامىلىسىنى ئۆزىگە پامىلە قىلىشىپتۇ، ئاشنا كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىدى، نۇر تۈرك شاد ئۆلگەندىن كېيىن، باللار ئۆزلىرى ئارىسىدىن بىرسىنى

www.uyghurkitap.com



باشلىق قىلماقچى بولۇشۇپتۇ ، ئۇلار چوڭ دەرەخ ئاستىغا يىغىلىپ: كىم دەرەخكە ئەڭ ئېگىز سەكرىسە، شۇ بىزگە باشلىق بولسۇن دەپ توختام قىلىشىپتۇ، ئاشنا شىر يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئەڭ ئېگىز سەكرەپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاكىن شاد دەپ نـام بېرىپتۇ» دېيىلگەن.

«شىمالىي خـانلىقلار تـارىخى» 99 ـ جىلدىدا بـولسا، ئاكىن شاد نىڭ قوچونىڭ شىمالىيدىكى تاغ (ياكى قـوچونىڭ غەربىي شىمالىيدىكى تـاغ) دىن كـوچۇشكە باشچىلىق قىلغانلىقى ۋە ئـالتاي تېغىغا كـوچكەندىن كېيىن ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەرگە باشلىق بولغانـلىقى ئېيتىلغان :

«...... نـەچچـە يۈز تۈتۈنگە يېتىپتۇ، بىر نەچچە دەۋر ئـۆتكەندىن كېيىن، ئاكىن شادنىڭ باشچىلىقىدا جىلـغىدىن چىقىپ جۇجانلارغا بېقىنىپتۇ.» («جۇنامە» 50 ـ جىلدىدا خاتىرىلەنگـەن مۇشۇ ھـەقتىكى ئابزاسىنىڭ ئاخىرىدىمۇ «ئالتاي تېغىنىڭ كۆنگەي تەرىپىدە ئـولتـۇراقلىشىپ ، جۇجانلار ئۈچۈن تومۇرچىلىك قىلىشىپتۇ» دېگەن بايان بار.)

شۇنىسى ئېنىقكى ، يـۇقۇرىدا ئىسمى ئىككى قېتىم ئاتالغان ئاكىن شادنىڭ ئالدىنـقىسى راۋايـەتتىكـى شـەخس ، كېيىنكىسى تارىخىي شـەخس، ھـالبـۇكى «ئاكىن شاد» ئەمىلىيەتتـە ئادەم ئىسمـى بولماستىن بـەلكى ئـۇنۋان نامى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىركى ئىسمىدىكـى ئـادەم بىلەن كېيىنكى ئىسمىدىكى ئـادەم ئارىلىقىدا 1000 يىل ئـۆتـكەن بولسىمۇ ، ئۇ نـام يەنىلا ئوخشاش ئاتالغان . «شاد» سوزى ، قەدىمقى ئىران تىلىدا مۇھىم مـەنسەپ نامىنىـڭ ئاتىلىشى ، «阿贤» قەدىمقى تۈركچىدىكى «ئاكىن» دېگەن سوزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولـۇپ، «ئۇرۇق» ⑪ دېگەن مـەنىگە ئىگە، بۇ سوزنى، «يېڭىدىن بارلىققـا كەلگەن» ، «بىخلانغان» دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىيدىكى ئاكىن شاد ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قـوشقان بولسا ، كېيىنكى ئـاكىن شاد ئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇرا قلىشىشقا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككى دەۋردە ئۇنىڭغا «ئاكىن» دېگەن ئـۇنۋان بېرىلگەن. قىرقىزلارمـۇ قـەدىمقى دەۋردە ئاشنا ئۇرۇغى بىلەن بىر ئـرقتا بولغان ، «شىمالىي سـۇڭنىڭ جـۇغراپىيىسى ھەققىدە ئـومۇمى تەپسىرات» 99 ـ جىلدتا، جىنگۇەنىڭ 22 ـ يىلـى ، قىرقىزلارنىـڭ «قـەبىلـە بـاشلىقى ئـەلباش بىنقۇ ئـاكىن (侯利发失钵屈阿栈) ئوردىغا كـەلدى» دېيىلگەن ، بۇ خـاتىرىـدىكـى «阿栈» ئـاكىن «阿贤» دېگەنىنـڭ بـاشقىچە يېزىلىشى بـولۇپ، بـۇ قىرقىزلار ئارىسىدىمۇ ئـاكىن دېگەن ئـۇنۋانى بـار قەبىلـە باشلىقلىرى ئۆتكەنلىكىنى كـورسىتىپ بېرىدۇ، ئالتاي تېغى ئەسلىدە جۇجانلارنىـڭ بوشـۇك مـاكانى ، ئاكىن شاد باشچىلىقىدىكى قەبىلە قـوچونىڭ شىمالىيدىكى

تاغدىن ئۇ جايغا كېلىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئاشنا ئۇرۇغىنىڭ ئىگىز قاڭقىللار زەئىپلەشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىگىز قاڭقىللارغا تەۋە بولۇشتىن جۇجانلارغا تەۋە بولۇشقا ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ۋاھالەنكى، بۇ، جۇجانلارنىڭ ئىگىز قاڭقىللاردىن قېچىپ قالغان خەلقلەرگە قاراتقان بولۇۋېتىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئاكىن شادئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى تۈركلەرنىڭ جۇجانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق بولغان؟ بۇ ھەقتە تارىخنامىلاردا پەقەت تۈركلەرنىڭ «جۇجانلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلغان» لىقى ۋە جۇجان خانى ئاناگاينىڭ ئۇلارنى كەمسىتىپ «سەنلەر مېنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرىم» ⑫ دەپ تىللىغانلىقى توغرىسىدىلا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئاشنا ئۇرۇغىدىن ئۆزگەرگەن تۈركلەر ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە، يەنىلا جۇجانلارغا ئولپان - سېلىق ئۈچۈن تۆمۈردىن ياسالغان قورال - سايمانلارنى تاپشۇرىدىغان قەبىلە بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلىيالايدىغانلىقى شەك - شۈبھىسىز، ئەمما ئۇلاردىكى تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى قاياقتىن كەلگەن؟ ئىلىم ساھەسىدە بۇ ھەقتىكى كۆز قاراش تاھازىرغىچە مۇقىملاشمىدى، ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى بەزىلەر غەرپتىن كەلگەن، چۈنكى ساكلار ئىلگىرىلا تۆمۈر تاۋلاشنى بىلەتتى، كەنكۈن (قەدىمقى قىرقىز) لەر ئەلا سۈپەتلىك تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا تېخىمۇ داڭلىق ئىدى، دىگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما ئاشنا ئۇرۇغى غەربىي دېڭىز (ئارال دېڭىز) بويلىرىدىن شەرقتىكى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا، ئاندىن جەنۇبتىكى خەنزۇلار يېرىگە كۆچكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە غەرپتىكى قۇملۇقلاردىن ئۆتكەن، مۇشۇنداق نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان كۆچۈش جەريانىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى ئەجداتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھۈنەر - تېخنىكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇلاردىكى تۆمۈر تاۋلاش ئەنئەنىسىنىڭ مەنبەسى پىڭلياڭدىكى ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى ئەجداتلىرىدىن كەلگەن دەپ قارايمەن. پىڭلياڭ — قۇلان ئۇرۇغىدىكىلەر قۇرغان شىيا خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان، شىيا خانلىقى ھەربى قورال - ياراقلىرىنىڭ سۈپەتلىكلىكى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، تۆمۈر تاۋلاش سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن. قۇلانبوبو چىگىنئالنى تۆمۈرچىلەر باشلىقى قىلغاندا، «بىسى ناھايىتى ئۆتكۈر بەش خىل قورال ياسالغان، تۆمۈرنى تۇز بىلەن كوپ قېتىم سۇغۇرۇپ تاۋلىغان، ئۇنداق قىلمىغان ھۈنەرۋەنلەر ئۆلتۈرۈلگەن، سىناقتا ئوقيا قالقاننى تېشەلمىسە، ئوقيا ياسىغۇچىنىڭ كاللىسى ئېلىنىغان، ئەگەر قالقاننى تېشىۋەتسە، قالقان ياسىغۇچىنىڭ كاللىسى ئېلىنىغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياخشى

تاۋلانغان تۆمۈرلەردىن قىلىچ ياسالغان، ئۆلتۈرۈلگەن تۆمۈرچىلەر نەچچە مىڭغا يەتكەن. قورال-سايمانلار سۈپەتلىك ۋە كۆركەم ياسالغان»⑬. بۇ بىر ئابزاس تارىخىي ماتېرىيال: (1) شياخانلىقىنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى؛ (2) تۆمۈردىن ياسالغان قورال-سايمانلارنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى؛ (3) پىڭلياڭدا ئۇستا تۆمۈرچىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى، نەچچە مىڭ تۆمۈرچى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا سۈپەتلىك ھەربىي قورال-ياراقلار ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنچىلىك كۆپ ساندىكى تۆمۈرچىلەر خەنزۇلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاشىنا ئۇرۇغىدىكىلەر قۇلانلارنىڭ شياخانلىقىدا قۇدرەتلىك قوشۇن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىي قورال-ياراق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بار ئىدى، مۇشۇنداق مۇھىتتىكى كەيپىيات ئاستىدا، ئۇلار خەنزۇ تۆمۈرچىلەردىن دەسلەپكى قەدەمدە تۆمۈر تاۋلاشنىڭ بەزى تېخنىكا ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن دېيىش تامامەن ئەقىلگە سىغىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاشىنا ئۇرۇغىدىكىلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، چۈنكى، (1) جۇ خانلىقىنىڭ سانغۇنى (سەنگۈنى) ياڭ جۈڭ: «تۈركلەرنىڭ ساۋۇتلىرى بەك قوپال»⑭ دەپ كۆرسەتكەن، بۇنىڭدىن، تۈركلەر دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنكى ھەربىي قورال-ياراقلىرىنىڭ سۈپىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەردىن ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. (2) شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ دۆلىتىگە بارغاندا، بۇ دۆلەتتىكىلەر ئۇنىڭ تۆمۈر سېتىۋېلىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئەلچى زېمارخۇستا «بۇ دۆلەتتىكىلەر تۆمۈرنى بەك تەسلىكتە تاۋلايدىكەن، تۆمۈر ساتقۇچىلار ئۆزلىرىنى بىز كىگىز ئۆيلۈكلەر تۆمۈر تاۋلىيالايمىز دەپ ماختىنىدىكەن»⑮ دېگەن تەسىرات قالغان. (3) تۈرك دۆلىتىدىكى ئەلاسۈپەتلىك ھەربىي قوراللار ئۆزىدە ياسالغان بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە تەۋە بولغان دۆلەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن، مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە» دە، قىرغىزلار «ھەر قېتىم يامغۇر ياققاندا يىغىۋالغان تۆمۈر رودىلىرىنى كاشا دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر بىسلىق ھەربىي قوراللارنى ياساپ، دائىم تۈركلەرگە ئەۋەتىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن؛ «سۈينامە» دە، قەشقەر (سۇللاغ) دىن «شال، تېرىق، كەندىر، مىس، تۆمۈر، كىمخاپ، كۆكگۈرت كۆپ چىقىدۇ، ھەر يىلى تۈركلەرگە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن؛ «شىمالىي سۇڭنىڭ جۇغراپىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» نىڭ 198-جىلدىدا، بايىرقۇلارنىڭمۇ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقى ئېيتىلغان، يۇقۇرقىلاردىن، تۈركلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە دۆلەتتىكىلەرگە يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. (4) ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ مىتروپولىيىسى (ھامىي دۆلىتى) بولغان جۇجانلار مەدەنىيەتتە ناھايىتى قالاق

بولغان، تارىخنامىلاردا ئۇلارنىڭ قول ۋەكىيىلىرىنى يۇمايدىغانلىقى، چېچىنى ئالدۇرمايدىغانلىقى، ئايالىلارنىڭ قاچا-قۇچىلارنى تىلىدا يالاپ يۇيىدىغانلىقى، شۇڭا ياپىيانلارنىڭ خانى ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى «ئىتلار دۆلىتى» (16) دەپ تىللىغانلىقى ۋە ۋېي دۆلىتىنىڭ خانى ئۇلارنى ئاخماق قۇرۇتقا ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلىپ، دۆلىتىنىڭ نامىنى «قۇرۇت-قۇڭغۇزلار دۆلىتى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەرنىڭ تۆمۈرچىلىكتىكى «ماھىرلىقى» پەقەت جۇجانلارغا سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان، خالاس.

## (3) كۆلۈگۈ يابغۇ

ئاكىن شاد تىن كېيىنكى ھۆكۈمران كۆلۈگۈ يابغۇ بولۇپ، تارىخنامىلاردا بۇ كىشى ھەققىدە پەقەت «نۇر تۈركنىڭ نەۋرىسى تۇرۇمنىڭ ئوغۇلى كۆلۈگۈ يابغۇ» (17)، «كۆلۈگۈ يابغۇ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئۇرۇغىدىكىلەر تەدرىجى كۈچەيدى» (18) دېگەن مەلۇماتلارلا ساقلىنىپ قالغان، بۇ قىسقا مەلۇماتلاردىن، بۇ كىشىنىڭ «吐务» دەپ يېزىلغان ئىسمىنىڭ تىگى-تەكتى، تۈرك تىلىدىكى «تۇرۇم» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزنىڭ «دۇنياغا كېلىش»، «قايتىدىن كۈچىيىش» (19) دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «نۇر تۈركنىڭ نەۋرىسى» دېگەن سۆزنى، نۇر تۈركنىڭ ئۆز نەۋرىسى ياكى كېيىنكى ئەۋلادى دەپ چۈشىنىش كېرەك، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى 516-يىلى ئاكىن شاد ئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، تۇمەن 552-يىلى «قاغان» دەپ ئاتىلىشتىن ئاۋالقى ۋاقىت بولۇپ، بۇ دەل ئاشنا ئۇرۇغى تۈرك مىللىتى بولۇپ مۇقىملىشىۋاتقان دەۋرگە. تارىخنامىلاردا ئېيتىلغان «كۆلۈگۈ يابغۇ» دەۋرىدە ئۇنىڭ ئۇرۇغىدىكىلەر تەدرىجى كۈچەيگەن ۋاقىتقا توغرى كېلىدۇ.

تارىختا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن تۈرك مىللىتى، ئەمەلىيەتتە دىل (تېلى) لاشقان ئاشنا ئۇرۇغى بىلەن «تۈرك» دېگەن ئورتاق نامنى قوللانغان دىل قەبىلىلىرىدىن ئۇيۇشقان ئورتاق گەۋدە بولۇپ، ئۇلار كۆلۈگۈ دەۋرىدە پەيدىن-پەي كۈچەيگەن، بۇ خىل ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ دىللىشىش جەريانى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە سوزۇلۇپ، شىمالىي تاغدا پانالانغان دەۋرگە كەلگەندە ئاساسەن تاماملانغان، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ئاكىن شاد دەسلەپتە ئالتاي تېغىدا ئولتۇراقلاشقان دەۋردىن كۆلۈگۈ دەۋرىگىچە بولغان بىر ئەسىرلىك كۆپىيىش جەريانىدا، ئاز دېگەندىمۇ يەتتە-سەككىز تۈمەن كىشىگە يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل تارماقتىكىلەر ئورتاق گەۋدىنىڭ يادروسى ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوغداپ يۈرگەن قۇدرەتلىك كۆكتۈرك ئايىلانغان، مىتو ئولتۇرۇلغاندىن كېيىن ئىگىز قاڭقىلارنىڭ پارچىلىنىشى، تۈركلەرنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن 2 – تۈرلۈك شەرت – شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن، تارىختا «ئىگىز قاڭقىل خانى مىتو ئۆلگەندىن كېيىن، قېپقالغان قەۋملىرى ئېفتالىتلارغا بېقىندى بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن⑳. ئەمەلىيەتتە، غەربتىكى ئېفتالىتلار يېنىغا قاچقانلار پەقەت ئىلبەگ باشچىلىقىدىكى ئاۋارىس (يەنى ئاۋارىسلار، ئىگىز قاڭقىلارنىڭ ئاۋارىس قەبىلىسى)، چىغون (بىككۇلۇ) قەبىلىلىرى بولۇپ، كوپلىگەن ئەسلىدىكى ئىگىز قاڭقىل قەبىلىلىرى يەنىلا قەدىمقى ماكانلىرىدا قېلىپ، جۇجانلارغا بېقىندى بولغان ۋە ئاشىنا ئۇرۇغى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، تۈرك دېگەن ئورتاق نامنى قوللانغان. جۇجانلارمۇ بۇ بىر تارماق كۈچنى يولەپ، ئۇلار ئارقىلىق غەربتىكى چېگرىسىنى قوغداشقا قىزىققان. 520 – يىلى، جۇجانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، ئۇلارنىڭ خانى ئاناگاي ۋېي خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا بورامەن خانلىققا ۋارىسلىق قىلغان. 521 – يىلى، ئېفتالىتلارنىڭ قوللىشى بىلەن «ئىلبەگ ئۆز قەۋمىنى باشلاپ دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن، ئىلبەگ جۇجان خانى بورامەنگە زەربە بېرىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بورامەن ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ لياڭجۇغا بېرىپ ۋېي خانلىقىغا تەسلىم بولغان»㉑. بۇ چاغدا جۇجانلار زەئىپلەشكەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىگىز قاڭقىلار قايتىدىن كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشىنا ئۇرۇغىنى يادرو قىلغان تۈرك ئورتاق گەۋدىسىنىڭ يەنىلا ئالتاي تېغى — قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغلارنى يەنى ئەسلى ماكانلىرىنى چىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقى، بۇ ئورتاق گەۋدىدىكىلەرنىڭ كۆلۈگۈ يابغۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېفتالىتلار قوللىغان ئىگىز قاڭقىلار (ئاۋارىسلار) نىڭ كۈچلىرى بىلەن قەيسەرانە كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، جۇجان خانى ئاناگاي شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن دۆلىتىگە قايتىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، 522 – يىلى مۇش غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلبەگ باشچىلىقىدىكى ئىگىز قاڭقىلارنىڭ كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلغان، ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئېفتالىتلار يېنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا قايتىدىن تەسلىم بولغان، غەربنىڭ كىتاپلىرىدا يېزىلغان ئاۋارىسلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى دەل مۇشۇ يىللاردىن باشلىنىدۇ. ئېنىقكى، كۆلۈگۈ يابغۇ باشچىلىقىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى بۇ بىر مەيدان كۈرەشتە، جۇجانلارغا كۈچلۈك تۈردە ماسلاشقان. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بۇ ئورتاق گەۋدە يەنىمۇ كېڭىيىپ، ئىگىز قاڭقىلارنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن باشقا، يەنە كوپلىگەن ئىگىز قاڭقىل سىستېمىسىدىكىلەردىن بولمىغان ئارىلاشما دىل (تېلى) قەبىلىلىرىمۇ «تۈرك» دېگەن ئورتاق نامنى قوللانغان،

«جۇنامە» نىڭ 27 - جىلدىدىكى يۈيۈېنىسى تەرجىمىھالىغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 542 - يىلىدىن ئىلگىرى «ھەر يىلى مۇز توڭلىغاندا، تۈركلەر بۇلاڭچىلىق قىلىشقا» غەربىي ۋېيىنىڭ چېگىرىسىغا جايلاشقان سۈيجۇ ئوبلاستىغا كېلىدىغانلىقى ئېيتىلغان، چول جۇڭمىيەن بۇنى «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى بىلىنىشى، بۇ يازما بايانىنىڭ يىل دەۋرىمۇ ئىشەنچلىك» ㉒ دەپ كۆرسەتكەن، ئۇ ۋەقە كۈلۈگۈ يابغۇ دەۋرىدە يۈز بەرگەن بولۇشى كېرەك. دىمەك، بۇ چاغدا تۈركلەر يېڭىدىن كۆچەيگەن مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان.

تۈركلەر ئىگىز قاڭقىل، دىل (تېلى) لارنىڭ ئارىلاشما خەلقلىرىنى كەڭ كولەمدە ئۆزىگە قوبۇل قىلغان، غەيرى پامىلىلىك تۈرك قەبىلىلىرى دىگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئەسلىدىكى ئىگىز قاڭقىل، دىل (تېلى) قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز گىرىشىدىن شەكىللەنگەن، بۇ ھەرگىزمۇ ئاساسسىز يەكۈن ئەمەس، ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدىكى تۈرك، ئىگىز قاڭقىل، دىل (تېلى) لارنىڭ تەزكىرلىرىدە يېزىلغان قەبىلە ناملىرىنى ئۆز — ئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئېنىق يەكۈنگە ئىگە بولالايمىز. بىز پەقەت غەربىي تۈركلەرگە تەۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنى مىسالغا ئالساقلا، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر مۇنچە قەبىلە، ئۆزىگە ئىگىز قاڭقىل، دىل (تېلى) لارنى مەنبە قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

| تۈرك يېزىقىدىكى ئەسلى ئوقۇلۇشى | دىل (تېلى) قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى نامى | ئىگىز قاڭقىل قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى نامى | تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى نامى |
|---|---|---|---|
| كۈلۈگۈ (küLügü) | | 斛律氏 | 胡禄屋部 |
| چاپىش (capiŠ) | 契苾氏 | 解批氏 | 车升施部 |
| باز (BaZ) | | 表纥氏 | 拔塞干部 |
| تۈرگىش (TürgiŠ) | 吐如纥氏 | 纥奚世氏 | 突骑施部 |
| قارلۇق (QärLug) | | 解如氏 | 葛逻禄部 |
| چىگىل (CigiL) | 职乙氏 | | 炽俟部 |
| بۇلاق (BuLag) | 薄落氏 | | 谋落部 |
| | 达契氏 | 达薄氏 | 踏实力部 |
| | 蒙陈氏 | | 处木昆部 |
| ئاسكىل (AsikiL) | 思结氏 | | 阿悉结氏 |

يۇقۇرىدىكى جەدۋەلدىن تۈركلەر ئاشنا ئۇرۇغى بىلەن ئىگىز قاڭقىل، دىللارنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى ئىگىز قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىدىن ئۈچ قەبىلە غەربىي تۈركلەر ئىچىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۈركلەرنىمۇ ئىگىز قاڭقىللارنىڭ ۋارىسى دىيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ( 4 ) تۈمەن ــ ئىلىگ قاغان

تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى تۈمەن ــ كۈلۈگۈ يابغۇدىن كېيىنكى ھوكۇمران. « 土门 » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى « تۈمەن » بولۇپ، بىر تۈمەن ئادەمنىڭ باشلىقى دېگەن مەنىگە ئىگە، بۇ ئىسىم تۈرك ــ رۇنىك يېزىقى مەڭگۈ تېشىدا بۇمىن دەپ ئوقۇلغان. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلىگ قاغان دەپ ئاتالغان. « 伊利 » دېگەن سۆز « ئىلىگ » دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەلنىڭ خوجايىنى، ھوكۇمرانى دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. قاغان نامى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بەزىلەر بۇ نام جۇجانلاردىن كەلگەن دېگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلىسە، يەنە بەزىلەر سىيانپىلاردىن كەلگەن دېگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما جۇجان، سىيانپى قاتارلىقلار مىلادى 3 – 4 – ئەسىرلەردە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا باش كۆتەرگەن مىللەتلەر تۇرۇغلۇق، ئۇلار قوللانغان نام قانداق قىلىپ تۈركلەردىمۇ ئورتاق قوللىنىلغان نام بولۇپ قالدى؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە ئىلىم ساھەسىدە تېخىچە قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچە بېرىلگىنى يوق، مەن « قاغان » دېگەن نام، ئەمەلىيەتتە ھۇنلاردىن كەلگەن دەپ قارايمەن. ھۇنلار كۈچەيگەن چاغدا، شەرق ۋە غەرپ تەرەپتىكى ئارىلاشما قەبىلىلەر ئارىسىدا، ئوڭقول بىلگەخان ۋە سولقول بىلگەخان دېگەن ئۇنۋان تۈزۈمىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلغان، بىلگە خانلارنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي رايونىدىكى ھەر قايسى ئارىلاشما تايپىلار بىلگەخانلارنىڭلا نامىنى بىلىپ تەڭرىقۇتلارنىڭ نامىنى بىلمىگەچكە، كۈچلۈك قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆزىنى « بىلگەخان » دەپ ئاتىۋالغان »، ھالبۇكى « بىلگەخان » ( 贤王 ) دېگەن نام، خەنزۇچە سۆز بىلەن ھۇنچە سۆزنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، « 王 » ( خان ) دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە سۆز ئىكەنلىكى ئېنىق، « 贤 » خېتىنىڭ ھۇن تىلىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى، 汗 ( غان ) نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ. بىلگەخان دېگەن ھورمەت نامىنىڭ مەنىسى دانىشمەنخان دېگەن سۆزگە توغرى كېلىدۇ. كېيىنچە ھۇنلاردىكى تەڭرىقۇت نامىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، « غان » ( 汗 ) نىڭ ئالدىغا « قا »، يەنى « كۈلۈگۈ » ( ئۇلۇغ، چوڭ ) دېگەن مەنىگە ئىگە بولغان ئالدى قوشۇمچىنى قوشقان، شۇڭلاشقا « قاغان » بىلەن « كۈلۈگۈبىلگە خان » نى بىر خىل نام دېيىشكە بولىدۇ. « غان »، « قاغان » دېگەن ئىككى سۆزنى، تۈرك ــ رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن ھازىرمۇ چېلىقتۇرۇشقا بولىدۇ، تۈركلەر قوللانغان

«قاغان» دېگەن نام، بىۋاسىتە ھالدا جۇجانلاردىن قوبۇل قىلىنغان، تۈمەن خانلىق قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلىگى «قاغان» دېگەن نامنى قوللانغانلىقى، يېقىندىن دۇنياغا كەلگەن تۈرك دۆلىتى جۇجانلار بىلەن بولغان يېقىنلىق ۋە يېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەنلىكىنى ۋە جۇجانلار بىلەن قارشىلاشماقچى بولغانلىقىنى رەسمىي جاكالىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۈرك خانلىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە، بىرى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئەلچى ئەۋەتىشى ۋە قۇدىلىشىشى، يەنە بىرى دىل (تېلى) لارنىڭ بەش تۈمەندىن ئارتۇق تۈتۈننى تەسلىم قىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم ئىككى تۈرتكىلىك ئامىل بار.

غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە «جۇنامە» نىڭ 50 - جىلدىدا ۋە «شاھانلىق يىلنامىسى» نىڭ 545 - يىلى بابىدا:

«ۋېي خانلىقىنىڭ ۋەزىرى يۈيۋېن (تەي) جۇچۇەنلىك خۇلاردىن ئەنونبەنتونى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، تۈرك دۆلىتى ئەسلىدە غەرپتىكى كىچىك دۆلەت ئىدى، ئۇلار ئالتاي تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جۇجانلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلاتتى، قەبىلە باشلىقى تۈمەن دەۋردىگە كەلگەندە، ئۇلار كۈچىيىپ ۋېي خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان بولدى، ئەنىنو بەنتو تۈرك دۆلىتىگە يېتىپ بارغاندا، بۇ دۆلەتتىكىلەر خۇشاللىق بىلەن: «چوڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى كېلىپتۇ، ئېلىمىز ئەندى كۈچىيىدىغان بولدى» دېيىشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچى ئەۋەتىشى روشەن ھالدا سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، مەقسىدى جۇجانلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئېنىق. شىمالىي ۋېي بىلەن جۇجانلار ئەسلىدە ئاناگاي دەۋرىدىلا بىر - بىرى بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئىپتىلالىتلارشەرققە ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي بىر مەزگىل جۇجانلارغا نىسبەتەن قوللاش مەيدانىنى تۇتقان، ئەمما ئاناگاي قانات - قۇيرىقى يېتىلىۋالغاندىن كېيىن «شىمالىي تەرەپلەرنى ئىگەللىۋالغان، ئەدەپ - قائىدىلەرنى دەپسەندە قىلىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلغان، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۈزلۈكسىز تۆردە ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەندى ۋېي خانلىقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولىۋالغان» ㉓، 534 - يىلى، ۋېي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي بولەكلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ھەربىي كۈچنى توپلاپ چېگرىنى قوغداشقا مادارى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، جۇجانلار شىمالىي جۇڭگونىڭ شاھىنشاھى بولىۋالغان، ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭچىلىق قىلمىشلىرى چېكىدىن ئېشىپ ناھايىتى بېيىپ كەتكەن، شۇڭا شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋېيۋە غەربىي ۋېي خانلىقلىرى ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشقا چارىسىز قالغان. غەربىي ۋېينىڭ يېرى تۈركلەرنىڭ يېرى بىلەن تۇتاش بولغاچقا، ئۇلار تۈركلەرنىڭ كۈچىيىشى خېلى بۇرۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن، كېيىن سۈي سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە، تاڭ سۇلالىسى سىر - تاردۇش، باسمىل، ئۇنغۇر (خۇيخى يەنى ئۇيغۇر) قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى كۆزەتكەن، بۇ قېتىمقى ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ جۇجانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۈركلەرنى يۆلەش ئىكەنلىكى ئېنىق، شۇڭلاشقا تۈركلەرنىڭ كۈچىيىشى، ئەمەلىيەتتە غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۈركلەرنىڭ دىل (تېلى) لارنىڭ بەش تۈمەن تۈتۈن ئادىمىنى تەسلىم قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىشىدە يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولغان. «جۇنامە» نىڭ 50 - جىلدىدا «دىل (تېلى) لار جۇجانلارغا يۈرۈش قىلماقچى بولىۋاتقاندا، تۈمەن ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ تار - مار قىلدى، ئۇنىڭ بەش تۈمەن تۈتۈندىن كۆپرەك ئادىمىنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولدى» ㉔ دېيىلگەن. دىل (تېلى) لارنىڭ جۇجانلارغا قارشى بۇ قېتىمقى يۈرۈش قىلىشى قۇل قىلىنغۇچى مىللەتنىڭ جۇجانلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك قوزغىلاڭ خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى، تۈركلەر بۇ جەھەتتە جۇجانلار ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ جاللاتلىق رولىنى ئوينىغان ۋە جەڭدە غەلىبە قىلىپ دىل (تېلى) لارنى تەسلىم قىلغان. تۈركلەر ئەسلىدە ئىگىز قاڭقىل، دىل (تېلى) لارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ بۇ ئورتاق گەۋدىگە قوشۇلىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، شۇ قېتىمقى بۇنداق كۆپ ساندىكى يېڭى قان بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاپ تېخىمۇ قۇدرەت تاپقانلىقى ئۈچۈن، جۇجانلار بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتى جۇجانلارغا بېقىندى بولۇش مۇناسىۋىتىدىن قۇتۇلۇپ، باراۋەر مۇئامىلىگە ئىگە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، جۇجانلار بۇ خىل تەلەپنى ئۆزى ئۈچۈن ئاھانەت دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە يول قويمايتى، شۇڭا ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ تۈركلەرنى تىللىغان، شۇنىڭ بىلەن تۈمەن «ئۇلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ مۇناسىۋەتنى دەرھال ئۈزدى ۋە بىز (غەربىي ۋېينى كۆرسىتىدۇ) بىلەن قۇدىلىششنى تەلەپ قىلغاچقا، تەيزۇ بۇ تەلەپكە قوشۇلدى، 17 - يىلى (551 - يىلى) 6 - ئايدا، ۋېي خانلىقى مەلىكە چاڭلېنى تۈمەنگە خوتۇنلۇققا بەردى. شۇ يىلى ۋېي خانى ۋېندى ئۆلگەندە، تۈمەن ئەلچى ئەۋەتىپ نەزىرە بىلدۈردى ۋە 200 تۇياق ئات تەقدىم قىلدى. ۋېي خانلىقى فېيدىنىڭ تۇنجى يىلى 1 - ئايدا، تۈمەن ئەسكەر تارتىپ جۇجانلارغا زەربە بېرىپ، چوللۇكنىڭ شىمالىدا ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ

قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاناگاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى»، «يىلنامە» نىڭ 164 – جىلدىدا، دىل (تېلى) لارنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن مەلىكە چاكلىپنى ياتلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ۋەقە، داتۇڭنىڭ 17 – يىلى (551 – يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. چېن جۇڭمىيەن «تۈمەننىڭ دىل (تېلى) لارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن جۇجانلاردىن خوتۇن ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا كەلسەك، دىل (تېلى) لارنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى داتۇڭنىڭ 17 – يىلى (551 – يىلى) دىكى ۋەقە ئەمەسلىكى يازما خاتىرىلەردە ناھايىتى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان» ㉕ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ، مەن دىل (تېلى) لارنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى، داتۇڭنىڭ 16 – يىلى (550 – يىلى) ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەمىكىن دەپ قارايمەن. جۇجانلاردىن خوتۇن ئېلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن مەلىكە چاكلىپنى ياتلىق قىلىش بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كېيىنكى ۋەقە جەزمەن داتۇڭنىڭ 17 – يىلى (551 – يىلى) يۈز بەرگەن بولۇپ تۈمەننىڭ مەقسىدى غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن قۇدا بولۇش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ جۇجانلارغا قارشى تۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەرنىڭ جۇجانلارغا ھۇجۇم قىلىشىمۇ غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ يول قويغانلىقى ۋە قوللىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 552 – يىلى جۇجان خانى ئاناگاي ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن «تۈمەن ئۆزىنى ئىلىگ قاغان دەپ ئاتىغان» ㉖، بارلىق تارىخنامىلاردا مۇشۇ ۋاقىت، تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاكىن شاد، كۆلۈگ يابغۇ ۋە ئىلىگ قاغاندىن ئىبارەت تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىش-ئىزلىرى، ئالتاي تېغىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشى تۈركلەر تارىخىي دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى، تۈركلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشى ئۆز-ئارا زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3. ئىشىگ قاغان دەۋرىدىن مۇقان قاغاننىڭ كۈچەيگەن دەۋرىگىچە

تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشى، شىمالىي ئاسىيا تارىخىدىكى يېڭى ئەسىرنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تۈركلەر ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ يەنى ئىلىگ قاغان، ئىشىگ قاغان دەۋرىدىن مۇقان قاغان دەۋرىگىچە بولغان ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ دەۋرىدە، جۇجان ۋە ئېفتالىتلاردىن ئىبارەت ئىككى زومىگەرنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە قەدىمقى ھۇنلارغا ئوخشاش قۇدرەتلىك خانلىق دۆلەتكە ئايلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## تۈرك تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش

### ( 1 ) ئىشىگ قاغان

مىلادى 552 – يىلى ئىلىگ قاغان ئاناگايغا زەربە بېرىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈشكە مەجبۇر قىلغان بۇ ئىنتايىن كەسكىن جەڭدە، جۇجانلار ھەقىقەتەن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغان ، ئىلىگ قاغانمۇ شۇ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى قارا ( قورا ) قاغان تەختكە چىقىپ ، ئۆزىگە ئىشىگ قاغان دەپ نام بەرگەن، ئۇ بەزىدە « ئىل قاغان » ياكى « ئال قاغان » دەپمۇ ئاتالغان . قارا دېگەن سۆز ئادەم ئىسمى بولماستىن بەلكى ئۇنۋان نامى، « يىلنامە » نىڭ 197 – جىلدىدا، تۈركلەر « قارا ئۇگلۇك ئادەملەرنى « 珂罗便 قاراۋاي » دەيدۇ ، شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا قارا چۇر دېگەن ئەمەل تەسىس قىلىنغان ، ئۇلارنىڭ يېشى قانچە چوڭ بولسا، مەنسۇپمۇ شۇنچە يۇقىرى بولاتتى « دېيىلگەن . « 科罗 » ياكى « 珂罗 » ، تۈركچىدىكى « قارا » دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ؛ « 啜 » بولسا، چۇر دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئاشنا ئۇرۇغىدىكىلەر غەيرى پامىلىلىك تۈركلەرنى قارا خەلقلەر دەپ ئاتىغان . قاراچۇر ، ئاساسەن غەيرى پامىلىلىك تۈركلەرنى باشقۇرغۇچى مەنسەپدارنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكى ئېنىق. قارا — تۇمەننىڭ ئىنىسى بولۇپ، پەقەت بىر يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ، بۇ ئەھۋالدىن، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان چاغدا ياشىنىپ قالغانلىقىنى، قارا دېگەن سۆز قارا چۇر دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ نام ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ خان نامى « ئىل » يەنى « ئال » دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەل دېگەن مەنىگە؛ « ئىشىگ » سۆزى ئىش دېگەن مەنىگە ؛ ئۇنىڭ خان نامىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى بولغان « ئال ئىشىگ قاغان » سۆزى « ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغۇچى قاغان » دېگەن مەنىگە ئىگە، ئۇ تەختتە تۇرغان 552 – يىلدىن 553 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ، ئاساسەن ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى بىلەن جۇجانلارنىڭ دۆلىتى ۋەيران قىلىنغان. بۇ ھەقتە « شىمالىي چى تارىخى » نىڭ 4 – بابىدا :

« 552 – يىلى 2 – ئايدا ، جۇجان خانى ئاناگاي تۈركلەردىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، ئۇنىڭ ئوغلى يەنرۇجىن ۋە ئىنىلىرى دىڭجۇ ئىلىگ، جۇزىكۇت ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن چى خانلىقىغا قېچىپ كەلدى ، جۇجانلارنىڭ قېپقالغانلىرى جۇزتىبانى ئۆزلىرىگە خان قىلدى » دەپ خاتىرىلەنگەن .

«جۇنامە» 50 – جىلدىدىمۇ «ئۇ (ئاناگاينى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئوغلى يەنرۇجىن چى — خانلىقىغا قاچتى، قىپچاقلانلىرى ئاناگاينىڭ تاغىسى دىڭشۇزىنى ئۆزلىرىگە خان قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى كىتاپتىكى بايانلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاشمۇ، كېيىنكى يېرىمىنىڭ مەزمۇنى بىر – بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، «جۇنامە» دە، جۇجانلارنىڭ قىپچاقلانلىرى دىڭشۇزىنى خان قىلدى دېيىلگەن بولسا، «چى نامە» دە، تىبانى خان قىلدى دېيىلگەن. تارىخىي ماتىرىياللاردا كۆرۈلگەن بۇ خىل زىددىيەت، دەل شۇ چاغلاردا جۇجان دۆلىتىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ پۈتكۈل دۆلەتنى باشقۇرىدىغان خاننىڭ تەختكە چىقىشىغا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقىنى، خانلىققا قانۇنى تۈردە ۋارىسلىق قىلغۇچى چى خانلىقىغا قاچقانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا قىپچاقلىغان جۇجانلارنىڭ بىر نەچچە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، گەرچە ھەر قايسى تارماق ئۆز ئالدىغا خان تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىنىڭ پۈتكۈل دۆلەتتىكى خەلقلەرگە بۇيرۇق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، تۈركلەرنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىر – بىرلەپ تار – مار قىلغانلىقى ۋە غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭمۇ ئۇلارغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ قوشۇن ئەۋەتىپ جۇجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىنىڭ قوشۇنىغا كەلسەك، «ئۇلار جۇجانلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ ئاناگاينىڭ ئىككى ئەۋلادىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇغىدىكى قەبىلە باشلىقىنى ئەسىر ئالغان، ھەر بىر جەڭدە ئۇدا غەلىبە قازىنىپ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ نەچچە تۈمەن ئادەمنى ئەسىر ئالغان» [26]، شىمالىي چى خانلىقى بولسا، جۇجانلارغا يار – يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، 552 – يىلى قېچىپ كەلگەن جۇجان خانلىرىدىن يەنرۇجىن، دىڭجۇ، كۇت قاتارلىقلارنى ئۆز يېنىغا توپلىغان ۋە 553 – يىلى دىڭجۇ، كۇت قاتارلىقلارنى دۆلىتىگە مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تۈركلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن، جۇجان خانى تىبا ئۆز دۆلىتىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئورنىغا دىڭجۇ خان بولغان، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قاغانلىق تەختىگە كۇت ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى جۇجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى يەنە بىر مەزگىل تۈركلەر بىلەن قارشىلاشقان.

## (2) مۇقان قاغان

ئىشىگ قاغان 553 – يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى مۇقان ۋارىسلىق قىلغان، ئۇ تۈركلەر

www.uyghurkitap.com



تارىخىدىكى مەشھۇر باتۇر قاغان بولۇپ، ئۇ تەختە ئولتۇرغان 553 – يىلدىن 572 – يىلغىچە، تۈرك خانلىقى ھەر قايسى تەرەپلەردىن قۇدرەت تاپقان، «سۈينامە» نىڭ 84 – جىلدىدا: «ئىشىگ قاغان كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق تەختىگە ئوغلى شىتۇ چىقماي ئىنىسى ئىدۇگ چىقتى ۋە مۇقان قاغان دەپ ئاتالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن، «جۇنامە» نىڭ 50 – جىلدىدىمۇ بۇ ھەقتە، “俟斗” خېتى “俟斤” دەپ، “木杆” خېتى “木汗” دەپ يېزىلىپ: «قارا (قورا) ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئەركىن تەختكە چىقتى، ئۇ مۇقان قاغان دەپ ئاتالدى، ئەركىننىڭ ئەسلى ئىسمى يەندۇ بولۇپ، يۈزىنىڭ كەڭلىكى بىر گەز (چى) دىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ چىراي رەڭگى ناھايىتى قىزىل، كۆزلىرى كۆكۈش، مىجەزى قوپال بولۇپ، دائىم ھەربىي يۈرۈش قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «جۇنامە» دە «مۇقان» — “木杆” خېتىنىڭ “木汗” دەپ خاتا يېزىلىپ قالغانلىقىنى، ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مۇقىملاشتۇردى، ئەمما “俟斗” ياكى “俟斤” دەپ يېزىشنىڭ قايسىسى توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ئىچىدە «جۇنامە» دە يېزىلغىنىدەك ئەركىن “俟斤” دەپ يېزىش مۇۋاپىقراق دىگەن كۆز قاراشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ پىكرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. “俟斤” خېتى، ئەركىن دىگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، غەيرىي پامىلىلىك تۈرك قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋان نامى، بۇ خىل ئۇنۋاندىكىلەرنىڭ دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئاشىنا ئۇرۇغىدىكىلەردىن چىققان خانلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق ئۇنۋاندىكى ئەمەل – مەنسەپنى ئۈستىگە ئالمىغان، ھالبۇكى، “俟斗” — قەدىمقى تۈركچىدىكى ئىدۇگ دىگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مۇقەددەس دىگەن مەنىگە ئىگە، “燕斗” دىگەن ئىسىممۇ ئەشۇ سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، شۇڭا مەن مۇقاننىڭ ھەقىقىي ئىسمى «سۈينامە» دە ئېيتىلغان “俟斗” (ئىدۇگ) ياكى «جۇنامە» دە ئېيتىلغان “燕斗” (ئىدۇگ) بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. خان نامى بولغان «مۇقان» سۆزىگە كەلسەك، ئۇ ئەمەلىيەتتە «بىلگە» سۆزى بىلەن ئوخشاش، چۈنكى “木”، “莫卜” خەتلىرى ئوقۇلۇشتا ئاخىرى ئۈزۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، باش ھەرپى م (m) بىلەن باشلىنىدىغان “莫”، “木” غا ئوخشاش خەتلەرنىڭ باش ھەرپى ئوتتۇرا قەدىمقى دەۋردە دائىم «ب» (b.) ھەرپى بىلەن نۇۋەتلەشكەن، مەسىلەن، “莫贺” خېتى «ماغا» دەپ ئوقۇلماي، «باغا» دەپ ئوقۇلغان. ئۇندىن باشقا يەنە بەيئۇكۆجى موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان خەلقلەر ئوتتۇرا قەدىمقى دەۋردە، دائىم سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ن» (ń) ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلمايدىغانلىقىنى، مەسىلەن، ھازىرقى موڭغۇلچىدىكى «ساجىن» سۆزىنىڭ قەدىمقى

چاغلاردا «ساج» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (27). يۇقۇرىدىكى مىساللارغا ئاساسلانغاندا، «مۇقان» سوزى ئوتتۇرا قەدىمقى دەۋرلەردە «باگا» (baga) دەپ ئوقۇلغان بولۇپ، «بىلگە» سوزىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئوخشىشىدۇ. «بىلگە» سوزى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغىمۇ ئويۇلغان بولۇپ، تەڭرىدىن بولمىش دانىشمەن دىگەن مەنىگە ئىگە، بۇنىڭدىن مۇقان قاغانىنىڭ — بىلگە قاغان ئىكەنلىكىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. «ھەر تۈرلۈك ئەدەبىي – سەنئەت رىسالىلىرى» 70 – جىلد «پايتەختتىكى تۈرك ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئابىدىسى» دە، بىلگە (مۇقان) نىڭ خان نامىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى "突厥大伊尼温木汗（杆）" دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىكى 伊尼 سوزى ئىل (iL يەنى ئەل) دىگەنىنىڭ، "温" ئۇران (ھوقۇقدار) دىگەنىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى خان نامى «ئىل ئۇران (بەگ) بىلگە قاغان» سوزى «ئەلنىڭ ھوقۇقدار تەڭرىدىن بولمىش دانىشمەن قاغانى» دىگەن مەنىگە ئىگە، بۇنىڭدىن تۈرك ھوكۇمرانلىرىنىڭ ئاشكارا ھالدا ئوزىنى تەڭرى يارلىغى بىلەن خان بولغان دەپ ئاتىشى، مۇشۇ قاغاندىن باشلانغانلىقىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تارىخىي خاتىرىلەردىكى بىلگە (مۇقان) قاغانىنىڭ «باتۇر ۋە دانىشمەن» دەپ تەرىپلىنىشى (28)، بىر – بىرىگە ئويغۇن كېلىدۇ.

بىلگە (مۇقان) قاغانىنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسلىق ئىش پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) جۇجانلارغا زەربە بېرىپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش: ئىلمىگ قاغان، ئىشىگ قاغان دەۋرلىرىدە، جۇجانلارغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى زور دەرىجىدە يەرگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان، ئۇلار ئارىسىدا كۆت باشچىلىقىدىكى بىر تارماق، شىمالىي چى ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر مەزگىل كۈچەيگەن. شۇڭا بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بۇ تارماقتىكىلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان، 553 – يىلى 12 – ئايدا، جۇجان قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. كۆت ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ چى خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن، چى ھاكىمىيىتىنىڭ خانى ئوزىنىڭ جىنيانگدىكى زور قوشۇنى بىلەن قورغاندىن چىقىپ تۈركلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قېچىپ كەلگەن جۇجانلارغا پاناھ بولغان ۋە ئۇلارنى مايىچۇەنگە ئورۇنلاشتۇرغان. كۆتنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چى خانلىقىغا قېچىپ كەلگەن جۇجانلارنىڭ شاھزادىسى يەنلۇجىننى يولەپ تەختكە چىقىرىپ، جۇجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە باشچىلىق قىلدۇرغان. ئەمما بۇ چاغدا جۇجان دولىتىنىڭ

زىيىتى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ مالىدىكى قالدۇق قىسىملىرى تۈركلەر تەرىپىدىن بىر- بىرلەپ تار- مار قىلىنغان. نەتىجىدە مەنۇبىي تەرەپلەرگە قېچىپ بارغانلارنىڭ سانى بارغانسىرى كۆپەيگەنلىكتىن، ئۇلار شىمالىي ى ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ سىياسىي يۈك بولۇپ قالغان، ئورۇنلاشتۇرغانلارنىڭ مىناتى ئوكسۇپ قالغاچقا، يەنلۇجىن ئىسيان كوتەرمەكچى بولغان، شۇڭا شىمالىي چى كىمىيىتىمۇ جۇجانلارغا قاراتقان سىياسىتىنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىپ، تۈركلەر بىلەن ياخشىلاشقان ۋە شۇن چىقىرىپ جۇجانلارنى تازىلاشقا كىرىشكەن، 554 - يىلى 4 - ئايدا، يەنلۇجىن سىجۇ لايىتىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، چى خانى ئۆز قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ جۇجانلارغا رشى يۈرۈش قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچىدىن نەچچە تۈمەن ئاتلىقنى مەغلۇبىيەتكە بچىراتقان، «ئولگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى يىگىرمە چاقىرىمدىن ئارتۇق ئۇزاقلىقتىكى جايلارغا شلىنىپ قالغان، يەنلۇجىننىڭ خوتۇنى ۋە ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالغان» ② ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سانغۇن (سەنگۈن) ئاناگۈي باشچىلىقىدىكى نەچچە مىڭ ئاتلىقلارنى جۇجانلارنىڭ قېچىش يولىنى توسۇشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار جۇجانلارغا قاتتىق زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن «پەقەت يەنلۇجىنلا تاغ - جىلغىلاردىن ئوتۇپ قېچىپ قۇتۇلالىغان» ㉚. جۇجانلارنىڭ ئاساقىلى دوپتوجۇپ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇنگە باشچىلىق قىلىپ غەرپكە قاچقاندا، چى خانلىقىنىڭ سانغۇنى خۇلۇيگۇاڭ ئۇلارنى توسۇۋېلىپ «ھەممىسىنى ئەسىر ئالغان ㉛، ئۇلارنىڭ شەرققە قاچقان قالدۇق قىسىملىرىمۇ چى خانلىقىنىڭ يىڭجۇ ئوبلاست ۋالىسى اگجۇننىڭ بوكتۇرمىدە تۇرۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ «نەچچە ئون ئاتاغلىق خانلىرى ئەسىرگە ئېلىنغان» ㉟، تارىخنامىلاردا چى خانلىقىنىڭ تيەنباۋ 5 - 6 - يىللىرى ئارلىقىدا (554 - 555 - يىللىرى)، چى ۋېنشياڭنىڭ ئۆزى بىۋاستە توت قېتىم جۇجانلارغا قارشى يۈرۈش قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم يەنى تيەنباۋنىڭ 6 - يىلى (555 - يىلى) 7 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان ھەربى يۈرۈشتە، جۇجانلارنىڭ ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى، غەربىي ۋېي خانلىقى بولسا، تۈركلەر بىلەن چى خانلىقىدىنمۇ ئىلگىرى ئىتتىپاق تۈزۈپ جۇجانلارغا زەربە بېرىشتە تېخىمۇ غەلىبىلىك يۈرۈشلەرنى قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، تۈرك، غەربىي ۋېي، شىمالىي چىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى بىلەن جۇجانلار تەلتۆكۈس يوقىتىلغان، جۇجانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تارماق قالدۇق كۈچى تۈركلەر تەرىپىدىن غەربىي ۋېينىڭ زىمىنى ئىچىدە قىرغىن قىلىنغان، بۇ ھەقتە «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 98 - جىلد جۇجانلار تەزكىرىسىدە:

"بۇ چاغدا جۇجانلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي ۋېينىڭ دىگۇڭ 2 - يىلى ( 556 - يىلى )، ئۇلار قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنىڭ مىڭ تۈتۈنلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ گۇەنجۇڭغا قاچتى، بۇ چاغدا تۈركلەر ھەربىي جەھەتتە قۇدرەت تاپقان بولۇپ، غەربىي ۋېي بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. تۈركلەر جۇجانلارنىڭ ئەسلىدىكى ھەر قايسى ئۇرۇقلىرىنى توپلاپ چوڭ دولەت بولۇۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ گۇەنجۇڭغا قاچقان جۇجانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئۆتۈندى، خان جوۋېي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە جۇجانلارنىڭ خان دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 30 دىن ئارتۇق ئەمەلدارىنى باغلاپ تۈركلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش ھەققىدە دەرھال يارلىق قىلدى، تۈركلەر چىڭمىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەردىن تۆۋەن ياشتىكىلەر ئۆلتۈرۈلمەي خان - بەگزادىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى" دېيىلگەن.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ، بىر مەزگىل موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرگەن جۇجانلار تارىخ سەھنىسىدە ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتكەن، تۈرك خانلىقى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ كەڭ رايونلارنى ئىگەللىگەن ۋە خانلىقنىڭ مەركىزىنى ئوتۈكەن تېغىغا يۆتكەپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ ئالى قۇدرەتلىك ھوقۇققا قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇپ قالغان.

( 2 ) شەرقتە كىدان ( قىتان ) لارنى مەغلۇپ قىلىش، شىمالدا قىرقىزلارنى بويسۇندۇرۇش: بۇ ئىككى چوڭ ۋەقە بۈيۈك تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى، بۇ ھەقتە تارىخنامىلاردا ئېنىق يېزىلغان خاتىرىلەر كەمچىل بولغاچقا، پارچە - پۇرات بايانلاردىن ئىزدىنىشكە توغرى كېلىدۇ.

كىدانلار شەرقىي خۇلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، دەسلەپ مىلادى 4 - ئەسىردە كۈچەيگەن «ۋېينامە»، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»، «سۈينامە»، «كونا - يېڭى تاڭنامە»، «لياۋ تارىخى». ۋە «سۇڭنامە» لەردىكى كىدانلار ھەققىدىكى تەزكىرىلەردىن، كىدانلارنىڭ شەرقتىكى كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، ئۇلارنىڭ نامى دەسلەپتە 16 دولەت دەۋرىدىكى تارىخنامىلارغا پۈتۈلگەن ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەن دولىتىنىڭ خانى مۇرۇڭخۇاڭ بىلەن ۋېي دولىتى خانى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ھەم "قۇم دالىلىرىنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ" [33] شى، ئەقشىد، تاتابى، شىرۋى ( سىربىت ) لار بىلەن خوشنا بولغان، تەيخېنىڭ 3 - يىلى، ئۇلارنىڭ خانى باغاپقان بىر مەزگىل ۋېي خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، جەنۇپتىكى "خۇاڭشۈينىڭ جەنۇبى، خۇاڭلۇڭنىڭ شىمالىغا يەنى ئەسلىدىكى سيانپىلارنىڭ يېرىگە" كۆچكەن [34]. ئۇلار

ۋېي خانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يېڭجۇ ئوبلاستىغا يېقىن جايدا ماكانلاشقان، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ھۇنلارغا ئوخشاش بولۇپ، قاۋۇل ياشلارنى ئەتىۋالاپ قېرىلارنى كەمسىتكەن. ئاتا-ئانىسى ئۆلگەندە يىغلاشنى نومۇس ھېساپلىغان، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى بىلمىگەچكە، ئاۋالقىدەكلا جەڭ ھارۋۇلىرىدا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۇۋچىلىق ئىگىلىكى سەۋىيىسىدە توختاپ قالغاچقا، ئۇلار ئارىسىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى خەلقچىل تۈزۈم ۋە ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ خانى دۆلەت ئىشلىرىدا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرالمىغان: «باشقا قەبىلىلەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولسا، ھەممىسى يىغىلىپ كېڭەشكەن، بىر كىشىلا ھۆكۈم چىقارمىغان، ئۇۋچىلىق ياكى ئۇرۇش قىلىشقا ھەممىسى ئورتاق قاتناشقان» (32)، تۈركلەرنىڭ شەرقتىكى كىدانلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋاقتىنى، تۆۋەندە ئېلىنغان ستاتىنىڭ بەرگەن بىشارىتىگە ئاساسەن، تۈركلەر 553-يىلى (ۋېي فېيدىنىڭ 2-يىلى) جوجانلارنىڭ خانى كۆتىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان يىلى يۈز بەرگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 94-جىلد تا شۇ يىلدىكى ۋەقەلەرنى:

«و-ئايدا كىدانلار چېگرىغا بېسىپ كىردى، ۋېندى خان قوشۇننى باشلاپ كىدانلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، شىمالدا پىڭجۇ ئوبلاستىغىچە يېتىپ باردى ..... خان قوشۇن بىلەن بىللە تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتۈپ جوجانلارغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، ئون تۈمەندىن ئارتۇق چوڭ چارۋىلارنى، ئون تۈمەن كىچىك چارۋىلارنى قولغا چۈشۈردى، (پەن) شىيا كىيۇبمۇ چېكشەن تېغىدا كىدانلارنىڭ باشقا قىسىملىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئولجا ئېلىنغان مال-چارۋىلارنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە تەخسىم قىلىپ بەردى، كېيىن تۈركلەرنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن جوجانلاردىن بىر تۈمەن تۈتۈنلۈك گاۋلى (چاۋشيەننىڭ شىمالىي قىسمى) غا كەتتى» دەپ بايان قىلىنغان.

قارىماققا، بۇ يازما خاتىرىدىكى ۋەقە تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان چى خانلىقىنىڭ كىدانلارغا يۈرۈش قىلىش ۋەقەسىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما چوڭقۇر تەتقىق قىلىنسا، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى تۈركلەرنىڭ كىدانلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى (1) تارىختا 553-يىلى جوجانلارنىڭ كۆت باشچىلىقىدىكى بىر تارمىقى تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن بەزىلىرى شەرقتىكى كىدانلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بارغانلىقى، كىدانلارنىڭ ئۇلارغا پانا بولغانلىقى تۈركلەرنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلغانلىقى، كىدانلار يېڭىلگەندىن كېيىن تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي جەنۇپتىكى چى خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن چى خانلىقىنىڭ خانى ئۆزى بىۋاستە

كىدانلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشكە يۈرۈش قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن، (2) شۇ قېتىمقى «كىدانلارنىڭ چېگرىغا بېسىپ كىرىشى» نىڭ دائىملىق ۋەقە ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ «ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى»، «ئون تۈمەن تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى» بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەندى ئەسلى ماكانلىرىدا تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يازما خاتىرىدىكى چى خانلىقىنىڭ قوشۇنى كىدانلارغا زەربە بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى بايان بىلەن «تۈركلەرنىڭ قىستاپ كېلىشى» توغرىسىدىكى بايان، بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئىككى ۋەقە ئوتتۇرىسىدا سەۋەبىيەت مۇناسىۋىتى بار، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دىكى يۇقۇرقى خاتىرىنىڭ بايان قىلىنىش تەرتىۋى ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كەتكەن، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركلەر شۇ يىلى و-ئايدا كىدانلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز ماكانىغا قايتىشقا چارىسىز بولغاچقا ياكى جەنۇپتىكى چى خانلىقىنىڭ زېمىنىگە بېسىپ كىرىشكە، ياكى «شەرقتىكى يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ» بىر تۈمەن تۈتۈنلۈك «گاۋلىدا پانالىنىشقا» مەجبۇر بولغان، كىدانلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، شى، شىرۋى، تاتابى قاتارلىقلار جەڭ قىلماي ئۆزلىكىدىن تۈركلەرگە تەۋە بولغان. تۈركلەر بۇ قەبىلىلەرگە قاراتقان ھوكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەرق ۋە غەرپ تەرەپكە ئاشناقۇتنى قاغان قىلىپ تۇرغۇزغان ۋە ھەر قايسى قىسىملارغا تۇتۇنبەگ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلغان. تۈركلەرنىڭ دۆلەت چېگرىسى تېخىمۇ شەرققە كېڭىيىپ، يالۇجياڭ دەرياسى قىرغاقلىرىغىچە يەتكەن. قىرقىز-خەن دەۋرىدە كەنكۈن، تاڭ دەۋرىدە خاكاس دېيىلگەن بولۇپ، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىملىرىغا جايلاشقان قەدىمقى دۆلەتلەرنىڭ بىرى، تارىختىن قارىغاندا، ئۇلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئاشنا ئۇرۇغى تەۋە بولغان خۇداتلار قانداشلىق جەھەتتە يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە. شۇڭا تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشتا: «قىرقىزلار بىز بىلەن قېرىنداش» (36) دېيىلگەن. موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا سىياسى جەھەتتە داۋالغۇشلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما قىرقىزلار دۆلىتى يوقۇتۇلۇپ كەتمەستىن، ئەكسىچە قايتىدىن كۈچىيىپ ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. مۇقان (بىلگە) قاغان ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلىپ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىنى زىل-زىلىگە سالغاچقا، ھەر قايسى ئارىلاشما قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان دىل (تېلى) لار تۈركلەرگە ئۆزلىكىدىن تەۋە بولغان، تارىخنامىلاردا تۈركلەرگە تەۋە بولغان قەبىلىلەرنىڭ نەچچە ئونغا يېتىدىغانلىقى،

www.uyghurkitap.com



ئۇلار ئارىسىدا سۈرتاردۇش، ئۇنىغۇر (ئۇيغۇر)، بۆكە، توگرا، بايىرقۇ، غون، ئىسكە، تاردۇش، چۇبە (قارا تەلپەك)، ئادىز، دوبو، قورىقات، تىلىنغۇت، ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن، شۇنداق قىلىپ تۈركلەر «ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن شىمالنى كونترول قىلىپ» [37]، تۈرك خانلىقىنىڭ شەرقتىكى چېگرىسىنى مۇقىملاشتۇرغان.

(3) غەرپتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش:

ئېفتالىت جۇجانلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن غەربىي رايوندىكى چوڭ دۆلەت، ئېفتالىت دىگەن نام، ئەمەلىيەتتە ئېفتالىتېس دىگەننىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئاق ھۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، گىرىكلەر ئۇلارنى ئاپتولىتېس ياكى ئېفتالىس دەپ ئاتىسا، پارىسلار ۋە ئەرەپلەر خائۇتال دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «لياڭ خانلىقى تارىخى» نىڭ 54 - جىلدىدا «قاڭقىللارنىڭ باشقا ئۇرۇغىدىن» دىسە، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دا «ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇرۇغىدىن» دەيدۇ، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش بىر - بىرسى بىلەن قارىمۇ - قارشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئارىسىدا بىرلىك بار، چۈنكى قاڭقىللار ئەسلىدە چوڭ ياۋچىلارنىڭ بىر تارمىقى، ياۋچى قەبىلىرىنىڭ نامى دائىم «قا» (qa)، «قۇ» (qu)، «گۇ» (gu)، «كۇ» (ku) بىلەن باشلانغان، يەنى "车师" (qaŠn, QoŠu)، "龟兹" (QuŠa) قاتارلىقلار ياۋچىلارنىڭ غەربىي رايوندىكى قەدىمقى ئۇرۇقلىرى ئىدى، ھۇنلار كۈچەيگەندە، قاڭقىللار تەدرىجى زەئىپلەشكەن. تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە قېپقالغانلىرى يەنىلا قاڭقىل، گۇسۇ، كىسۇ، گىش (哥舒, 哥系) دىيىلگەن ئۇرۇقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئۇلاردىن يىراقتا كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغانلار تەدرىجى تۈردە شۇ يەردىكى ساك، دىل خەلقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ئۇلار ئارىسىدىكى يەنە بىر تارماق كىڭگىت (قارا شەھەر) نىڭ شىمالىدىن چىقىپ ئىسسىق كول، سىر دەريالىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ بارغان ۋە ئۆز نامىنى ئېفتالىتېس دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇلار بارغانسىرى كۈچىيىپ پارىسلار بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرغان. پارىس خانى پىرو ئۇز (prouz) نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئولپان - سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان، شۇڭا «لياڭ خانلىقى تارىخى» دا ئۇلارنى «كېيىن بىر ئاز كۈچىيىپ پىرۇز، ۋاخان، كاپچا، كىڭگىت، كۇسەن، سۇللاغ (قەشقەر)، قۇم (ئاقسۇ)، ئۇدۇن (خوتەن)، يوتكان قاتارلىق دۆلەتلەرگە يۈرۈش قىلىپ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى جايلارنى بويسۇندۇردى» دىيىلگەن. پارىس تارىخچىسى مىركوند: ئېفتالىتلار توخارىستان، كابول، شاغانىيىنى بويسۇندۇردى دىسە، «سۈڭيۈنىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە «غەربىي رايون، كانگىيە (سەمەرقەنت)، ئۇدۇن، شۇبۇل، پارتخىيە ۋە 30 دىن ئارتۇق كىچىك دۆلەتلەرنى بېقىندۇردى.» دىيىلگەن. بۇنىڭدىن ئېفتالىتلارنىڭ

تازا كۈچىيىپ خورىگى جۇجانلاردىنمۇ بەكرەك ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى روشەن ھالدا كورۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا تۈركلەر موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەبىي ھالدا جۇجانلاردىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان.

تۈركلەر بىلەن ئېفتالىتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى، ئاۋارىسلار يەنى ئىگىز قاڭقىللارنىڭ غەرپكە قېچىشى گويا بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئاۋارىسلارنى يولەش ئەسلىدە ئېفتالىتلار يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئەنئەنىۋى دولەت سىياسىتى بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ قارىمۇ-قارشىلىغى تېخىمۇ كۈچىيىپ ئۇلارنى ئوز-ئارا ئۇرۇش قىلىشقا ئېلىپ بارغان. مىلادى 554-يىلى تۈركلەر ئالدى بىلەن جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن پارس خانلىغىغا قىز ياتلىق قىلىپ قۇدىلاشقان ۋە بىرلەشمە قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ئېفتالىتلارغا زەربە بەرگەن. 562-يىلى (جۇ خانلىغى باۋدىڭنىڭ 2-يىلى) ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش پارتلاپ، ئېفتالىتلار قاتتىق مەغلۇپ بولغان، 563-يىلدىن 568-يىلغىچە، تۈرك-پارس بىرلەشمە قوشۇنى ئېفتالىتلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئولتۈرگەن. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ بولىشىۋالغان، ئەرەپچە تارىخىي ماتېرىياللاردا شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، پارىسلارنىڭ بەلىخ، شېپۇ، كابول، شاغانىيە، توخارىستان قاتارلىق دولەتلەرنىڭ يەرلىرىنى، تۈركلەرنىڭ تاشكەنت، پەرغانە، كانگىيە (سەمەرقەنت)، پارتخىيە، شەھرى سەلىز قاتارلىق دولەتلەرنىڭ يەرلىرىنى ئوزىگە قوشىۋالغانلىغى خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئېفتالىتلارنى تىنچىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى تاماملىغان كىشى تۈرك قاغانى مۇقان (بىلگە) قاغانمۇ-ئەمەس؟ دىگەن مەسىلە بار، ئېلىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇ كىشىنىڭ مۇقان (بىلگە) قاغان ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن، ھالبۇكى، چاۋاننېس قاتارلىق غەرپلىكلەر بۇ توھپە ئىستەمى قاغانغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دىگەننى تەشەببۇس قىلغاندىن بۇيان، بۇ خىل كوز قاراش ئىلىم ساھەسىنى قاپلاپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاساسلىق كوز قاراش بولۇپ قالدى. بۇ خىل كوز قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسلىق دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

«تسوبالارنىڭ يىلنامىسى» دا، ئېفتالىتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان تۈرك خانىنىڭ ئىسمى سىندجىبۇ (SindJibu) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، ئەرمېنىيە تارىخچىسى ئىسوئىيۇك (Moise de Caghauka touk) ئۇ كىشىنى „دىجې — بۇ„ (DJe — bou) دەپ؛ گېورگىيە (Georgia) «يىلنامىسى» دە (DJibghou) دەپ؛ مېرناندېرنىڭ «گىرىك تارىخىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرى» دا، „دىزابۇل„ (Dizaboul) دەپ خاتىرىلەنگەن، يۇقۇرىقىلارنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىگى يەنى تۈرك-رۇنىك يېزىغى مەڭگۈ تېشىغا ئويۇلغان „ئىستەمى„ دىگەننىڭ

www.uyghurkitap.com



ياكى ئېلىمىز تارىخنامىلىرىغا يېزىلغان "室点密" دېگەن ئىسمىدىكى ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدىكەنلىكى ئېنىق، چاۋاننېس ئۇز مۇلاھىزىسىدە، «بۇ» ( bou )، «بوئۇل» ( boul ) دېگەن «يابغۇ» دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «دىزا» ( Diza )، «دىجى» ( DJi ) «سىن» (sin) دېگەنلەر، بولسا، ئىستەمى دېگەن ئىسمىنىڭ باش بوغۇم تاۋۇشىنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن «مۇقان» (بىلگە) قاغان شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى، شۇنىداقلا غەربىي تۈركلەرنىڭمۇ ئەڭ ئالى «قاغانى»، شۇڭا ئۇ تەختتە تۇرغان چاغدىكى غەلبىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە گەپ يوق» دەپ ھۆكۈم قىلغان ㊳، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ، ئېفتالىتلارنى يوقۇتۇش تۆھپىسى مۇقان (بىلگە) قاغانغا ئەمەس، بەلكى ئىستەمى قاغانغا مەنسۇپ بولۇش كېرەك دەپ قارايدۇ.

بۇ قاراشنى تارىخىي رىياللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، چاۋاننېسنىڭ بۇ كوز قارىشىنى ھەقىقەتەن رەت قىلىۋېتىش زورۇرىيىتى بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

(1) سىكېسنىڭ «پارس تارىخى» نىڭ 1- توم 445- بېتىدە، قارا (قورا) ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇقان (بىلگە) تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقى، مىلادى 554- يىلى پارسلارنىڭ خانى نوشرۋان بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، پارس خانىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە، مۇقان (بىلگە) قاغانىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى ۋە پارس خانىنىڭ ۋارىسى مورمازد ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. تۈركلەرنىڭ پارسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ غەرپتە ئېفتالىتلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنىڭ سىگنالى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىر مۇقان (بىلگە) قاغان تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

(2) تېيبىلاستېينىڭ خاتىرىلىشىگە ئاساسلانغاندا، بۈيۈك شەرقىي تۈرك قاغانى شەرقىي رىم پادىشاسى ماۋۇرىسقا ئەلچى ئەۋەتىپ يوللىغان دۆلەت خېتىدە: «بۇ خەت يەتتە قەبىلىنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرى، دۇنيادىكى يەتتە چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان قاغان تەرىپىدىن شەرقىي رىم پادىشاسىغا ئەۋەتىلدى، بۇ قاغان ئابدال (ئېفتالىتلار) بىلەن جەڭ قىلغان ۋە ستېمبىس بىلەن بىرلىكتە ئاۋارىسلارنى بويسۇندۇرغان» ㊴ دېيىلگەن. يۇقۇرىدىكى دۆلەت خېتىدە تۈركلەرنىڭ ئىككى خانىنىڭ ئىسمى ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ستېمبىس — ئىستەمىنى كورسىتىدۇ. يەنە بىرى يەنى تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل يەرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان «يەتتە قەبىلىنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرى، دۇنيادىكى يەتتە چوڭ دۆلەت خانلىرىنىڭ بىرسى» دېيىلگىنى، پەقەت مۇقان (بىلگە) قاغانىنى كورسىتىشى مۇمكىن، يۇقۇرىدىكى يازما خاتىرىدە، ئېفتالىتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغان تۆھپە، ئىستەمى قاغانغا ئەمەس، بەلكى مۇقان (بىلگە) قاغانغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە

تۈركلەرنىڭ غەرپتىكى ئاۋارىسلارنى تېنجىتىش ۋە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتىن، پەقەت ئاۋارىسلارنى تىنجىتىش ئۇرۇشى بىلەنلا ئىستەمىنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى ناھايىتى ئېنىق ھالدا بايان قىلىنغان، ئەگەر مەن مۇلاھىزە قىلغاندەك، ئاۋارىسلار ــ ئېگىز قاڭقىللاردۇر، دېگەن كۆز قاراش پۇت تېرەپ تۇرالايدىغان بولسا، ئۇنداقتا 554 - يىلى جۇجانلار تار - مار قىلىنىشتىن ئاۋال، تۈركلەرنىڭ ئاساسىي كۈچى شەرققە يۈرۈش قىلغان، غەرپ تەرەپتىكى ئېفتالىتلار قۇدرەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنى ئارقا تېرەك قىلغان ئېگىز قاڭقىللارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى قانقلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەسلى ماكانىغا يېقىن جايلارغا ئورۇنلاشقان، سىتېمبىس يەنى ئالتاي تېغىنى ساقلاپ تۇرغانلار ئاۋارىسلاردىن ئىبارەت بىر تەرەپنىڭ كۈچلىرىگىلا قارشى تۇرغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ كۈچلۈك رەقىپ ئېفتالىتلارغىمۇ مۇستەقىل تۇردە زەربە بەرگەن دېگىلى بولسۇن؟

(3) «كونا تاڭنامە» 194 - جىلدتا ئىستەمى تەگرىقۇتقا ۋاكالىتەن ئون چوڭ قەبىلە باشلىقىنى ئىدارە قىلىدۇ، ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكىرى بار، غەربىي رايوندىكى خۇلارنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىنى دائىم تېنجىتىپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى ئون قەبىلىلىك قاغان دەپ ئاتايدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئېلىمىزنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا ئىستەمىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئېيتىلغان بايانىدۇر. بۇ يازما خاتىرىدە، «غەربىي رايوندىكى خۇلارنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىنى دائىم تېنجىتىپ تۇرىدىغان» بۇ بىر تارماق غەرپكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا تۈرك «تەگرىقۇتى» بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغانلىقى، ئىستەمى بولسا «تەگرىقۇتقا ۋاكالىتەن» يۈرۈشكە ئاتلانغان مۇئاۋىن قوماندانلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن، بۇ يەردە ئېيتىلغان «تەگرىقۇت» تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى بولۇپ، مۇقان (بىلگە) قاغان ئۇنىڭغا بېقىنمىغان، بىلگە قاغاننىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە گەرچە تارىخنامىلاردا ئېنىق پاكىتلار بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ھەقتە ئاز - تولا يىپ ئۇچى يوق ئەمەس، بىلگە قاغان 554 - يىلىدىن باشلاپ جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلغان، 556 - يىلى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پائالىيىتىگە ئېتىۋارسىز قارىلىپ تارىخنامىلارغا خاتىرىلەنمىگەن، 563 - يىلغا كەلگەندە، ئۇنىڭ جۇ خانىدىغا ياردەملىشىپ چى خانىدىغا قارشى يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدىكى پائالىيەتلىرى قايتىدىن تارىخنامىلاردا خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ شەرقتىكى پائالىيىتى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان ۋاقىت، دەل ئۇنىڭ غەرپتە ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى كەسكىنلەشكەن ۋاقىتقا توغرى كېلىدۇ، بۇ ئەھۋال مۇقان (بىلگە) قاغاننىڭ 556 - يىلىدىكى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىشى، ئۇنىڭ غەربىي رايونغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ دەسلەپكى سىگنالى بولغانلىقىنى، 562 - يىلى ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، شەرققە قايتىش يۈرۈشىنى باشلىغانلىقىنى، ئىستە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



نى بولسا، غەرپ تەرەپنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ قالدۇرغانلىقىنى يىپتەرلىك دەرىجىدە
شەندۈرۈپ بېرىدۇ، چاۋاننېس نەقىل كەلتۈرگەن غەرپنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىرىدىن شۇنى
ەلەيمىزكى، ئىستەمى دەسلەپكى چاغلاردا يابغۇ دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ غەرپ تەرەپنىڭ
غانى بولۇشى ۋە بىر تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېفتالىتلارنى تىنجىتقانلىقى كېيىنكى
ن بولۇپ تۇرۇغلۇق، بۇلارنى قانداقمۇ ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىۋەتكىلى بولسۇن؟
بۇلاردىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقان (بىلگە) ئېفتالىتلار بىلەن ئۇرۇش بولغان
:ردە پۈتكۈل تۈرك دولىتىگە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان چوڭ قاغان بولۇپلا قالماي، بەلكى
،رپكە يۈرۈش قىلىشقىمۇ شەخسەن ئۆزى باشچىلىق قىلغان ئەڭ ئالىي قوماندان. شۇڭا
ئالىتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش تۆھپىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇشتا تېگىشلىك، ئىستە-
ىنىڭ دەسلەپتە ئالتاي تېغىنى ساقلاپ، غەرپتە ئاۋارىسلارغا تاقابىل تۇرغان بىر تەرەپ-
ـى كۈچلەرنىڭ يابغۇسى ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ ئېفتالىتلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشتا
ر تەرەپتىكى قوشۇنلارنىڭ سەركەردىسى بولغان ۋە چوڭ قاغان شەرقتىكى بارگاھىغا
يتقانىدىن كېيىنلا بىر تەرەپنى مەخسۇس باشقۇرۇپ، بارغانسېرى نام-ئاتىغى چىققان.
ۋروپادىن شەرقە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاياقلاش-
نىدىن كېيىن كەلگەچكە، ئۇلار ئىستەمى قامال قىلىۋالغان تېررىتورىيە دائىرىسىدە توختاپ
ىپ شەرقتىكى چوڭ قاغاننىڭ بارگاھىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئېفتالىتلارنى
ىنىش تۆھپىسىنى غەرپ قاغانىغا مەنسۇپ قىلىپ قويغان، ھەتتا ئۇلار ئىستەمىنىلا بىلىپ،
قان (بىلگە) قاغاننى بىلمىگەن. چاۋاننېس شۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمە خەۋىرىگە
نغان تۇرسا، ئۇنىڭ بەرگەن باھاسىنى قانداقمۇ ئۇزۇن يىللىق ئۇلۇغ تۆھپىگە باھا
ىشنىڭ ئاساسى قىلغىلى بولسۇن؟
ئېفتالىتلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوچو، كىنگىت، كۈسەن، سۇللاغ (قەشقەر)،
ۈن ۋە كانگىيە، پارتخىيە، تاشكەنت، شەھرى سەبىز قاتارلىق كوك ئارت (پامىر) نىڭ
قى ۋە جەنۇبىدىكى ھەر قايسى دولەتلەر ئۆزلىگىدىن تۈركلەرگە تەۋە بولغان.
يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان
قىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، تۈركلەر موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي رايونىدىكى
يلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قوشىۋالغان. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە گاۋلى (چاۋشيەن-
ڭ شىمالىي قىسمى) غىچە، غەرپتە غەربىي دېڭىز (ئارال دېڭىزى)، جەنۇپتا چوڭ
ۇققىچە بولغان بىپايان زېمىنلارغىچە كېڭىيىپ ئۇ جايلاردىكى قەلئەلىك بەگلىكلەرنىڭ
لقىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغان، ئۇلارنىڭ خورىگىنىڭ ئوسۇپ كەتكەنلىكىنى «ئوتتۇرا
لەڭلىكتىكى شىيا (خەنزۇ) لىقلار بىلەن كۈچ جەھەتتە تىركىشىپ قالىدى» [40] دېگەن
ئىچچام ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ.
(داۋامى بار)

# ئىزاھلار

① «ۋېي نامە» 103 ـ جىلد ، جۇجانلار تەزكىرىسى .

② بەيئۇ كۇجى : «جۇجانلار ھەققىدە مۇھاكىمە» .

③ «ۋېي نامە» 103 ـ جىلد، جۇجانلار تەزكىرىسى .

④ «سىما گۇاڭ : «شاھانىلىق يىلنامىسى» 129 ـ جىلد .

⑤ سۇيخۇڭ : «چۇنچيۇ دەۋرىدىكى 16 دۆلەت» 96 ـ جىلد، شىمالىي لياڭ خانلىقىدىكى قۇتقۇ ئەنجۇ ھەققىدە.

⑥ سۇڭتىيەن شۇنەن : «تۈركلەرنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى تارىخى توغرىسىدا 1 ـ قېتىملىق مۇلاھىزە» ، «قەدىمقى تىيانشاننىڭ تارىخ ـــ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات» قا قارالسۇن ، كوپەيتىپ تولۇقلانغان نەشرى ، 253 ـ بەت .

⑦ «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 98 ـ جىلد، ئىگىز قاڭقىللار تەزكىرىسى .

⑧ يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش .

⑨ بۇ يەردە ئېيتىلغان كىتاپلار چاۋاننىپىسىنىڭ «غەربىي تۈركلەر تارىخىغا ئائىت ماتىرىياللار» دىن ئېلىنغان ، 157 ـ بەتتىن 166 ـ بەتكىچە .

⑩ سىما گۇاڭ : «شاھانىلىق يىلنامىسى» 4 ـ توم، 148 ـ جىلد .

⑪ ئا . ۋون. گابائىن : «ئالتاي تۈرك گىرامماتىكىسى توغرىسىدا» 298 ـ بەت .

⑫ «جۇنامە» 50 ـ جىلد ، تۈركلەر تەزكىرىسى.

⑬ سۇيخۇڭ : «چۇنچيۇ دەۋرىدىكى 16 دۆلەت» 66 ـ جىلد ، شياخانلىقىدىكى قۇلانبوبو ھەققىدە .

⑭ «جۇنامە» 50 ـ جىلد، تۈركلەر تەزكىرىسى .

⑮ جاڭ شىڭلياڭ : «جۇڭگو بىلەن غەرپنىڭ قاتناش تارىخى ماتىرىياللىرى توپلىمى» 4 ـ قىسىم ، 285 ـ بەت .

⑯ «ۋېي نامە» 102 ـ جىلد، غەربىي رايوندىكى ياپبانلار ھەققىدە .

⑰ «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد، تۈركلەر تەزكىرىسى .

⑱ «سۈي نامە» 84 ـ جىلد .

⑲ ۋون. گابائىن : «ئالتاي تۈرك گىرامماتىكىسى توغرىسىدا» 342 ـ بەت .

⑳ سىما گۇاڭ :«شاھانىلىق يىلنامىسى» 149 ـ جىلد .

㉑ يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش .

㉒ سىك جۈگمېيەن : « تۈركشۈناسلىق تارىخى » 1 ـ قىسىم، 1 ـ بەت .

㉓ « شاھانىلىق يىلنامىسى » 158 ـ جىلد .

㉔ سىك جۈگمېيەن : « تۈركشۈناسلىق تارىخى » 2 ـ قىسىم، 500 ـ بەت .

㉕ « جۇنامە » 50 ـ جىلد ، تۈركلەر تەزكىرىسى .

㉖ « جۇنامە » 28 ـ جىلد، شىنىڭ تەرجىمىھالى .

㉗ بەيئۇكۇجى : « جۇجانلار ھەققىدە مۇھاكىمە » .

㉘ « سۈي نامە » 84 ـ جىلد .

㉙ سىماگۇاڭ : « شاھانىلىق يىلنامىسى » 165 ـ جىلد .

㉚ يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش .

㉛ « شىمالىي چى تارىخى » 17 ـ جىلد، خۇلۇيجىن تەرجىمىھالى.

㉜ سىماگۇاڭ : « شاھانىلىق يىلنامىسى » 165 ـ جىلد .

㉝ « شىمالىي خانلىقلار تارىخى » 94 ـ جىلد، كىدانلار تەزكىرىسى .

㉞ « كونا تاڭنامە » 199 ـ جىلد، كىدانلار تەزكىرىسى .

㉟ يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

㊱ « كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى » سىك جۈگمېيەننىڭ « تۈركشۈناسلىق تارىخى » 2 ـ قىسىم ، 16 ـ بەتكە قارالسۇن .

㊲ « كونا تاڭنامە » 199 ـ جىلد ، شىمالىي دې ( دىھار ) لار تەزكىرىسى .

㊳ چاۋاننېس : « غەربىي تۈركلەر تارىخىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار » 190 ـ بەت.

㊴ چاۋاننېسنىڭ : « غەربىي تۈركلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار » دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 176 ـ بەت.

㊵ « سۈي نامە » 84 ـ جىلد.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى .

تەھرىر ـ نەشر قىلغۇچى : « شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر. تەتقىقاتى »
تەھرىر بولۇمى
شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسى زىيالى ياشلار
باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەرەللىك ژورناللارنى
تىزىملاش نومىرى № 200
پوچتا ۋاكالەت نومىرى 58 — 81

---

باھاسى : 0.60 يۈەن